قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا



# پەيغەمبەرلەر تارىخى

ئوسمان نۇرى توپباش

1

ئەركام نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئىستانبۇل - 2017

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: Nebîler Silsilesi -1

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلئەزىز

تەھرىرى: مۇھەممەد سىدىق

:ISBN

بەتچىك: قادىر

Language : Uighur

ئەركام نەشرىياتى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى



Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
Başakşehir - İstanbul / TURKEY

Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)

Fax : +90 212 671 07 48

E-mail : info@islamicpublishing.net

Web site : www.islamicpublishing.net

قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا

# پەيغەمبەرلەر تارىخى
# 1

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

# مۇقەددىمە

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم سۈپەتلەر بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يارىتىلىشى جەھەتتىن ئالاھىدە بولغان سالىھ ئىنسانلارنى رەھبەر قىلىش ئارقىلىق ياردەم قىلغان. بۇنىڭغا ئۇخشاش سالىھ كىشىلەر ئىچىدە ۋەھيي كەلگەنلىرى پەيغەمبەرلەردۇر. ئىنسانلارغا ئۆرنەك شەخسىيەت بولغان بۇ ئەلچىلەرگە، ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپە بېرىلگەن.

1. ئاللاھنىڭ سۆزىنى تەبلىغ قىلىش،
2. نەپسلەرنى تازلاش،
3. كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگۈتۈش.

رەببىمىزنىڭ ئىنسانىيەتكە ئالاھىدە ياردىمى بولغان پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىشىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ھەزرىتى ئادەم بىلەن باشلانغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئىنسان ھەم تۇنجى پەيغەمبەردۇر.

بۇ مۇبارەك ھىدايەت يولى زەنجىرسىمان شەكىلدە يۈز يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق پەيغەمبەر كېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇكەممەللىشىپ كامالەتكە يەتكەن. قىيامەتكە قەدەر ئىنسانىيەتكە ھىدايەت رەھبىرى بولغان ۋە مۆجىزىلىرى بىلەن ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاجىز قالدۇرۇپ مۆمىنلەرنى ھەيران قالدۇرغان قۇرئان كەرىم، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھەدىيە بولغان.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق دۇنيا-ئاخىرەت سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. قۇرئان كەرىم بۇ مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۆتمۈشتە ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ غايىگە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەر، ئۆتمۈشتىكى قەۋملەر بېشىدىن كەچۈرگەن ئىبرەتلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تەشۋىق قىلىدىغان ھېكمەت ئەسىرىدۇر. بۇنىڭ بىلەن توغرا بولمىغان پۇزۇتسىيە ۋە ئۇلار ئالدىدىكى ئىلاھىي ئادالەتنىڭ تەجەللىسى ياكى توغرا ھەرىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن سائادەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇكاپاتلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقلاردىن

توسۇش ئۈچۈن ئىبرەت قىلىش بىلەن بىرگە، سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەرىكەتلەرگە تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىگە خىزمەت قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن ئىشارەت قىلغان ئەھمىيىتى شۇلاردىن ئىبارەتكى، بۇ قىسسىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈچتە بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ.

بۇ قىسسىلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىش ھەققىدە ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

"قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋال ۋە سۈپەتلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى چىن كۆڭلۈڭدىن ئوقۇپ، ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىساڭ، ئۆزەڭنى پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك پەرەز قىلىسەن! پەيغەمبەر قىسسىلىرىنى ئۇقۇغانسىرى بەدەن قەپىزى جان قۇشىغا تار كېلىشكە باشلايدۇ!"

"بىز بۇ بەدەن قەپىزىدىن پەقەت بۇ ۋاستە بىلەن قۇتۇلدۇق. ئۇ قەپەزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، بۇ يولدىن (تەۋھىد يولىدىن) باشقا چارە يوق!

"شامالنىڭ ئاد قەۋمىنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ سۇ ۋە تۇپان بالاسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟"

"ئۇ كىن دېڭىزنىڭ (قىزىل دېڭىزنىڭ) پىرئەۋنىنى قانداق ھالاك قىلغانلىقى، قارۇننىڭ يەرنىڭ ئاستىغا قانداق پاتقانلىقى، ئەبابىل قۇشلىرىنىڭ پىل قۇشۇنىنى قانداق مەغلۇپ قىلغانلىقى، خۇدالىق داۋاسى قىلغان نەمرۇتنىڭ بېشىنى كىچىك بىر پاشىنىڭ قانداق يېگەنلىكى، ھەزرىتى لۇتنىڭ ئەخلاقسىز قەۋمىنىڭ ئۈستىگە تاشنىڭ قانداق ياغقانلىقى، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ ۋە پاسكىنا سۇ كۆلىگە قانداق كۆمۈلگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟"

"دۇنيادىكى جانسىز دەپ گۇمان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئەقىللىق ئىنسانلارغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرگە ياردەم قىلغانلىقىنى تەپسىلى سۆزلەيدىغان بولسام، مەسنىۋىنىڭ ھەجمى شۇنداق چوڭىيىدۇكى قىرىق تۆگە ئۇنى توشۇشتىن ئاجىز قالىدۇ."

قىسسىلەردە تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ كۆڭۈللەردە ئورنىتىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تەبلىغلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنىدۇ.

قىسسەلەرنىڭ ھېكمىتىنى قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىش غايىسىگە مۇۋاپىق ھالەتتە مۇنداق خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ تەۋھىدنى تەبلىغ قىلغانلىقىنى بايان قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، قەلبنى ئويغۇتۇش ئارقىلىق سالىھ كىشىلەرگە ھەۋەسلەندۈرۈپ، پاسىقلاردىن ھەزەر قىلدۇرۇش؛ پەيغەمبەرلەر دۇچ كەلگەن جاپا-مۇشەققەتلەردىن ئىبرەت ئېلىش، قىيىنچىلىقلارغا سەبىر قىلىپ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش.

بۇ كىتاب ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئاجىزانە قولغا ئېلىنىپ، پەيغەمبەرلەر كالېندارىنىڭ تۇنجى يۇپۇرمىقىدىن ئاخىرقى يۇپۇرمىقىغا قەدەر قۇرئان كەرىمدە ئىسمى ئېيتىلغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىندى. بۇ يەردە:

پەرىشتىلەرنىڭ سەجدە قىلىشىغا بۇيرۇلغان **ئادەم** ئەلەيھىسسالام،

ساماۋى ھەيرانلىقنىڭ سىرلىرىنى توشىغان **ئىدرىس** ئەلەيھىسسالام،

يەر يۈزىنى تۇپانى بىلەن كۆپرىدىن تازىلىغان **نۇھ** ئەلەيھىسسالام،

ئىنكار يۇرتلىرىنى بۇران-چاپقۇن بىلەن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن **ھۇد** ئەلەيھىسسالام،

ئازغۇنلۇق ئۇۋۇلىرىنى قاتتىق تىترىتىپ، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىغان **سالىھ** ئەلەيھىسسالام،

نەمرۇتنىڭ ئوتىنى تەۋەككۇل، تەسلىمىيىتى بىلەن بوستانلىققا ئايلاندۇرغان **ئىبراھىم** ئەلەيھىسسالام،

ئىخلاس، ساداقەت، تەسلىمىيىتى بىلەن ئابىدىلەشكەن، قىيامەتكە قەدەر ھەج ئىبادىتىدە پۈتكۈل مۆمىنلەرگە قىسسىسى خاتىرلەنگەن **ئىسمائىل** ئەلەيھىسسالام،

ئەۋلادىدىن بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرى كەلگەن **ئىسھاق** ئەلەيھىسسالام،

ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقى تۈپەيلىدىن يەرنىڭ ئاستىغا پاتقان "سەدۇم-گومورە"نىڭ قايغۇلۇق پەيغەمبىرى **لۇت** ئەلەيھىسسالام،

تەۋھىد بايرىقىنى شەرقتىن غەرىپقىچە لەپىلدەتكەن **زۇلقەرنەين** ئەلەيھىسسالام،

مۇھەببەت، ھەسرەت بىلەن پۇچۇلانغان ۋە سەبىردە ئابىدىلەشكەن **ياقۇپ** ئەلەيھىسسالام،

بىر مۇددەت قۇللۇق، كېيىن يالغۇزلۇق، غېرىپلىق، جاپا ـ مۇشەققەت، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مىسىر ۋە كۆڭۈللەرگە سۇلتان بولۇپ، نۇرى بىلەن ئاينىڭ نۇرىنىمۇ خىرەلەشتۈرگەن **يۇسۇف** ئەلەيھىسسالام،

كۆڭۈلنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇتقى بىلەن "خاتىبۇل ـ ئەنبىيا" دەپ ئاتالغان **شۇئەيب** ئەلەيھىسسالام،

زالىم پىرئەۋنىنى قىزىل دېڭىز ساھىلىدا ھالاك قىلغان مۆجىزىلىك ھاسىغا ئىگە **مۇسا** ئەلەيھىسسالام،

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ياردەمچىسى بولغان سالىھ ئىنىسى **ھارۇن** ئەلەيھىسسالام،

زىكرى بىلەن تاغۇ ـ تاش، ۋەھشى ھايۋانلارنى مەست قىلغان **داۋۇت** ئەلەيھىسسالام،

پادىشاھلىق سەلتەنىتىنى كۆڭلىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ يۈرگەن **سۇلەيمان** ئەلەيھىسسالام،

يۈز يىللىق بىر ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ، قىيامەتتىكى يېڭىدىن تېرىلىشقا مىسال بولغان **ئۇزەير** ئەلەيھىسسالام،

چوڭقۇر تەپەككۇرى بىلەن سەبىرنىڭ بىلەي تېشى بولغان **ئەييۇب** ئەلەيھىسسالام،

قاتتىق ھاياجاندا ئىستىغپار ئېيتىپ، دۇئا ۋە زىكرىنىڭ لەززىتىدە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىققان **يۇنۇس** ئەلەيھىسسالام،

كەينىدىن "ئىلياسقا سالام بولسۇن!" خىتابى بىلەن ئىلاھىي ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن **ئىلياس** ئەلەيھىسسالام،

ئالەملەرگە ئۈستۈن قىلىنغان **ئەليەسە** ئەلەيھىسسالام،

ئىلاھىي رەھمەتكە غەرق قىلىنغان سالىھ پەيغەمبەر **زۇلكىپىل** ئەلەيھىسسالام،

ھېكمەت، نەسىھەتلىرى بىلەن تىللارغا داستان بولغان زاھىرى ۋە باتىنى ھېكمەلەرنىڭ پىرى **لوقمان ھېكىم** ئەلەيھىسسالام،

ياغاچ ھەرىسى بىلەن ئىككىگە پارچىلانغان ئەھۋالدىمۇ "ئاھ" دېمەي، تەۋەككۇل، تەسلىمىيىتىنى مۇھاپىزەت قىلغان مەزلۇم پەيغەمبەر **زەكەرىييا** ئەلەيھىسسالام،

دادىسىغا ئوخشاش ئۆلۈمنى شېھىدلىك بىلەن قارشى ئالغان **يەھيا** ئەلەيھىسسالام،

پارۇق سۈپىتى نەپسى تەزكىيەسى (تازىلاش) بولغان دۇئا ۋە يالۋۇرۇشى بىلەن كېسەللەرنى ساقايتىپ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن ساماۋى **ئىسا** ئەلەيھىسسالام.

خۇلاسە قىلساق، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر، دەۋرىمىز ئىنسانلىرىنىڭ روھى چۈشكۈنلىكىنى داۋالاپ، نۇرلاندۇرۇشقا مادار بولالىغىدەك ھېكمەت ئۇچقۇنلىرىنى نەقىل قىلىشقا غەيرەت قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كەينى-كەينىدىن زەنجىرسىمان ھالەتتە بىرەر مۇبەششىرلەر (خوشخەۋەرچىلەر) ئۆمكى بولغان ھالەتتە بىر ھىدايەت ئۇچقۇنىنىڭ ئېقىشى بىلەن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر زەنجىرىنىڭ كاماليەت نوقتىسى، يارىتىلىش سىررى، مەۋجۇدىيەت نۇرى **مۇھەممەد مۇستاپا** سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېلىشىگە زېمىن تەييارلاش بىلەن مەسئۇل بولغانلىقىنى كۈچ-قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە تەقدىم قىلىشقا تىرىشتۇق.

"پەيغەمبەرلەر تارىخى" ناملىق بۇ كىتابىمىز كۆپچىلىكنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن كېڭەيتىلىپ، دەلىل-ئىسپاتلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتە ھەسسە قوشقان ئاكادېمىك قېرىنداشلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىپ، بۇ خىزمەتلىرىنىڭ سەدىقە جارىيە بولۇشىنى رەببىمدىن تىلەيمەن.

سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن كىتابتا ھەر تۈرلۈك خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ، رەببىمنىڭ چەكسىز مەرھەمىتىگە سېغىنىمەن.

**تەۋپىق يېگانە ئاللاھتىندۇر.**

**ئوسمان نۇرى توپباش**

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە/5

كىرىش سۆز/14

قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى.............................. 14
قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ غايىسى................................ 15
قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى .......................... 18
تەكرارلارنىڭ ھېكمىتى ..................................... 19
قۇرئاندا پەيغەمبەرلەر ۋە قىسسىلىرى ......................... 23
قۇرئاننىڭ مۇقەددەسلىگى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ......... 27

ئادەم ئەلەيھىسسالام/43

يارىتىلىشىمىزنىڭ سەۋەب ۋە ھېكمەتلىرى ....................... 49
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى .......................... 54
پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھتىن سوئال سورىشىنىڭ ھېكمىتى ............... 55
روھنىڭ بېرىلىشى .......................................... 64
روھنىڭ بەش باسقۇچى ...................................... 66
پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى ............... 76
ھەزرىتى ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ يارىتىلىشى ........................ 88
جەننەت ھاياتى ............................................ 92
جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلىشى ........................... 93
ئىنسان روھى ھالىتىنىڭ ئاجىز نوقتىلىرى........................ 98
ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى........ 117
يەر يۈزىدىكى تۇنجى جىنايەت .............................. 118
ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەر............ 123
تەۋبە ۋە ئىستىغپار ....................................... 126

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالام/141

قەلب ۋە سىرلىرى ........................................ 143
1. تامغۇلانغان ۋە قۇلۇپلانغان قەلبلەر.............................. 146
2. كېسەل قەلبلەر ................................ 149
3. غاپىل قەلبلەر ................................ 152
4. زاكىر قەلبلەر ................................ 162
5. تىرىك قەلبلەر................................ 168

## نۇھ ئەلەيھىسسالام/173

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئەھۋالى ................................ 174
ئۇزۇن يىللىق تەبلىغ ................................ 178
بەدبەخت قەۋمىنىڭ ئازاپ تەلەپ قىلىشى................................ 184
تۇپان بالاسى ................................ 189
سۇنىڭ تارتىلىشى ................................ 192
ئاشۇرا كۈنى ................................ 196
نۇھ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەپلىرى ................................ 199
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى................................ 200
سەبىر ................................ 202

## ھۇد ئەلەيھىسسالام/213

ئاد قەۋمى ................................ 213
ئىبرەتلىك ئىلاھى ئاگاھلاندۇرۇش ................................ 218
ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتكەن بۇران ـ چاپقۇن ................................ 220
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ................................ 224

## سالىھ ئەلەيھىسسالام/229

سەمۇد قەۋمى ................................ 229
تەبلىغ قىلىشقا باشلىشى................................ 230
تۆگە مۆجىزىسى ................................ 235

تۇزكورلۇق........................................237
ئازغۇن قەۋمنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋاز ۋە يەر تەۋرەش بىلەن ھالاك بولۇشى...240
سەمۇد قەۋمنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەپلىرى........................244
قەۋملەرنىڭ ھالاكى........................................246

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام/261

نەمرۇت........................................262
رەببىم ئاللاھتۇر........................................264
تەۋھىدكە دەۋەت........................................266
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى چېقىشى........................268
ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى........................271
ئوتنىڭ گۈلىستانلىققا ئايلىنىشى........................275
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى........................276
نەمرۇت ۋە كەلدانى قەبىلىسىنىڭ ھالاكىتى........................280
قۇشلارنىڭ تىرىلىشى........................281
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجەر ئانىمىز بىلەن ئۆيلىنىشى........285
قۇربان ئىمتىھانى........................288
ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى........................297
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئىسمائىلنى زىيارەت قىلىشى........301
كەبىنىڭ بىنا قىلىنىشى........................303
ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ھەججى ۋە ھەجگە چاقىرىش .307
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ۋە يالۋۇرۇشى........................308
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرى........................310

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام/315

مۆجىزىلىرى........................................316

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالام/319

ھەرخىل رىۋايەتلەردە دېيىلگەن مۆجىزىلىرى........................320
تەۋەككۇل، تەسلىمىيەت ۋە ھەج........................321

## لۈت ئەلەيھىسسالام/331

سەدوم خەلقى.................................................331
قورقۇنچلۇق ئاۋاز .........................................333
لۈت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ۋە ئەۋلاتلىرى .............................338
لۈت قەۋمىدىكى ناچار ئىللەتلەر ۋە ھالاك بولۇش سەۋەپلىرى..............339
پومپەئى خەلقىنىڭ ھالاك بولۇشى .................................341
گۈزەل ئەخلاقى ۋە نەسلىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى .......................344
نەسلىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ...................................346

# كىرىش سۆز

بىز ئاجىز بەندىلىرىنى ئىمانىنىڭ لەززىتى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.

ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان كائىناتنىڭ تەربىيەچىسىگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن!

**قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى**

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىدىن بىزگە نەقىل قىلغان ھېكمەت، ئىبرەت، تەبلىغ ھەقىقەتلىرىنى ئىنسان ئىدراكى ئۇچۇن چۈشىنىلىشى ئاسان ۋە قىسسە شەكلىدە تەقدىم قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ أَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ هَذَا
الْقُرْآنَ وَإِن كُنتَ مِن قَبْلِهِ لَمِنَ الْغَافِلِينَ

**"بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ"** (يۇسۇف سۈرىسى، 3-ئايەت)

تِلْكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهَا إِلَيْكَ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَا أَنتَ
وَلاَ قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَذَا فَاصْبِرْ إِنَّ الْعَاقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ

**"(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەبىر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر."** (ھۇد سۈرىسى، 49-ئايەت)

وَكُلاًّ نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنبَاء الرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِ فُؤَادَكَ
وَجَاءكَ فِي هَذِهِ الْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ وَذِكْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ

**"كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان."** (ھۇد سۈرىسى، 120 - ئايەت)

**قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ غايىسى**

قۇرئان قىسسىلىرى، بەزى دىنىي غايىلەرنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ھېكمىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ غايىلەر كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ مەخسىتى پۈتۈن قۇرئان غايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دائىرىدە ۋەھيى ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىسپاتى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ ئىسپاتى، دىنلارنىڭ ئاساسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى، ئاگاھلاندۇرۇش، خوشخەۋەر، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ مەيدانغا چىققان يەرلىرى، ياخشىلىق، يامانلىق، سەبىرسىزلىق، شۈكۈر، نانكورلۇق ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەخلاقى غايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرلىكتە بۇلارنىڭ ئىپادە ۋاستىسى بولىدۇ.

قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ مۇھىم غايىسىنى مۇنداق خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

**1. ۋەھيى ۋە رىسالەتنىڭ ئىسپاتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممى ئىدى. ئوقۇش، يېزىشنى بىلمەيتتى. ئۇ يەھۇدى ۋە خرىستىئان دىنىي زاتلىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا قۇرئاندا خرىستىئان ۋە يەھۇدىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان قىسسىلەر نازىل بولغان. ئىبراھىم، يۇسۇف، مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالام قىسسىلىرىدا ئېيتىلغاندەك، بەزى تېمىلار ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ قۇرئاندىكى بايانى ئۇنىڭ ئىلاھىي ۋەھيى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان بەزى قىسسىلىرىنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا بۇ مەخسەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ وَلَكِنَّا أَنشَأْنَا قُرُونًا فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ الْعُمُرُ وَمَا كُنتَ ثَاوِيًا فِي أَهْلِ مَدْيَنَ تَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِنَا وَلَكِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ * وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ الطُّورِ إِذْ نَادَيْنَا وَلَكِن رَّحْمَةً مِّن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّا أَتَاهُم مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ

**"(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربى تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ [44]. لېكىن بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى، سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچى بولغىنىڭ يوق، لېكىن بىز (سېنى ئۇلاردىن باشقا بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق [45]. بىز تۇر تېغىنىڭ بىر تەرىپىدە (مۇساغا) سۆز قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، لېكىن بۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان رەھمەتتۇر."** (قەسەس سۈرىسى 44 - 46)

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەدەر دىنىنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكى، پۈتكۈل مۆمىنلەرنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ھەممىسىنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، تاللانغان بەندىلىرىگە ئېھسان ۋە نېمەتلىرىنى بايان قىلىش.

**2. ئىنسان ئوغلىنى ئەزەلىي دۈشمىنى بولغان شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرۇش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي الأَرْضِ حَلاَلاً طَيِّباً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ إِنَّمَا يَأْمُرُكُمْ بِالسُّوءِ وَالْفَحْشَاء وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ

**"ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر [168]. شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن، يالغاندىن (ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ ۋە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ."** (بەقەرە سۈرىسى 168 - 169)

**3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە پۈتكۈل مۆمىنلەرگە تەسەللى بېرىپ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىش، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم قىلىپ يالغانچىلارنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش.**

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىمانغا دەۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ روھىغا تەسىر قىلىش غايىسى بار.

### 4. ئىنسانىنىڭ تەدرىجى يېتىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش

قىسسىلەرنىڭ كۆپلىگەن غايىلىرى بار. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ چەكسىز ۋە تەڭداشسىز مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشمۇ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرى. مەسىلەن، ھەزرىتى ئادەمنىڭ يوقتىن يارىتىلىشى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز دۇنياغا كەلتۈرۈلىشىگە ئوخشاش.

ئاللاھ تائالا قۇرئان قىسسىلىرى ئارقىلىق ئىنسان ئوغلىغا مەخپى ۋە ئاشكارا تەلىم بېرىدۇ. لېكىن ھەر پەيغەمبەردە ئوخشىمىغان بىر ئالاھىدىلىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى ئىنسان ئەقلى ۋە ئىدراكىغا ئۇرۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ شۇنداقكى:

پەيغەمبەرلەر ئىچىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئاۋۋال ئىمان دەۋىتى، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش، سەبىر ۋە نەتىجىدە ئىمانسىزلارغا قارىتا ھەددىدىن ئارتۇق نەپرەت كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى شېرىككە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە بۇتپەرەسلىكنى يوقۇتۇش يولىدا ئۆتكەن. بولۇپمۇ نەمرۇتنىڭ ئوتىنى گۈل باغچىسىغا ئايلاندۇرغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش جەھەتتە خۇسۇسى ئۈلگە بولغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى زالىم پىرئەۋن ۋە ياردەمچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، كېيىن يولغا قويغان قانۇن بىلەن مۆمىنلەر ئۈچۈن ئىجتىمائى بىر نىزام مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغى ئىنسانلارغا قارىتا شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن تولغان نازۇك قەلبتۇر. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا ئىنسانلارغا قارىتا ئەپۇچانلىقى ۋە يۇمشاق كۆڭۈللىكىگە ئوخشاش ئالاھىدىلىگى دىققەت تارتىدۇ.

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام تىللارغا داستان بولغان كۆز قاماشتۇرغۇچى سەلتەنەتكە ئىگە بولسىمۇ كەمتەرلىكى ۋە شۈكران تۇيغۇسى بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئۈستۈن دەرىجىگە يەتكەن.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بالا-قازاغا سەبرى قىلىش ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىلەن مەشھۇر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، ئاللاھقا تايىنىش ۋە خاتالىقىدىن پۇشايمان قىلىپ تەۋبىگە ئېسىلىشنىڭ كامىل مىسالىدۇر.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاسارەت ئاستىدا تۇرۇپمۇ ئاللاھقا بولغان ساداقىتى ئاجىزلىماي، كۈچلۈك دەۋەت قىلغان. ئۇ، مال-مۈلۈك ۋە گۈزەل بىر ئايالنىڭ "ماڭا يېقىنلاش" دېگەن نەپسىنى جەلپ قىلغۇچى تەكلىپىگە قارشى ئىپپەت ئابىدىسى بولغان. ئۇنىڭ تەقۋا بىلەن زىننەتلەنگەن كۆڭلى، ئۇنىڭ كامالىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، ئىلاھىي قۇدرەت ئالدىدا ئىبرەت سەھىپىلىرى بىلەن تولغان. ئۇنىڭ ئاللاھ قورقۇسىدا كۆز يېشى تۆكۈپ ھەمدۇ-سانا ئېيتىشى، زىكىر ھالىتىدە ئاللاھقا يۈلىنىشى ناھايىتى تەسىرلىكتۇر.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىنساننىڭ كۆزىدە دۇنيا قاراڭغۇلاشقان بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، سەبرى بىلەن ئاللاھقا يۈلىنىش ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكتە ئۆرنەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بولسا ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈستۈن ۋە مۇكەممەللىكتە ئەڭ يۇقىرى نوقتىغا چىققىنىكى، تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

**قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى**

قۇرئان كەرىم ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، زامان، ماكان ئامىللىرى ۋە ئىسىملىرىغا ئومۇمى جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ۋەقەلەرنىڭ ئىبرەت غايىسىگە خىزمەت قىلمايدىغان تەپسىلاتلارغا كىرىش، مەسىلىنى تالاش-تارتىشقا ئېلىپ كېلىپ، قىسسىدىن چىقىدىغان ئاساسى مەخسەتتىن چەتنەپ، چۈشىنىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

قۇرئان قىسسىلىرىدا كۆزگە چېلىقىدىغان باشقا بىر ئالاھىدىلىك مۇنداق:

قۇرئان قىسسىنى قايسى سەۋەب بىلەن نەقىل قىلغان بولسا پەقەت ئۇ مەخسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمىنىلا تىلغا ئالىدۇ. ئۇ قىسسىنىڭ دىنى غايىسنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ۋەقەلەرنىڭ تارىخى يىلنامىسىنى نەزەردە تۇتماي، بىشى، ئوتتۇرسى ياكى ئاخىرىدا بايان قىلىدۇ. تىڭشىغۇچىنى قىسسىدىكى ۋەقەلەرگە كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۆڭۈلنى ياشارتىدىغان دىنىي ھاياجان بېرىدۇ.

قۇرئان قىسسىلىرى ئومۇمەن ئىنسانلارنى پاناھلىنىدىغان بىر يەرگە ئېلىپ بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى ۋەقەلەر مەنىسىز سۆزلەر بىلەن

ئىپادىلەنمەي، جانلىق ھەرىكەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئىپادىلەردە ئىنسان ھەقىقەتنى تەمسىل قىلغان ئەھمىيەتلىك سەھنىلەر ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ. ۋەقەلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان تەپسىلاتلار خىيال كۆچىگە قويۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ ھەقىقەتلەر، قۇرئان كەرىمدە تەكرار-تەكرار بايان قىلىنىدۇ.

**تەكرارلارنىڭ ھېكمىتى**

قۇرئاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى تەكرارلاردۇر. تەكرار قۇرئان كەرىمدە باشقا تېمىلارغا قارىغاندا قىسسىلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر سۈرىدە بىر قىسسە زىكىر قىلىنىش بىلەن بىرگە بىر قىسسە ئەينى سۈرىدە تەكرارلانمايدۇ. بۇ ئەسلىدە پۈتۈنلەي بىر تەكرار شەكلى ئەمەس. سۈرىنىڭ ئومۇمى ئېقىشى ئىچىدە سىياق[1] ۋە سىباق[2] مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر قېتىمدا ئوخشىمىغان تەپسىلاتلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇسلۇپ ئابىدىسىدۇر.

ئوخشاش بولمىغان تەپسىلاتلار، ھەرخىل ئىبرەتلەرگە سەۋەب بولۇپ، كۆڭۈلدىن غەيىب ئالەمگە قارىتا مىڭلىغان ئىشىك ئاچىدۇ. مەسىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىبلىسنىڭ سەجدە قىلماسلىقى، تەكرارلانغان ھالدا يەتتە قېتىم بايان قىلىنىپ، ھەر بىرىدە ئىبلىسنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىدىن بىرىگە دىققەت تارتىلىدۇ.

بۇ تەكرارلارنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىشتا قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَكَذَلِكَ أَنزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا وَصَرَّفْنَا فِيهِ مِنَ الْوَعِيدِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ أَوْ يُحْدِثُ لَهُمْ ذِكْرًا

**"ئۇلارنىڭ تەقۋادار بولۇشى ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى ۋەز - نەسىھەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ساڭا ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق."** (تاھا، 113)

وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنفَعُ الْمُؤْمِنِينَ

**"ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، ۋەز - نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق"** (زارىيات سۈرىسى، 55)

تەكرارلار مەخسەتنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن تەبلىغ قىلىنىشىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىلەر ئەھمىيەتسىز يەرلەردە تەكرارلانمايدۇ. مەسىلەن، مۇسا

1. سىياق: سۆزنىڭ باشلىنىشى
2. سىباق: سۆزنىڭ ئاخىرلىششى

ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىشى، ياشلىقى ۋە نىكاھلىنىشى تەكرارلانمايدۇ. پەقەت پىرئەۋىن بىلەن ئۇچرىشىشى، سېھىرگەرلەر بىلەن مۇسابىقىغە چۈشىشى ۋە ئازغۇن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش رىسالەتنىڭ مەخسىتى جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئالاھىدىلىكلەر تۆت يەردە تەكرارلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بىر شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ ئوخشىمىغان يەرلەردە زىكىر قىلىنغان قىسىملىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرگەندە مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈك كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قىسسلار ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە زىتلىق بولماي بىر تېمىدەك بىر پۈتۈنلۈك مەيدانغا كېلىدۇ. قىسسلەردىكى تەكرارلارنىڭ كۆپىنچىسى مەنىدىكى تەكرارلاردۇر. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم مەخستى ئىلاھىي غايىسىنىڭ روھانى كۆڭۈللەرگە ئۇيغۇن شەكىلدە زىكىر قىلىنىشىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان بىر مەسىلە ھەرخىل شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەر بىلەن تەكرارلانغاندا، تېخىمۇ ياخشى ھەزىم قىلىدۇ. بۇ خىل تەكرارلىنىش ئىنسان پىسخولوگىيىسىگە لايىق ئىلاھىي تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى بولۇپ، كىتابۇللاھتىمۇ ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

قۇرئاندىكى تەكرارلار ئوخشاش مەنىنى ئوخشىمىغان ئىپادە ۋە تۈرلۈك ئۇسلۇپلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىلاھىي مۆجىزىلەردىن بىرىدۇر.

مەنىنىڭ تەكرارلىنىشى بەزىدە تەپسىلات بەزىدە خۇلاسە. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىم ئوخشىمىغان سەۋىيە ۋە ئىدىيەدىكىلەرگە خىتاپ قىلىدۇ. چۈنكى بەزى ئىنسانلارغا خۇلاسە كۇپايە قىلسا، بەزىلىرىگە تەپسىلات كېرەك. چۈنكى قۇرئان كەرىم جاھىلدىن ئالىمغا قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەبىقىسىگە خىتاپ قىلىدۇ. بۇ شەكىلدە ھەر سەۋىيە، ھەر تەبىقە، ھەر سىنىپ، قابىلىيىتىگە قاراپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى كەلىمە، جۈملىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى تەكىتلەش غايىسى بىلەن بىرلىكتە ھەيرانلىق، قورقۇتۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەسۋىرى جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش بالاغەت جەھەتتىكى ئىنچىكىلىكلەردىن بىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، قارىئە سۈرىسىدە "اَلْقَارِعَةُ" لەبزىنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشى، قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسىنى ئىنسانلارغا چوڭقۇر ھېسسەتتۈرۈش ھېكمىتىگە ئىگە.

باشقا بىر يەردە رەھمان سۈرىسىدە ئىنسان ۋە جىنلار ئۈچۈن يارىتىلغان نېمەتلەرنىڭ سانالغان جۈملىلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، 30 قېتىم تەكرارلانغان:

فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ

**"(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟"** (رەھمان) دېگەن ئىپادىسى ئىنسانلارغا غەپلەت پەردىسىنى ئاچتۇرۇپ، ئىلاھىي نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، شۈكۈر تۇيغۇسىنى خاتىرلىتىدۇ. لېكىن رەھمان سۈرىسىدىكى 31 قېتىم كەلگەن بۇ تەكرارلىنىشنىڭ ئىنسانىنى زېرىكتۈرمەي، لەززەت بەرگەن ھالەتتە ئوقۇلىشى، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەڭداشسىز ئالاھىدىلىگىدۇر.

يەنە مۇرسەلات سۈرىسىدە ئون قېتىم تەكرارلانغان:

وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ

**بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!** (مۇرسەلات) ئايىتىمۇ، بىر قانچىلىغان ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇلغان ئايەتلەردىن كېيىن كېلىپ، بۇلارغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان مەنانى كۆزدە تۇتۇپ:

"ھۆكۈم كۈننى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى، تۈگىمەس ئىلاھىي نېمەتلىرىنى، ئازاپ يېرى بولغان جەھەننەم ۋە مۇكاپات يېرى بولغان جەننەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!" دەپ ئىزاھلايدۇ.

قۇرئان كەرىم ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىدىغان ھىدايەت رەھبىرى، بىر دۇئا ۋە بىر زىكىر كىتابىدۇر. دۇئا، زىكىرنىڭ ھەقىقتى، تەسىرى تەكرار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەكرار-تەكرار تىلاۋەت قىلىنىشى، تەسبىھلەرنىڭ 33، 99، 111 قاتارلىق ئوخشىمىغان سانلار بىلەن ئېيتىلىشى، رۇكۇ ۋە سەجدىدىكى تەسبىھلەر كۆڭۈلگە مۇستەھكەم نەقىشلىنىدۇ. بۇ خىل ئىبادەتلەر بەندىنىڭ رەببى بىلەن رابىتاسىنى (قەلبتىن باغلىنىشىنى) كۈچلەندۈرگىنىدەك، دۇرۇتلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان رابىتا (مۇناسىۋەت، باغلىنىشى)نى چىڭىتىدۇ. زىكىر قانچىلىك كۆپ تەكرارلانسا ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن قەلىپ ئۇ زىكىرنىڭ ھەقىقتىگە يۆلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

بىر كۈنى جۈنەيدى بەغدادىغا بىرسى كېلىپ:

- ئۇستازىم، "لائىلاھە ئىللەللاھ"نىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىغان. ئۇ زات شۇ جاۋابنى بەرگەن:

- ئەۋلادىم! بۇ سۆزنى كۆپ تەكرارلىغىنكى، مەنىسگە يېتىسەن.

تىلغا مۇۋاپىق قىلىنغان قۇرئان تىلاۋىتى ۋە تەكرارلانغان قۇرئان سۈرىلىرىنىڭمۇ قەلبكە تەسىرى بار.

ھەشىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"كىمكى ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم:

أَعُوذُ بِاللّٰهِ السَّمِيعِ الْعَلِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ

دېگەندىن كېيىن ھەشىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ئايەتنى ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاخشامغا قەدەر مەغپىرەت تىلەيدىغان يەتمىش مىڭ پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ كۈن ئۆلسە شەھىد ھالەتتە ئۆلىدۇ. ئاخشام ئوقىسىمۇ يەنە شۇنداق بولىدۇ." (تىرمىزى، "پەزائىلۇل قۇرئان"، 22)

ۋاقىئە سۈرىسىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلىشى، بەزى ئايەتلەرنىڭ تىلاۋەت قىلىنىشى بىلەن كىسەللەرنىڭ شىپا تېپىشى ۋە بۇلارغا ئوخشاش كۆپلىگەن تەجەللىلەر، قۇرئاندا مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەلىمە، مەنە جەھەتتىن ئىلاھىي بولغانلىقىدىن ئوقۇلغان ئايەتنىڭ تەكرارى ياكى ئىچىدىكىلەرنىڭ ئەينى ياكى خىلمۇ-خىل كەلىمىلەر بىلەن تەكرارلىنىشىدا مەنىۋى ھۇزۇرنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە بۇنىڭ ئىنسانىنىڭ مەنىۋىيىتى ھەتتا ماددى تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي ئىرادە ئەتراپىدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ تەجەللىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبى قۇرئانغا لايىق بولۇشى كېرەك. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر بەدەۋى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن شۇ ۋەقە، قەلبىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى ئەكىس ئەتتۈرىدۇ:

"بىر كۈنى يوقسۇل بىر بەدەۋى ھەزرىتى ئەلىدىن سەدىقە سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدا سەدىقە قىلغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغانلىقىدىن يەردىن بىر سىقىم قۇم ئېلىپ، بىر نەرسە ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنى بەدەۋىنىڭ چاڭگىلىغا ئالتۇن ھالىتىدە تۆكتى. بۇنىڭدىن بەدەۋى ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، چاڭگىلىدىكى قۇمغا نېمە ئوقۇغانلىقىنى سورىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىغىر-بېسىقلىق بىلەن ئوقۇغان ئايەتنىڭ "فاتىھە سۈرىسى" ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن خۇرسەن بولغان بەدەۋى يەردىن بىر سىقىم قۇم ئېلىپ، فاتىھەنى ئوقۇپ قۇمغا پۈدىدى. لېكىن قۇمدا ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەدەۋى ھەزرىتى ئەلىدىن بۇنىڭ ھېكمىتىنى سورىدى. ھەزرىتى ئەلى بۇنىڭ ھېكمىتىنى: **"قەلب پەرقىدۇر"** دەپ جاۋاب بەردى."

قۇرئان كەرىمنى غەپلەت ياكى ئىمكانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇيالمىغانلار قىسقا بىر سۈرىنى ئوڭايلىق بىلەن ئوقۇيالايدۇ. ئاللاھ تائالا كالامىنىڭ يول-يورۇقلىرىنى بەزىدە قىسمەن، بەزىدە ئومۇمەن ئىلاھىي پاساھەت بىلەن مەخپى ھالەتتە قىسقا سۈرىلەرگە توپلىغان ۋە ھەر بىرىنى بىر كىچىك قۇرئان ھۆكمىدە قىلغان. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئى مۇنداق دەيدۇ:

قۇرئان كەرىمنىڭ ئورنىغا پەقەت "ئەسر سۈرىسى" نازىل بولغان بولسا بۇ كۇپايە قىلاتتى. ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ پۈتكۈل ئاساسلىرىنى تېپىش مۇمكىن.

### قۇرئاندا پەيغەمبەرلەر ۋە قىسسىلىرى

قۇرئان قىسسىلىرىدا، پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ ھەر جەھەتتىن ئالاھىدە شەخسىيەتلىرى بولۇپ تەقدىم قىلىنىدۇ. بۇلار شەخسىي تىرىشچانلىق بىلەن ئەمەس، ئىلاھىي تەيىن بىلەن تاللىنىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

وَاجْتَبَيْنَاهُمْ وَهَدَيْنَاهُمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

**"...ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق."** (ئەنئام سۈرىسى، 87)

اللَّهُ يَصْطَفِي مِنَ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا وَمِنَ النَّاسِ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ

**"ئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر."** (ھەج سۈرىسى، 75)

قۇرئاندا ھەر پەيغەمبەرنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان پەزىلەتلىرى ئايەتلەر بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردىن بىر قانچىسى:

وَاتَّخَذَ اللّهُ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلاً

**"ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى"** (نىسا، 125)

إِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِرًا نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ وَاذْكُرْ عِبَادَنَا إِبْرَاهِيمَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ أُوْلِي الْأَيْدِي وَالْأَبْصَارِ إِنَّا أَخْلَصْنَاهُم بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى الدَّارِ وَإِنَّهُمْ عِندَنَا لَمِنَ الْمُصْطَفَيْنَ الْأَخْيَارِ وَاذْكُرْ إِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَذَا الْكِفْلِ وَكُلٌّ مِّنْ الْأَخْيَارِ

"بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەبىرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (ئاللاھقا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر [44]. ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبنى ئەسلىگىن [45]. ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشلەر قىلدۇق [46]. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئاللاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر [47]. ئىسمائىلنى، ئىلىيەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر." (ساد، 44-48)

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ مُوسَى إِنَّهُ كَانَ مُخْلَصًا وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا وَنَادَيْنَاهُ مِن جَانِبِ الطُّورِ الْأَيْمَنِ وَقَرَّبْنَاهُ نَجِيًّا وَوَهَبْنَا لَهُ مِن رَّحْمَتِنَا أَخَاهُ هَارُونَ نَبِيًّا وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِدْرِيسَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا وَرَفَعْنَاهُ مَكَانًا عَلِيًّا

"كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) مۇسا (قىسسىسى)نى بايان قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاللاھ ئىبادىتىگە خاس قىلغان ھەم رەسۇل (يەنى ئەلچى)، ھەم پەيغەمبەر ئىدى [51]. ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات ئۈچۈن (دەرگاھىمىزغا) يېقىنلاشتۇردۇق [52]. ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق [53]. (ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى [54]. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى [55]. كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىدرىس (قىسسىسى)نى بايان قىلغىن،

**ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى [56]. ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق.»** (مەريەم سۈرىسى، 51 - 57)

ئاللاھ تائالانىڭ "ھەبىبىم" دەپ ئاتىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆزىگە جەملىگەن. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ

**"(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق"** (ئەنبىيا سۈرىسى، 107)

پەيغەمبەرلەردىكى بۇ تاللىنىش، ئۆزىگە ئامانەت بېرىلگەن بۈيۈك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭمۇ ئاجىز ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىگە بىر ئۇلۇھىيەت نىسبەت بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

فَلَنَسْأَلَنَّ الَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْأَلَنَّ الْمُرْسَلِينَ

**"بىز ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلچىلەر (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز"** (ئەئراف سۈرىسى، 6)

ئايەتتە دېيىلگەندەك، پەيغەمبەرلەر ئىلاھىي كاپالەت ئاستىدا بولسىمۇ، ئۇلاردىنمۇ تەبلىغدىكى دەرىجىسىگە قاراپ سوئال قىلىنىدۇ. بىر رىۋايەتتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلىكىنىڭ ھېسابىنى بېرىش تۈپەيلىدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا جەننەتكە كېيىن كىرىدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھەر قانداق بىر كىشى ئۈچۈن كاپالەت يوق. بەندە ئۈچۈن مەنىۋى ئەھۋالدا ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغانلارغا قاراپ كۆڭۈل دۇنياسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ماددى ھالەتتە ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئېلىپ، شۈكران تۇيغۇسىدا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا غەيرەت كۆرسىتىشى كېرەك.

ھەدىس شەرىپتە:

"سىلەردىن بىرى مال ۋە يارىتىلىش جەھەتتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغاننى كۆرگىنىدە، ئەزىرىنى شۇزامان ئۆزىدىن تۆۋەن بولغانغا ئۆرىسۇن، دېيىلگەن." (بۇخارى، "رىقاق"، 30)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتابەن ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ئائىت سوئال-سوراقنى بىلدۈرگەن باشقا ئايەتلەر مۇنۇلار:

يَوْمَ يَجْمَعُ اللّهُ الرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَا أُجِبْتُمْ قَالُواْ لاَ عِلْمَ لَنَا إِنَّكَ أَنتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ

**"ئاللاھ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: "(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟" دەپ سورايدۇ، ئۇلار: "(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن" دەيدۇ."** (مائىدە سۈرىسى، 109)

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا
مِنْهُ الْوَتِينَ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ

**"ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا [44]، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق [45]. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق [46]. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى."** (ھاققە سۈرىسى، 44-47)

فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاء شَهِيدًا  يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ الَّذِينَ
كَفَرُواْ وَعَصَوُاْ الرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّى بِهِمُ الأَرْضُ وَلاَ يَكْتُمُونَ اللّهَ حَدِيثًا

**"بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ [41]. كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشنى) ئارزۇ قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ."** (نىسا سۈرىسى، 41-42)

ئىبنى مەسئۇد بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن نىسا سۈرىسىنى ئوقۇغاندا: **"بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟"** مەزمۇندىكى 41-ئايەتكە كەلگەندە پەخرى كائىناتنىڭ غوجىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 42-ئايەتتىكى ئىپادىلەرنى تىڭشاشقا بەرداشلىق بېرەلمەي: "ھازىرچە كۇپايە" دەپ تىلاۋەتنى توختۇتۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا يىغلىغان. (بۇخارى، "فەزائىلۇل قۇرئان" 32: مۇسلىم، "مۇسافىرىن" 247)

## قۇرئاننىڭ مۇقەددەسلىگى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى

يۇقىرىدىكى ئايەتتە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن كالامۇللاھنىڭ پۈتۈنلەي ۋەھيىگە تايانغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەت مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ

**"بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر."** (بەقەرە سۈرىسى، 2)

شۈبھىسىزكى، بۇ كىتابنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولۇشى، ئۇنىڭ ئەزەمىتى ئىلاھىيسىگە قارىغاندا بىر مۇكەممەللىكنى شەرت قىلىدۇ. بۇ مۇكەممەللىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن يەنە بىرى دۇنيا-ئاخىرەتتە ئىنساننىڭ بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن ئىبارەت.

بۇ ئاخىرقى ئىلاھىي كالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان ئەڭ بۈيۈك مۆجىزە بولۇپ بېرىلگەن. چۈنكى ھەر پەيغەمبەرگە ئۆز زامانىدا ئۆتىدىغان كەسپكە قاراپ پەيغەمبەرلىك داۋاسىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قىسىم مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئىنسانىيەت، تاقىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۈستىدە بولغان بۇ ئىلاھىي مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ھىدايەت نۇرى بولغانلار، پەيغەمبەرلىرىگە: "سەن ئاللاھنىڭ ھەقىقى ئەلچىسى" دەپ تەستىقلىغان؛ ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان بەدبەخلەر: "سەن پەقەت بىر سېھىرگەرسەن!" دەپ ئىنكار قىلغان.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە قوبۇل قىلمىغانلارمۇ پەۋقۇلئاددە ھادىسە بولغان مۆجىزىلەرنى تەستىقلاشقا مەجبۇر قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاينى ئىككىگە يارغاندا بۇ بۈيۈك مۆجىزىنى پۈتۈن مەككە خەلقى كۆرگەن بولۇپ، پەقەت تەستىق ۋە ئىنكار شەكلى قەلبى ھۆكۈملىرىگە قارىتا جەريان قىلغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۆجىزە بولۇپ بېرىلگەن ھاسا چوڭ بىر ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا راۋاجلانغان سېھىرگەرلىكنىڭ ئېتىبارىنى يوقاتقان. ئىسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ مېدىتسىنا ئىلمى تېگىگە يېتەلمىگەن، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسى بېرىلىپ، پۈتكۈل مېدىتسىنا دۇنياسىنى ئاجىز قالدۇرغان.

پەيغەمبىرىمىز شېئىر ۋە بالاغەتنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇكاز، زۇلمەجاز، مەجەننىگە ئوخشاش يەرلەردە يىلدا بىر قېتىم شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ يەردە زامانىنىڭ ئەدىپ، شائىرلىرى بىر-بىرلىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشەتتى. بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ئەسەرلەر يىپەك رەخلەرگە يېزىلىپ كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىلاتتى. بۇ شەكىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە كەبىنىڭ تېمىغا يەتتە شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئېسىلغان بولۇپ، بۇلارغا "يەتتە مۇئەللەق" "مۇئەللىقەتۇس-سەبئە" دېيىلگەن. لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈستۈن بالاغەت ۋە خىتابىتى ئالدىدا ئەسىرلەردىن بىرى ئەنئەنە ھالىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەدەبىيات كۆرگەزمىسى تارىخ بېتىدىن يوقۇلۇشقا قاراپ يۈز تۇتقان. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ بىر شائىر ئۇتۇقتا ئېرىشكەن شېئىرىنى كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

بۇ ھالەتتە ئەڭ كۈچلۈك ناتىقلىرىنى ئاجىز قالدۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) قۇدرىتى قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ماكان، زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىكى سالاھىيەت، تالانت ۋە مۆجىزىلەرنىڭ ئۈستىدە. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئادەتتىكى ئىنسانلارغا دائىمى ئۆرنەك بولۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھۆكمىنى ئىنسانى سۈپەت بىلەن ئەمىلىلەشتۈرگەن.

بۇيەردە شۇنىمۇ ئىپادىلەش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى مەلۇم بىر زامان ۋە ماكان بىلەن چەكلىك ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلاردىن بىزگە يېتەرلىك مۇئامىلات تولىمى يېتىپ كەلمىگەن. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قىيامەتقىچە پۈتۈن

زامان ۋە ماكانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇئامىلە، ئىش-ھەرىكەتلىرى ئەڭ كىچىك ئىشلارغا قەدەر تەپسىلى، سەھىھ رىۋايەتلەر بىلەن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلدى ۋە قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەمشۇمۇل رىسالىتى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ
وَالأَرْضِ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ
الأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

**"(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار"** (ئەئراف، 158)

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

**"سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خوشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ."** (سەبەئ، 28)

تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا *
الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ
فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا

**"پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [1]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ**

**بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى."** (فۇرقان، 1-2)

بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا خاس قىلىنغان **"ئاخىر زامان"**نىڭ پۈتۈن ئىنسانلىرىغا ئۇنىڭ بىر **"ئۇسۋەئى ھەسەنە"** يەنى مۇكەممەل ئۆرنەك بولۇشىنى تەمىنلەش ئىلاھىي ئىرادىدۇر.

بۇ ئىلاھىي ئىرادىنى تەجەللى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قىسىم مۆجىزىلەر بېرىلدى. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ غايىسى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئۆزگە جەلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەر ۋە ئېتىبارلىق كىشىلەرنىڭمۇ ئىتائىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن بۇ مۆجىزىلىرىنىڭ يېنىدا بۇلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولغان مۆجىزىلىكتە كامالەتكە يەتكەن قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنى بەردى. مۆجىزىلەر پەيغەمبەرلەردىن سادىر بولغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنى ئۆزگە جەلىپ قىلىش ئېتىبارى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئۆزگە قارىتىش جەھەتتە تەسىر كۈچى بارلىقى جەھەتتىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئىجازى تەڭداشسىز بىر مۆجىزىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىلاھىي بىر كىتاب بولۇپ، پەقەت ئەبەدى بىر مەشئەلگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىجازى، بالاغەت، پاساھەتتىن خەۋىرى بولغان "ئەسرى سائادەت" ئىنسانلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن زېمىن تەييارلىغان ئاساسى ئامىل بولدى. بولۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن) بۇ ئەبەدى سائادەت قۇياشىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت قەبىھ غايە بىلەن يولغا چىققىنىدا تەساددىبى تىڭشاپ قالغان قۇرئان ئايىتى، ئۇنى بىر قۇتۇپتىن باشقا بىر قۇتۇپقا ئېتىپ، چاقماق تىزلىكىدە ھىدايەتكە ئېرىشتۈردى.

مەشھۇر شائىر ۋە ئەدىپ ئىمرىئۇل قەيسنىڭ قىزى قۇرئان كەرىمدىن قىسقا بىر ئايەت تىڭشاپ، ھەيران قالغان ھالدا مۇنداق دېدى:

"بۇ بىر ئىنسان سۆزى ئەمەس! دۇنيادا مۇنداق بىر سۆز مەۋجۇت بولسا دادامنىڭ شېئىرى كەبىنىڭ تېمىدىكى ئېسىغلىق يېرىدىن ئېلىۋېتىلسۇن! بېرىپ

ئۇنى يىرىدىن ئېلىپ، ئورنىغا بۇ ئايەتلەرنى ئېسىش كېرەك" دېيىشكە مەجبۇر قېلىشى بۇ ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ تىپىك مىسالىدىن بىرىدۇر.

قۇرئاننىڭ مۇقەددەسلىكى ئالدىدا مۇشرىكلارمۇ ئۇنى تىڭشىغاندا قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئىمان ئېيتىش تۇيغۇسى پەيدا بولغان. بۇ سەۋەپتىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ، قۇرئاننى تىڭشاشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَا تَسْمَعُوا لِهَذَا الْقُرْآنِ وَالْغَوْا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ

**"كاپىرلار: "بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن" دەيدۇ."** (فۇسسىلەت، 26)

بەزى مۇشرىكلار شۇنداقتىمۇ مەخپىي قۇرئان تىڭشايتتى. ئەبۇ جەھىلگە ئوخشاش ئەشەددى مۇشرىكلارمۇ تامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، قۇرئاننى مەخپىي تىڭشاپ ئىشەنمىگەن بولسىمۇ تەسىرلىنىپ كېتەتتى. لېكىن ئىنكاردىكى جاھىللىقى تۈپەيلىدىن بىر-بىرىنى قۇرئان تىڭشاۋاتقىنىدا كۆرگەندە قېچىشاتتى.

قۇرئان كەرىم قۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىمانسىزلىقنىڭ قاراڭغۇلىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ كائىنات، ھايات ۋە ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىنقىلابىنى غەلبىگە ئېرىشتۈردى. جاھىلىيەت خەلقىنىڭ ھىدايەتكە ئېرىششى بۇنىڭ ئوچۇق مىسالىدۇر.

قۇرئان كەرىم مۇقەددەس ئىلاھى كالام بولۇپ، ھايۋانلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كېچە بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتىم، ئېتىم باغلانغان ھالەتتە يېنىمدا ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئېتىم كىشنەشكە باشلىدى. ئوقۇشنى توختاتتىم، ئات جىم بولدى. قايتا ئوقوشقا باشلىدىم، ئات يەنە كىشنەشكە باشلىدى. ھەتتا ئوغلۇم يەھيانى ئاتنىڭ ئېزىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يېنىمغا ئالدىم.

ئۇ ئەسنادا يۇقىرىغا قارىغان ئىدىم، ئۈستۈمدە چىراققا ئوخشايدىغان بىر نەرسىلەر كۆردۈم. كېيىن ئۇلار ئاسمانغا ئۆرلەپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

تاڭ ئاتقاندا ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقىنىمدا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئوقۇ ئى ئۇسەيد، ئوقۇ! دېيىش بىلەن بىرگە:

- ئى ئۇسەيد! ئۇ كۆرگەنلىرىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دەپ سوردى.

- بىلمەيمەن. دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

- ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىڭنى ئىڭشىغىلى كەلگەن پەرىشتىلەردۇر. ئەگەر ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولساڭ تاڭ ئاتقىچە تىڭشىغان بولاتتى. ئۇ پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا مەخپىي قالمايتتى، ئىنسانلارمۇ ئۇلارنى كۆرەلىگەن بولاتتى. - دېدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتكۈل مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەسىرى، سېھرى كۈچىنىڭ ھېكمىتى، نەبۇۋۋەت ھالقىسىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاخىرلاشقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن زامان، ماكانلار ئۇنىڭغا ئائىت بولغان جەھەت (تەرەپ) بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاقى بولغان ۋەھيىنىڭ كامىل سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى بۇ ئاخىرقى ئىلاھىي كىتابنىڭ قىيامەتكە قەدەر ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پۈتكۈل مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلىگۈدەك ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدىن ئىبارەت. قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى ئېتىبارى بىلەن تەڭداشسىز مۆجىزە ۋە ھېكمەتلەر توپلىمى بولۇشى بۇ ئالاھىدىلىكتىن مەيدانغا كەلگەن.

بۇ ئىلاھىي ھەدىيە، بىر ھىدايەت رەھبىرى ۋە نەبۇۋۋەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى بىر ئىجادى بەدىئىسى (سەنئەت تالانتى) بولۇپ، قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئۇسلۇبىدىكى پاساھەت، بالاغەت، ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملىرىنىڭ شاھ ئەسەرلىكى يېنىدا مەنىسى ۋە دائىرىسى بىلەن پۈتۈن زامان، ماكانلارغا بولغان خىتابىتى ئارقىلىق ھېچ بىر پەيغەمبەرگە نىسىپ بولمىغان بىر كىتابتۇر. بۇ ئۈستۈنلۈك ئۇنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ ئەڭ كۆپ ئۈممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق نىشانىسىدۇر.

قۇرئان كەرىمدە ھەر نەرسە ئىپادە، ئۇسلۇپ، مەزمۇن، مۆجىزە، تارىخ شۇنىڭدەك قۇرئاندىكى ھەر نەرسە ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئايەتلەرنىڭ تىزىلىش

تەرتىپىمۇ ۋەھيىگە تايانغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىچىك بىر ئەمگىكى يوقتۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاش ئاۋاز ئۇيغۇنلىقىمۇ ئاللاھقا ئائىتتۇر. قۇرئاننىڭ ۋەزنىدە ئەڭ ئاز بىر ئىلگىرى-كېيىنلىك ياكى بىر ھەرپ قەدەر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈش بۇ ۋەزنىن تەرتىپىنى بوزىدۇ. كۆنىمىز ئىسلام ئالىملىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ قۇرئان ۋەزنى ھەققىدە مۇنداق بىر خاتىرە نەقىل قىلىدۇ:

"مۇسۇلمان بولغان فرانسىيەلىك بىر مۇزىكشۇناس، بىر قېتىملىق كۆرۈشۈشىمىزدە، نەسىر سۈرىسىنىڭ قىرائىتىدە **"فىدىنىللاھى ئەفۋاجا فەسەببىھ..."** دەپ ئوقۇلۇشىنىڭ مۇزىكى جەھەتتىن مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى دېگەن ئىدى. ئۇنىڭغا بۇيەردە **"ئەفۋاجا"** دەپ تورۇلمايدىغانلىقىنى، پەقەت "ئەفۋاجەن-ۋ- فەسەببىھ" (ن ۋە ف بىر-بىرى بىلەن كىرىشىدۇ. بۇ شەكىلدە "ن"دىن كېيىن "ف" تەلەپپۇز قىلىنماي ئاۋۋال يەڭگىل بىر "ۋ" نىڭ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئىزاھلىدىم. بۇ مۇزىكشۇناس قېرىندىشىمىز شۇ ھامان مۇنداق دېدى:

- ئىمانىمنى يېڭىلايمەن. بۇ ئىزاھاتىڭ سايىسىدە مۇزىكا جەھەتتىن قۇرئان كەرىمگە ھېچ بىر ئېتىراز قالمىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇنلىقى ئىنسانى سۆپەتلەرنىڭ ئۈستىدە بىر ئۆلچەمگە ئىگە. ئۇ بىر ئىنچىكە ماسلىششچانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق مۇكەممەل ۋە مۇقەددەس كىتابنىڭ ئورنىغا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىنسانى بىر نەرسىنىڭ قويىلىشىنى كىم چۈشىنەلەيدۇ؟!"

قۇرئان كەرىم بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىسانلارنىڭ كۆڭلىدە پەۋقۇلئاددە تەسىر قوزغىغان. ئەرەبلەر ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ توپ-توپ بولۇپ، ئىمانغا كىرگەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ لەبزى بىلەن مۆجىزە ئىكەنلىكىگە يېقىن تارىخىمىزدىن بىر مىسال:

ئۈسكۈدار يەرئاستى مەسجىدىنىڭ ئىمامى ئۇستاز خەتىپ ئەلى، ئابدۇل ھەمىدخان زامانىدا ساراي ئىمامى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلام ئىنىستىتوتىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن مەھمەت ئەلى سارى ۋە ئىسمائىل قاراچام ئەپەندىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە خەتىپ ئەلى ئۈسكۈدارلى، ۋېنگىرىيە پادىشاھى تەرىپىدىن بىر ھەيئەت بىلەن ۋېنگىرىيەگە دەۋەت قىلىنىدۇ. ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرگە

قاتناشقاندىن كېيىن بىۋاستە پادىشاھ تەرىپىدىن سارايغا چاقىرىلىپ، خەتىپ ئەلى ئۈسكۈدارلىدىن قۇرئان ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەت تىلاۋەت قىلىدۇ. مەھمەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا بۇ ئايەتلەر نىھاۋەنت ماقامىدا ئوقۇلىدۇ. ئەلى ئۈسكۈدارلى ئۇ زامانلار ياش بىر قارى بولۇپ، ئاۋازى ناھايىتى مۇڭلۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇغان بۇ ئىلاھىي كالامى، پادىشاھنى شۇنداق تەسىرلەندۈرگەنكى، ئايالىغا قاراپ بىر نەرسىلەر دېگەن. بۇ ۋاقىتتا قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نېمە دېگەنلىكىگە قىزىققان ئەلى ئۈسكۈدارلى، تەرجىمانىغا: "پادىشاھ ئاللىرى ئايالىغا نېمە دېدى؟" دەپ سورايدۇ. تەرجىمان پادىشاھنىڭ ئايالىغا:

"بۇ تىلاۋەت قىلىنغان كالام، قانداق ئىنسان سۆزى بولسۇن! ئىنسان سۆزى بۇ قەدەر تەسىرلىك بولماس " دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش تەسىر كۆپچىگە ئىگە، ئەقلىي ۋە مۇقەددەس بىر مۆجىزە بولغان قۇرئان ۋەسىلىسى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈممىتىنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن كۆپ بولىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"ئەۋەتىلگەن ھەر پەيغەمبەرگە، ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋەسىلە بولىدىغان بىر مۆجىزە بېرىلدى. ماڭا بېرىلگىنى ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمدۇر. بۇ سەۋەپتىن قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن سان جەھەتتىن كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن." (بۇخارى، "ئىئتىسام"، 1)

ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈممىتىنىڭ كۆپ بولۇش ئارزۇسىنى قۇرئان كەرىم مۆجىزىسىگە باغلىغان. بۇنىڭ ھېكمىتى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

" قۇرئان كەرىم مەلۇم بىر زاماندا بولۇپ تۈگىگەن مۆجىزىلەر بولماستىن لەبزى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مۆجىزە بولۇپ ئىنسان ئەقلىگە خىتاپ قىلىدۇ. ئەقىل ۋە ئىلىم مەۋجۇت بولغانسىرى قۇرئان ئايەتلىرى تەپەككۇر قىلىنىپ چۈشىنىلىدۇ، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنچىكىلىكلەر كۈندىن-كۈنگە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلار مەلۇم ۋاقىت ۋە مىللەت بىلەن چەكلىنىپلا قالماي، پۈتكۈل زامان ۋە ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر ئەسىردە بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ مۆجىزىلىكىنى قوبۇل قىلغان ئالىملار بارلىققا كېلىدۇ، بۇ ۋەسىلە بىلەن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۆپىيىشى داۋاملىشىدۇ."

بولۇپمۇ ئەسىرلەردىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمى كەشپىياتلار، قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچى، كائىناتنىڭ سىرلىرى، دۇنيا، قۇياش، ئاينىڭ ئەھۋالى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان فىزىكى، جوغراپى، تىببى، ئىجتىمائى ساھەلەردە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۈندىن-كۈنگە بۇ ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ.

مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، يېقىنقى زامانلاردا ئىلىم پەن دۇنياسىدا تارتىشىۋاتقان ۋە مۇمكىنلىكى ئىلمى جەھەتتىن قۇبۇل قىلىنغان نۇرلاندۇرۇش يولى بىلەن نەرسىلەرنى يۆتكەش تىرىشچانلىقى داۋاملىشىۋاتىدۇ. 2001-يىلى تۇنجى قېتىم بىر مىقدار سۇ مولېكولاغا ئايرىلىپ نۇرلانما يولى بىلەن باشقا بىر يەرگە يۆتكەلگەن. بۇ ئىلمى ھەقىقەتنى 15 ئەسىر بۇرۇن، بۇنداق بىر نەرسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن بولمىغان بىر دەۋىردە قۇرئان كەرىم ئوچۇق بىلدۈرگەن. نەمل سۈرىسىنىڭ 40-ئايىتىدە بەلقىسنىڭ تەختىنىڭ ئىككى مىڭ كىلومېتىرلىق يولدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك بولغان قىسقا ۋاقىتتا كەلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن ھەزرىتى مەۋلانانىڭ قۇرئان كەرىمگە دائىر شۇ سۆزلىرى كۈندىن-كۈنگە ياخشى چۈشىنىلىۋاتىدۇ:

"قۇرئان كەرىمنىڭ زاھىرىنى رەڭ بىلەن بىر ئوقۇقا يېزىش مۇمكىن. ئۆز ئىچىگە ئالغان سىرلىرىنى ئىپادىلەشكە ساھىلسىز دېڭىزلار رەڭ، زېمىندىكى پۈتكۈل دەرەخلەر قەلەم بولسا يەنە كۇپايە قىلمايدۇ."

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش جەھەتتە قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان پۈتكۈل ئىنسى-جىن ئالىمىگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ئوخشىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى بۇ ئىلاھىي جەڭ تەلىۋى، ئۇ كۈندىن بىرى جاۋابسىز قالدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

قُل لَّئِنِ اجْتَمَعَتِ الإِنسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ

لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا

**"ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ."** (بەنى ئىسرائىل، 88)

ئاللاھ تائالا بۇ دوئىلىنىڭ چەك چېگرىسىنى ئون سۈرىگە قەدەر قىسقارتقان بولسىمۇ يەنە ئىنسانلار ئۇنىڭ بىر ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ئاجىز قالدى. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُواْ بِعَشْرِ سُوَرٍ مِّثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُواْ

مَنِ اسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ اللّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ

**"ئۇلار قۇرئاننى(مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، "(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن غەيرى چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۆز ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار."** (ھۇد، 13)

ئاللاھ تائالا قۇرئاننىڭ بۇ دوئىلىنىڭ چەك چېگرىسىنى ئاخىرىدا بىر سۈرىگە قەدەر چۈشۈرۈپ، ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى ۋە قۇرئاننىڭ ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ

وَادْعُواْ شُهَدَاءكُم مِّن دُونِ اللّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ * فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ وَلَن تَفْعَلُواْ

فَاتَّقُواْ النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ

**"بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار [23]. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.** (بەقەرە، 23 - 24)

ھەزرىتى مەۋلانا  قۇرئان كەرىمنىڭ پاك قەلب بىلەن ئوقۇلىشىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، قۇرئان كەرىم پاك قەلب بىلەن ئوقۇلغاندا، ھېكمەت سىرلىرىنىڭ كۆڭۈلنى ياشارتىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

"قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن باش ئۇستىلىگە ئەھمىيەت بەر! گۈل باغچىسىدىكى گۈزەل خۇش-پۇراقلارنى ھېس قىلالمىساڭ ئەيىب گۈل باغچىسىدا ئەمەس، بەلكى كۆڭلۈڭ ۋە بۇرنۇڭدا!"

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا

**"ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)."** (مۇھەممەد، 24)

ئايەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىغا قارىغاندا، قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش، ھېس قىلىش ۋە سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ساپ بىر قەلبكە ئېھتىياج بار. چۈنكى قۇرئان كەرىم سىرىنى پاكىز قەلبكە ئاچىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنذِرِينَ

**"ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى."** (شۇئەرا، 193-194)

قۇرئان كەرىمنى ساھابە-كىرامغا ئوخشاش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىدىن ئوقۇش كېرەك. بۇنىڭدىن ھەقىقى پايدىلىنىش بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھىدايەت، ئۈستىگە مول يامغۇر ياققان يەرگە ئوخشايدۇ. بۇ يەرنىڭ بىر پارچىسى سۈنى ئېمىپ، ئۈستىدە ياپ-يېشىل ئوتلار ئۈنگەن مۇنبەت بىر تۇپراقتۇر. يەنە بىر قىسمى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى پايدىلاندۇرۇش ئۈچۈن سۈنى يىغىپ ئىنسانلارنىڭ ئىچىملىكى، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇغۇرۇلىشى، تېرىقچىلىق ۋە مول-ھوسول ئېلىشنى تەمىنلەيدۇ. قالغان قىسمى ھېچ بىر نەرسىگە يارىمايدىغان شورلۇق بىر تۇپراق."

"بۇ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇپراقتىن باشتىكى ئىككىسى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋاستىسى بىلەن ئەۋەتىلگىنىدىن پايدىلىنىپ، دىنىدا مۇتەخەسسىس بولغان ۋە بىلگىنىنى ئىنسانلارغا ئۆگەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۈچۈنجىسى ئەتراپىدا بولۇپ ئۆتكەن نەرسىلەرگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىغان ۋە ئاللاھ رەسۇلى ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ."

ئۆلىمانىڭ قەلب زېمىنى، ئىلاھىي ئىلىم ۋە ھىدايەت بىلەن تولۇپ تاشقان ھايات سۇلىرى بىلەن ياشىرىپ، بەرىكەتلىك مول-ھوسۇل بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَسَالَتْ أَوْدِيَةٌ بِقَدَرِهَا

**"ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىپمۇ-لىق ئاقتى، كەلكۈن سۇ ئۈزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى..."**
(رەئد، 17)

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

"ئايەتتە دېيىلگەن سۇ ئىلىم، دەريا قەلبنى كۆرسىتىدۇ"

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل ھەدىس شەرىپلەر قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى ماھىيىتىدە.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ إِلاَّ رِجَالاً نُّوحِي إِلَيْهِمْ فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ
بِالْبَيِّنَاتِ وَالزُّبُرِ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

**"سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر)دىن سوراڭلار [43]. (ئۇلارنى ئۇلارنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر**

**قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق."** (نەھل، 43 - 44)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىنكىلەر ئارىسىدا ئەڭ بۈيۈك مۇپەسسىرلەر، ئىلمى بىلەن ئالىم بولۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبى ھاياتىدىن ھىسسە ئالغان مۇتتەقى بەندىلەردۇر.

گۇناھ تۇپەيلىدىن قاراداپ كەتكەن قەلبلەر قۇرئان كەرىمدىن بىر نەرسە ئالالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن شەرىقشۇناسلاردا زاھىرى ئىلىم بولۇپ، قەلبى ھايات بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ ئۇلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَإِن يَرَوْاْ كُلَّ آيَةٍ لاَّ يُؤْمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الرُّشْدِ لاَ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الْغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا وَكَانُواْ عَنْهَا غَافِلِينَ

**"يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى."** (ئەئراف، 146)

بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ئايەت ـ كەرىمدە زالىملار، كافىرلار ۋە پاسىقلار ئۈچۈن **لاَ يَهْدِي** دېيىلگەن.

كەڭ مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم قىسسىلەر، دەۋرىمىز ئۈچۈن بىر ئىبرەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش غايىسى بىلەن قولغا ئالغىنىمىز قۇرئان كەرىم شۇنداق قۇدرەتلىك بىر كىتابتۇر.

**رەببىمىز قۇرئان كەرىمدىكى ئىبرەت، سىرلار بىلەن تولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتلىرىدىن سەبىر، شۈكۈر، تەۋەككۈل، تەسلىمىيەت، مەرھەمەت، شەپقەت، مۇلايىم ۋە باشقىلارنى ئويلاشتىن ئىبارەت بۇ سۈپەتلەردىن ھېسسە ئېلىپ، بىزنى ھەقىقى ئاللاھ قۇلى بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن! ئامىن!**

## ئىتھاف (بېغىشلىما)

كائىناتنىڭ ئۆزىگە بېغىشلىغان مەۋجۇدىيەت نۇرى فەخرى ئادەم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشتا بولۇپ پۈتكۈل نەبىلەر ۋە مۇتتەقىلەر زەنجىرىنىڭ روھانىيىتى ئالىيلىرىگە!



# ئادەم ئەلەیهسسالام

## پەرىشتىلەر سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان

### ئادەم ئەلەيھىسسالام

ئەزەلدە ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ يالغۇز ئۆزى مەۋجۇت ئىكەن، تونۇلۇشنى ئىرادە قىلىپ سۈپەتلىرىنىڭ ۋە ئەسمائى ئىلاھىيەسىنىڭ (ئىلاھي ئىسىملىرىنىڭ) تەجەللىسى بىلەن بۇ كائىناتنى ياراتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ بىلىنگەن ياكى بىلىنمىگەن پۈتكۈل ئىلاھي سۈپەتلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ زۇھۇر قىلغان ئۈچ تەجەللى ماكانى بار:

1) كائىنات،

2) قۇرئان كەرىم،

3) ئىنسان.

كائىنات ئەسمائى ئىلاھىييەنىڭ پىئىلى، قۇرئان كەرىم بولسا كالامى بىر زۇھۇردۇر. باشقىچە ئېيتقاندا قۇرئان كەرىم كالام سۈرىتىگە ئورالغان بىر كائىناتتۇر.

ئىنسان كائىناتنىڭ ئۆزى ۋە ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىدە ئاز ۋە كۆپ نسۋىتى ئالغان مەخلۇق يالغۇز ئىنساندۇر. ئۇنىڭ "ئەشرەفۇل مەخلۇقات" (مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى) دەپ زىكىر قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن ئىبارەت. لېكىن ئۇنىڭدا **مۇدلىل، مۇتەكەببىر** ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش جەلالى سۈپەتلىرىنىڭ يېنىدا ھادى، رەھمان، رەھىمگە ئوخشاش جەمالى سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىمۇ تېپىلغانلىقىدىن، ئىنسان ياخشىلىق ۋە يامانلىققا يارىتىلىشىدىن مەيلىلىدۇر. شۇڭلاشقا قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا

**"روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى [7-8]، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ [9]. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ."** (شەمس، 7 - 10)

بۇ سەۋەپتىن ئىنسان، ئەنبىيا، ئەۋلىيالارنىڭ تەربىيىسى بىلەن نەپسىنى پاكىزلاپ ئۆزىدىكى ناچار سۈپەت، مەيىللەرنى تازىلاش ۋە روھى سۈپەتلىرىنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق كامىل بىر ئىنسان بولۇشقا تىرىششى كېرەك. پەرىشتىلەردە يامانلىققا مايىل بولۇش ئىقتىدارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھقا يېتىپ بېرىش يولىدا ئىلگىرلەپ، ئۇلارنىمۇ بېسىپ چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئىلاھىي ۋەھيىگە ئەگىشىپ ئەگەشمىگەنلىكىگە قاراپ پەرىشتىدىن ئۈستۈن دەرىجىلەر بىلەن ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن بىر دەرىجە ئارىسىدىكى ماكاندا بۆلىنىدۇ. نەپىس چەكلىمىسىنى يېڭەلىگەن بىر ئىنسان نازاكەت ۋە بىر سەنئەت ھارىكاسى (مۆجىزىسى)، كائىنات كىتابىنىڭ خۇلاسىسى، فاتىھەسى ۋە يارىتىلىش سىررىدۇر. چۈنكى تاشقى قىياپەتتە گۆش ۋە سۆڭەكتىن ئىبارەت بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنىشىنىڭ ئاستىدىكى مەنىۋى بارلىقىدا ئىلاھىي تەجەللىنىڭ نۇرغۇنلىغان سىر، ھەقىقەتلىرى توپلىنىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقىقەتنى بىر بېيىتىدە مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

"دەۋان سەندەدۇر پەقەت كۆرەلمەيسەن،
دەردىڭ سەندەدۇر پەقەت بىلەلمەيسەن.
ئۆزۈڭنى كىچىك بىر جىسىم سانايسەن.
ھالبۇكى، پۈتۈن ئالەمنىڭ جەۋھىرى سەن."

مۇھىمى پۈتۈن مەۋجۇدىيەتكە دەرىجە بولغان ئايەتى سۇبھانىيەنى ئوقۇش ۋە ئۇلارنى ھەقىقى يۈزى بىلەن ئىدراك قىلىشقا تىرىششتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان تۇنجى ۋەھيىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە " اقْرَأْ " **"ئوقۇ!"** دېگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن "ئوقۇ" كەلىمىسى پەقەت يېزىلغان بىر نەرسىنى ئوقۇش مەنىسىدە كەلمىگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە، زېھنى پىكىر ۋە تەپەككۇرغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئايەت شۇ مەندە كىلىشى مۇمكىن: **"ئى رەسۇلۇم! كالامى ئىلاھىيەنى ئوقۇ، ئۆزۈڭ ۋە كائىناتتىكى مەخپى ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر، زىكىر قىل، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلىشقا تىرىش."**

بۇ مەندە مەسنىۋى شارىھلىرى مۇنداق تەپسىر قىلغان:

"قۇرئان كەرىمدە "اقْرَأْ" **" ئوقۇ"**؛ مەسنىۋى بولسا "بشنو" **"تىڭشا"** دەپ باشلىنىدۇ. "بشنو" سۆزى "اقْرَأْ"نىڭ تەپسىرى ماھىيىتىدە بولۇپ: "كالامى

ئىلاھىيەنى تىڭشا! سىرلارنى تىڭشا! ئۆزىڭدە توپلانغان ھەقىقەتلەرنى تىڭشا! دېگەن مەنىدە."

ئىنساننىڭ بۇ ئالەمدە پەيدا بولۇشى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغان. تۇنجى ئىنسان، تۇنجى پەيغەمبەر، تۇنجى كامىل يول باشلىغۇچى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. قىيامەتقىچە زەنجىرسىمان ھالدا كېلىدىغان ئىنسان ئەۋلادى تۇنجى يارىتىلىش زامانىدا ئۈستى ـ ئۈستىگە كەلگەن تۈگمەس سايىگە ئوخشاش ئۇنىڭ شەخسى مەۋجۇدىيىتىدە ساقلانغان. بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىپ قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَ يُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ
مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء...

**"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھاۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھاۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار..."** (نىسا، 1)

ئاللاھ تائالا ئىنساننى پۈتۈن مەخلۇقاتتىن شەرەپلىك قىلىپ ياراتقانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُم
مِّنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً

**"شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق."** (بەنى ئىسرائىل، 70)

بۇنداق مۇكەممەل يارىتىلغان ئىنسان، قۇدرەتى ئىلاھىيەنىڭ مىڭبىر نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئالەمدە ئىلاھىي سەنئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە سۇلەيمان چەلەبى "مەۋلۇد" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ تائالا ياراتتى چىن ئادەمنى!
قىلدى ئادەم بىلەن زىننەت ئالەمنى.

كىچىك بىر ئالەم بولۇش سۈپىتىگە ئىگە ئادەم بىلەن بۈيۈك بىر ئالەم بولغان كائىنات، ئەسلى بىر بولغان ھەقىقەتنىڭ ئىككى ئايرىم ئىمكاندا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان كۆرۈنىشكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر يوپۇرماقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش بولۇپ، قوشماقلارغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنسان كائىناتنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن كائىناتتىكى سىرلارنىڭ ئېچىلىشى ۋە نەرسىلەر ھەقىقىتىنىڭ ئىدراك قىلىنىشىدا ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپە ئۇنىڭغا چۈشىدۇ.

بىر بۇغداي دانىسى، پۈتكۈل بۇغداي جىنسىنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ئۆز ئىچىدە توشىغىنىدەك، ھەر خىل ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە ئۇ جىنسىنىڭ پۈتكۈل خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرى مەۋجۇت. ئىنسانمۇ كائىناتتىكى پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزىگە توپلىغان بىر مەۋجۇدىيەتتۇر. بۇ جەھەتتىن ئىنسان، كائىناتنىڭ ئىچىدە يۇغۇرۇلغان بىر جەۋھەر، بىر ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە شەيخ غالىپ مۇنداق دەيدۇ:

كىم ئۆزۈڭگە ياخشى قارا ئالەمنىڭ جەۋھىرى سەن،
مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىنسان سەن!

"كۆڭۈل كۆزى بىلەن ئۆزۈڭگە قارا، سەن مەخلۇقاتنىڭ جەۋھىرى، كائىناتنىڭ كۆز قارچۇغى بولغان ئىنسان سەن"

ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدا نۇرغۇن ئىلاھىي مەخسەت بار. بۇلاردىن بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش سەنئىتى ۋە گۈزەللىكىگە دەلىل بولالىغىدەك ئۈستۈن بىر مەۋجۇدىيەت يارىتىشنى ئىرادە قىلىشىدۇر. ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئىلاھىي ئىرادە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەمىلىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىدراك قىلالىغىنىمىز ۋە قىلالمىغانلىقىمىز خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن بىر كائىناتنى ياراتقان ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلغان.

ئىنسان يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە كۆڭۈل مەھسۇلى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلتۈرۈشكە مەسئۇل. چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالاغا ۋەكىل بولۇپ ياشاشتىن ئىبارەت بۇ خەلىپىلىك ۋەزىپىسى ئۆز تەبىئىتىدە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا بۇ قابىلىيەتنىڭ، ياپ ـ يېشىل بولۇپ ياشىرىشقا مەمۇر بىر ئۇرۇققا ئوخشاش تەرققى قىلدۇرۇپ تەلەپ قىلىنغان نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كېرەكلىك

پروگراممىنى قۇرئان كەرىم بايان قىلغان. بۇنىڭغا ھەققى بىلەن رىئايە قىلغانلارنىڭ مەنىۋى دەرىجىلىرىنى بىلدۈرۈپ قۇدسى ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

"كىمكى ۋەلى بىر بەندەمگە دۈشمەنلىك قىلسا، مەن ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا ئەڭ كۆپ پەرزلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىشىدۇ. پەرزلەرگە قوشۇپ، نەپلە ئىبادەتلىرى بىلەنمۇ يېقىنلىششىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە مەن ئۇنى دوست تۇتىمەن. بەندەمنى دوست تۇتتۇممۇ، ئۇنىڭ ئاڭلىغان قۇلىقى، كۆرگەن كۆزى، تۇتقان قولى ۋە ماڭىدىغان ئايىغى بولىمەن. مەندىن نېمە سورىسا مۇتلەق بېرىمەن، مەندىن پاناھ تىلىسە ئۇنى قوغدايمەن."(بۇخارى، "رىقاق"، 38)

ئايەتتە:

الْحَمْدُ لله رَبِّ الْعَالَمِينَ

**"جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر."** (فاتىھە، 1) دېيىلگەن.

ئاللاھ تائالا نۇرغۇنلىغان ئالەم ياراتقان بولۇپ، بۇ ئالەمنىڭ 18 مىڭدىن 360 مىڭغا قەدەر بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بار. بۇ رىۋايەتلەر ئىنسان ئەقلىنىڭ ئالەمنىڭ سانىنى ئىدراك قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن كىنايە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئالەملەرنى:

1. خەلق ئالەمى،
2. ئەمىر ئالەمى،

شەكلىدە ئىككى ئاساس سىنىپتا بايان قىلىش مۇمكىن. ئىنساننىڭ يارىتىلىشى بۇ ئىككى ئالەمدىنمۇ ھېسسە ئالغان. ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشىنىڭ خالىق ۋە ئەمىر شەكلىدە ئىكەنلىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

...أَلاَ لَهُ الْخَلْقُ وَالأَمْرُ تَبَارَكَ اللّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ

**"...يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر."** (ئەئراف، 54)

بۇ ئايەت ھەققىدە مۇپەسسىر ئەلمالىلى ھەمدى يازىر مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ:

"باشتىن ئاخىرىغا تەقدىر ۋە تەكۋىن (يارىتىش) ئۇنىڭغا ئائىت، قوبۇل قىلىش ۋە شەرىئەت قويۇشمۇ ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. بۇ ھالدا ھەجىم ۋە مىقدارغا ئىگە مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ مۈلكى، بۇلار ئۈستىدە جەريان قىلغان ھەجىمسىز مىقدارسىز ئەمىرلەرمۇ...يەنى يارىتىشمۇ ئۇنىڭ، يۈرگۈزۈشمۇ ئۇنىڭ؛ جىسىم، ماددا ۋە شەكىل ئۇنىڭ، ئىجات ۋە قۇرلىشى، ئۇلارنى يۈرگۈزگەن قۇۋۋەت ۋە روھمۇ ئۇنىڭ تەسىر ۋە كۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى يوقلۇققا ۋە مۇمكىنلەرگىمۇ ۋۇجۇت بېرەلمەيدۇ. پەيدا قىلىش ئۇنىڭ، ۋاجىپ قىلىشمۇ ئۇنىڭ، سەنئەتمۇ ئۇنىڭ، قانۇنمۇ ئۇنىڭ، پۈتۈن ماسىۋا (ئاللاھتىن باشقا ھەر شەيئى) ئۇنىڭ ھۆكمى ئاستىدا ۋە ئۇنىڭ يارىتىش ۋە ئەمرىدىن ئىبارەت. ئۇ بولسا ھەر شەيئىنى ياراتقان ۋە مۇتلەق تەسەررۇپ ئىگىسىدۇر. ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ ئىجادىغا تايانمىغان ھېچ بىر مەۋجۇدات يوقتۇر ۋە ئۇنىڭ ئەمىر، پەرمانىغا بوي سۇنمىغان ئەمىرلەر ھەققى ئەمىر بولالمايدۇ."

زامان ۋە ماكان بىلەن باغلانغان ھالدا يارىتىلغان مەۋجۇداتلاردىن تەشكىل قىلغان ئالەم "خەلق ئالەمى" دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا مۈلك ۋە شاھادەت ئالەمىمۇ دېيىلىدۇ. زاھىرى بەش سەزگۈ ئەزايىمىز بىلەن ھېسسەتكەن نەرسىلەر بۇ ئالەمدىندۇر.

مېتافىزىك، مەنىۋى ۋە ئىچكى ئالەمگە "ئەمىر ئالەمى" دېيىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا ئەمىر ئالەمى، زامان ۋە ماددىدىن سۆز ئاچماستىن ئاللاھ تائالانىڭ **"كۇن"** يەنى **"بول"** ئەمرى بىلەن پەيدا بولغان ئالەمدۇر. بۇ مەلەكۇت ۋە غەيىپ ئالەمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەقىل، نەپىس، روھ، قەلب ۋە سىرغا ئوخشاش لەتائىپلەر بۇ ئالەمگە ئائىتتۇر. قۇرئان كەرىمدە:

...قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي...

**"ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. "روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ" دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن."** (بەنى ئىسرائىل، 85)

بۇ ئارقىلىق روھنىڭمۇ ئەمىر ئالەمىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ئىككى ئالەمدە جەريان قىلغان ئىككى ئايرىم يارىتىشقا ئىشارەت قىلىپ، قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ

**" ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا "ۋۇجۇتقا كەل" دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ."** ( ياسىن، 82)

**يارىتىلىشىمىزنىڭ سەۋەب ۋە ھېكمەتلىرى**

1. ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئاساسى مەخستى، ئاللاھقا قۇللۇق ۋە مەرىپەتۇللاھ (ئاللاھنى تونۇش)تۇر. ئايەتتە:

وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ

**"جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم"** (زارىيات، 56) دېيىلگەن.

ئايەتتە يارىتىلىشىنىڭ غايىسى بولۇپ زىكىر قىلىنغان "قۇللۇق" شۇنداق بىر شەرەپلىك دەرىجە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئورنى كەلىمە شاھادەتتە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋۋال "قۇل" كېيىن " رەسۇل" ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قۇللۇقنىڭ بىرىنچى ئورۇندا رىسالەتنىڭ بولسا قۇللۇقنىڭ چەك چېگراسى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە:

"سىلەر ماڭا دەرىجەمنىڭ ئۈستىدە ھۆرمەت قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىشتىن بۇرۇن بەندە قىلغان دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، بەندىچىلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېيتقان.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا:

قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ..

**"ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ،"** (فۇرقان، 77)

قۇللۇقنىڭ يەنە بىر مەنىسى "مەرىپەتۇللاھ" يەنى ئاللاھ تائالانىڭ تونۇلىشى ۋە بىلىنىشىدۇر. ئىمام ماتۇرىدى رەھمەتۇللاھى ئەلەي ئىمان ئۈچۈن ئىككى ئاساسنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇلار:

**مەئرىپەتۇللاھ**

ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى **"بەندىچىلىكىنىڭ ئادا قىلىنىشى"** ۋە **"ئاللاھ تائالانىڭ بىلىنىشى"** غايىسىگە ئىسناد قىلىنغان. چۈنكى يارىتىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇقىرىدىكى ئايەت كەرىمىدە "لِيَعْبُدُونِ" **ماڭا قۇللۇق قىلىشى ئۈچۈن...** دېيىلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ كەلىمىنى "لِيَعْبُدُونِ" يەنى "ئاللاھنى تونۇش، رەببىنى قەلبتە تونۇش ئارقىلىق مەئرىپەتۇللاھقا يېتىش" شەكلىدە تەپسىر قىلغان.

ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىغا ئەڭ ئەۋۋەل ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە مەئرىپىتىنى (بىلىنىشىنى) ئىرادە قىلىشى سەۋەب بولغان. شۇڭا قۇدسى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان:

"مەن يوشۇرۇن بىر خەزىنە ئىدىم. بىلىنىشنى ئارزۇ قىلدىم ۋە بۇ كائىناتنى ياراتتىم..." (ئىسمائىل ھەققى بۇرسەۋى، كەنزۇل مەخفى)

**مۇھەببەت**

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَشَدُّ حُبًّا لِّلّهِ

**"مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر"** (بەقەرە، 165)

يارىتىلىشىمىزنىڭ مۇھىم ھېكمەتلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانى ھەر نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈشتۇر. چۈنكى ئۇ بىزگە چەكسىز ۋە تۈگىمەس نېمەت ئاتا قىلغان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەندىلىرىدىن ئەڭ كۆپ زاتى ئۇلۇھىيىتىگە (ئىلاھىي زاتىغا) مۇھەببەت باغلاشنى ۋە باشقا جانلىقلارغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدىغانلىقنى بايان قىلغان. قۇرئان مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ...

**"ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ."** (مائىدە، 54)

باشقا بىر ئايەتتىمۇ، شەخس ۋە قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ تۈنجى سەۋەبىنىڭ **"مۇھەببەتنىڭ كېسىلىشى"** ئىكەنلىكى ئېيتىلغان:

قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ

**ئېيتقىنكى "ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمر (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ"** (تەۋبە، 24)

ھەدىس شەرىپتە ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى، شۇ ئۈچ خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىنىڭ تېتىيالايدىغانلىقى ئېيتىلغان:

"ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنى ھەر نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش، ئىماندىن كېيىن كۇفرىگە ئۆتۈشنى، ئوتقا چۈشۈشتىنمۇ خەتەرلىك دەپ قاراش، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بولۇش" (بۇخارى، ئىمان، 9، 14، مۇسلىم، ئىمان، 67)

ئاللاھقا مۇھەببەتنىڭ شەرتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆڭۈلدىن ئەگىشىش، ئىتائەت ۋە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت، يەنى ئۇنىڭدا پانى بولۇشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى)**

**گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"** (ئال ئىمران، 31)

ھەدىس شېرىپتىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان مۇھەببەت، ھەقىقى ئىماننىڭ شەرتى قىلىنىپ زىكىر قىلىنغان:

"نەپسىم ئۇ زاتنىڭ قۇدرەت قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردىن بىرىڭلار ئۈچۈن مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن، ئانىسىدىن، دادىسىدىن، ئەۋلاتلىرىدىن ۋە پۈتكۈل ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە ھەقىقى ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ" (بۇخارى، ئىمان، 8)

1. ئاللاھ تائالا يارىتىش سۈپىتىدىكى قۇدرىتىنىڭ بۈيۈكلىگىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىنساننى ياراتقان. چۈنكى ئىنسان بىر يارىتىلىش سەنئىتى ۋە ئىجادى بەدىئىسىدۇر. شۇنداقكى زارىيات سۈرىسىنىڭ 20 ۋە 21-ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ

**"زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر."** (زارىيات، 20-21)

ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن قۇدرىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ

**"ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر."** (مۆئمىنۇن، 14)

ئىنساننىڭ يارىتىلىش بەدىئىسى بولۇشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە جانابى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى قىلىنىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً ...

**"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: "مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن" دېدى.** (بەقەرە، 30)

مۇپەسسىر ئەلمالىلى ھامدى يازىر ئايەتتىكى"خەلىپە يارىتىمەن" ئىپادىسىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان:

"ئۆز ئىرادەمدىن، قۇدرەت ۋە سۈپىتىمدىن ئۇنىڭغا بەزى سالاھىيەتلەر بېرىمەن. ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا، ماڭا ۋاكالىتەن مەخلۇقاتلار ئۈستىدە بىر يۈرۈش ئىدارە قىلىش (باشقۇرۇشقا) ئىگە بولىدۇ، مېنىڭ نامىمغا ھۆكۈملىرىمنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئەسلى بولمايدۇ، ھېچ بىر ھۆكۈمنى ئۆز زاتى ۋە شەخسى نامىدا ئىجرا قىلمايدۇ. پەقەت مېنىڭ بىر مۇئاۋىنىم ۋە ۋەكىلىم بولىدۇ. ئىرادىسى بىلەن مېنىڭ ئىرادەمنى، مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى، مېنىڭ قانۇنلىرىمنى تەدبىقلايدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەر ۋە ئۇنىڭغا خەلىپە بولۇپ، ئوخشاش ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغانلار بولىدۇ، **ئاللاھ سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى،** (ئەنئام، 165) سىررى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

(ئەلمالىلى، "ھەق دىنىي قۇرئان تىلى" 1، 299 - 300)

ئىنسان جانابى ئاللاھقا يېقىنلىق جەھەتتىن پەرىشتىلەرمۇ ئارزۇ قىلغان سۈپەت ۋە قابىلىيەتتە يارىتىلغان. بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ

**"بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق"**

(تىن، 4)

2. ئاللاھ تائالا ئەسمائى ئىلاھىيەسىنىڭ تەجەللىسىنى ئۈستۈن بىر سەۋىيەدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىنساننى ياراتقان.

"ئاللاھ تائالانىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار" (مۇناۋى، "تەئارىف"، 564)

ھەدىسمۇ بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى ئەسمائى ئىلاھىيەنىڭ ئەڭ بۈيۈك تەجەللىسى، مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ئەڭ زىيادە ئىنساندا كۆرۈلىدۇ. پەرىشتىلەردە **كىبرىيا** ۋە **مۇدىللىغا** ئوخشاش ئەسمانىڭ تەجەللىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەپسى توسقۇنلىقىمۇ يوق، گۇناھ قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپسى توسقۇنلىقىنى ئېشىپ ئاللاھقا يېتىش ۋە خەلىپەتۇللاھ بولالايدىغان قابىلىيەت يالغۇز ئىنسانغا نېسىپ قىلىنغان.

شۇنىڭدەك ئەشرەپى مەخلۇقات بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراجدا پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى بولغان جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۆتەلمىگەن چېگرانىڭ يەنى سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا ئىنسان دۇنياغا يارىتىلىش مەخسىتىنى ئىدراك قىلىپ، جانابى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر ھېسسىياتىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى كېرەك.

**ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى**

كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بىلىشى، ئىبادەت، ئىتائەت قىلىشى ۋە زېمىننى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان "ئىنسان" يارىتىشنى ئىرادە قىلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن ياراتقان ۋە پەقەتلا ئىبادەت بىلەن ۋەزىپىلەندۈرگەن پەرىشتىلەرگە بۇ ئىلاھى ئىرادىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُواْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاء وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: "مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن" دېدى. پەرىشتىلەر: "يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز" دېدى. ئاللاھ: "مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن" دېدى."** (بەقەرە، 30)

ئاللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقى ئالدىدا پەرىشتىلەر بىرلىكتە:

قَالُواْ سُبْحَانَكَ لاَ عِلْمَ لَنَا إِلاَّ مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ *

**"پەرىشتىلەر: "سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن" دېدى.** (بەقەرە، 32)

خەلىپە، ۋەكىلگە ئوخشاش بولۇپ ئەسلىنىڭ ئورنىغا مۇئاۋىن بولۇش، يەنى ئاز ۋە كۆپ ئۇنىڭ ئورنىنى تۇتۇپ ئۇنى تەمسىل قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە **خەلىپە**، ۋەكىل مەنىسىدە بولۇپ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى يەر يۈزىدە تەمسىل قىلغان، ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلغان كىشى دېمەكتۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا ئىنسان، ئاللاھنىڭ نۇرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتە ۋاستە ۋە ۋەسىلە بولىدۇ.

ۋاكالەت، ئەينى زاماندا ئەسلىنىڭ نائىبىگە بىر شەرەپ ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلىشىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى زېمىندا خەلىپە قىلىشىمۇ بۇ كاتىگورىيەگە كىرىدۇ. ئەسلىدە ئىنسانغا بېرىلگەن روھتىمۇ بىر باشقۇرۇش سۈپىتى بار. بۇنداق بولمىغاندا بۇ خەلىپىلىك ھېچ بىر شەكىلدە "ئۇلۇھىيەتكە ۋاكالەت" مەنىسىدە كەلمەيدۇ.

بۇ ئايەتتە جانابى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرگە بىر تۈر مۇشاۋىرە (مەسلىھەت) قىلغانلىقىدىن سۆز قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا بىر خەلىپە يارىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندا، پەرىشتىلەر ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا تېخىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى سەزدۈرۈشكە تىرىشىپ، ئاللاھنى كۆپ تەسبىھ ۋە تەنزىھ ئېيتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن جانابى ئاللاھ **"مەن سىلەر بىلمىگەننى بىلىمەن"** دېيىش ئارقىلىق بىر قاراشتا پەرىشتىلەرنىڭ بۇ تەسبىھ ۋە تەنزىھ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ خەلىپىلىك ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ئۆزىدىن بىر سىر، يەنى روھ پۈۋلىشى كەيفىيەتىنىڭ ۋە ئەسما تەلىمىنىڭ بۇنىڭغا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ سەۋەپتىن ئىنسان بىر ئىجاد بەدىئىسى، يەنى ئىلاھىي بىر سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، زاھىرى ھەم باتىنى بىلەن خەلىپىلىككە لايىقتۇر. ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئەسماسىنىڭ ئۆزىدە كامىل تەجەللىسى بولغان مۇكەممەل مەۋجۇدىيەتتۇر.

**پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھتىن سوئال سورىشىنىڭ ھېكمىتى**

1. پەرىشتىلەر، ئىنساننىڭ يارىتىلىش ھېكمىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىپ سوئال سورىغان، ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكىدىن ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھەسەت تۈپەيلىدىن سوئال سورىمىغان. چۈنكى ناسلارنىڭ (ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ) بايان قىلىشىچە پەرىشتىلەردە ئاللاھقا ئىسيان ۋە ئېتىراز قىلىش، ھەسەت ۋە نەپرەتكە ئوخشاش يامان ئادەتلەر بولمايدۇ.

2. پەرىشتىلەرنىڭ، ئىنساننىڭ زېمىندا پاسات چىقىرىپ قان تۆكىدىغانلىقىنى لەۋھۇل مەھپۇزدىن خەۋەر تاپقانلىق ئېھتىمالىمۇ بار. بۇ سەۋەپتىن بۇنداق بىر

سوئال سورىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بەزى كالام ئالىملىرى، پەرىشتىلەرنىڭ لەۋھۇل مەھپۇزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن.

3. ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇن بۇ ئەھۋالنى ئۇلارغا بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن سورىغان بولۇشى مۇمكىن.

4. يەنە بەزى قاراشتا پەرىشتىلەر، جىنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە پاسات چىقارغانلىقنى بۇنىڭ ئالدىدا بىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سوئالنى سورىغان.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغاندا، زېمىنغا: "مەن سېنىڭ تۇپرىقىڭدىن ئۆزەمگە خەلىپە يارىتىمەن. ئۇلاردىن ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئىسيان قىلىدىغانلار چىقىدۇ. ماڭا ئىتائەت قىلغانلارنى جەننەتكە، ئىسيان قىلغانلارنى جەھەننەم بىلەن جازالايمەن" دەپ ئىلھام قىلغان.

كېيىن ئالاھتائالا **جىبرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل** ۋە **ئەزرائىل** ئەلەيھىسسالامنى تەرتىپ بىلەن زېمىنغا ئەۋەتكەن. ئۇلاردىن ئايرىم يەرلەردىن بىرەر چىمدىم تۇپراق كەلتۈرىشنى بۇيرىغان. پەرىشتىلەر بۇ ئەمرنى ئورۇنداش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشكەندە، زېمىن:

"بۇ سىلەرنىڭ ئالدىغان تۇپراقتىن ئىنسان يارىتىلىدۇ ۋە ئۇ ئاللاھقا ئاسى بولىدۇ. بۇسەۋەپتىن جەھەننەمگە كىرىدۇ. نەتىجىدە مېنىڭ بىر پارچام جەھەننەمدە كۆيىدۇ!" دەپ تۇپرىقىدىن بېرىشنى خالىمىغان.

بۇ سەۋەپتىن جىبرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل (ئاللاھنىڭ سالامى ئۇلارغا بولسۇن) قاتارلىق پەرىشتىلەر زېمىندىن ھېچ بىر نەرسە ئالماي، رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ مۇنداق دېگەن:

"ئى رەببىم! زېمىن ساڭا سېغىندى، جەھەننەمدە كۆيۈش قورقۇسى بىلەن تۇپرىغىنى بېرىشنى خالىمىدى. بىزمۇ مەجبۇرلاشنى لايىق كۆرمىدۇق!"

لېكىن ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام زېمىننىڭ بۇ تەلىۋىگە:

"مەن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىماي ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىشتىن ئۇنىڭغا سىغىنىمەن" دەپ، زېمىننىڭ ھەر خىل يەرلىرىدىن ھەر خىل رەڭدە قىزىل، ئاق، قارا تۇپراق ئالدى. كېيىن بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ كەلدى. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كەسكىنلىگى تۇپەيلىدىن روھلارنى ئېلىش ۋەزىپىسى بېرىلدى.

ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. تۇپراق بەزىدە ئىسسىقتىن قورىلىدۇ، سۇغا ھەسرەت قالىدۇ. بىر مەۋسۇم قىشنىڭ جاپاسىغا چىدايدۇ. بەرىكەتلىك باھار يامغۇرى بىلەن يېڭىدىن تىرىلىدۇ. مىڭ بىر گۈزەللىك، رەڭ، خۇشپۇراقلىقى بىلەن ئىلاھىي قۇدرەت نەقىشلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدۇ.

ئىنساننىڭمۇ تۇپراققا ئوخشاش بىر تەقدىرى بار. دۇنيا سۆيگۈسى گىرداۋىدا چۆلدىكى قۇم بۇران-چاپقۇنلىرىدەك چالقىلىنىپ تۇرىدۇ. نەپسىنىڭ مەھكۇمى بولۇپ ئۆزىنى پەرىشان قىلىدۇ. لېكىن نەپس توسقۇنلىقىنى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىدە مۇكەممەللىشىدۇ. تۇپراقنىڭ باھار يامغۇرى بىلەن ھايات تېپىشىغا ئوخشاش پەيز ۋە رەھمەت تەجەللىلىرىگە ئېرىشىپ باشقىلارنى ئويلايدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە كەلگەن نېمەتلەرنى، باھار بەرىكتىنىڭ گۈزەللىك ۋە موللىقى ئىچىدە ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراقلار مىسالى ئەتراپىغا ئىنپاق (تارقىتىدۇ) قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ پانى (ۋاقىتلىق) ۋۇجۇدى، تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن تۇپراق بىلەن ئوزۇقلىنىپ، تۇپراقتا يوق بولىدۇ يەنى ئەسلىگە قايتىدۇ. تۇپراقتىكى پۈتۈن ئېلمېنتلار ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئاز، كۆپ مەۋجۇت. ئىنسان ۋۇجۇدى، ئەينى زاماندا تۇپراقنىڭ ئايرىم بىر كۆرۈنۈشىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن **"ئادەم"** دەپ ئاتالغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

خَلَقَهُ مِن تُرَابٍ ثِمَّ قَالَ لَهُ كُن فَيَكُونُ

**"ئادەمنى ئاللاھ (ئاتا - ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: "ۋۇجۇدقا كەل" دېدى - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى."** (ئال ئىمران، 59)

تۇپراق قىزىل، ئاق، قارا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل رەڭلەرگە ئىگە بولغىنىدەك ئۇنىڭدىن يارىتىلغان ئىنسانلارمۇ ھەرخىل رەڭدە. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇپراقنىڭ قاتتىق، يۇمشاق تەرەپلىرى بولغىنىدەك ئىنسانلارمۇ ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن ھەر خىلدۇر. بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ ثَمَرَاتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهَا وَمِنَ الْجِبَالِ جُدَدٌ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ وَمِنَ النَّاسِ وَالدَّوَابِّ وَالْأَنْعَامِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ كَذَلِكَ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ

**"كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك ئاللاھ تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىل، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار [27]. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر."** (فاتىر، 27 - 28)

بۇ ھەقتە رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ تائالا، ئادەمنى زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدىن ئېلىنغان بىر تۇتام تۇپراقتىن ياراتقان. بۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ ئۇ تۇپراقلارغا نىسبەتەن بىر قىسمى قىزىل، بىر قىسمى ئاق، بىر قىسمى قارا، بىر قىسمى بولسا بۇ رەڭنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان رەڭدە. بىر قىسمى يۇمشاق، بىر قىسمى قاتتىق، بىر قىسمى ياخشى خۇيلۇق، بىر قىسمى ئەسكى خۇيلۇق بولۇپ (يەنى ھەر خىل ئىقتىدار، خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلەردە) دۇنياغا كەلگەن." ( ئەبۇ داۋۇد، "سۈننەت"، 16)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، "ئاللاھ، ئادەمنىڭ خىلئەت تۇپرىقىنى قولى بىلەن قىرىق كۈن يۇغۇرغان." (تەبەرى، تەپسىر، 111، 306) بۇ كۈنلەردىن ھەر بىرى، بىز ئۈچۈن كەيپىيەتى مەجھۇل بولغان بىر زامان پارچىسىدۇر.

ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئادەم يارىتىلغان لاي قىرىق يىل ئۆز ھالىدا قالدۇرۇلغان بولۇپ، قېلىپ شەكلىدە پىشۇرۇلغان. ئۈستىگە ئوتتۇز توققۇز يىل قايغۇ يامغۇرى، بىر يىل خۇشاللىق يامغۇرى ياققان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم بالىلىرىنىڭ غەم-قايغۇسى خۇشاللىقىدىن كۆپ. شۇڭا ھېكمەت ئەھلى مۇنداق دەيدۇ:

"بۇ شۇنداق بىر دۇنيا! بىر كۈن كۈلدۈرسە، كۈنلەرچە يىغلىتىدۇ."

بۇ يەردىكى يامغۇر ماددى يامغۇر بولماستىن، مەنىۋى بىر تەجەللىدۇر. مەجازى جەھەتتىن يامغۇر دەپ ئېيتىلماقتا.

غەم-قايغۇدىن كېيىن دائىما خۇشاللىق كېلىدۇ. بۈيۈك مۇكاپاتلار، بۈيۈك سەبىر ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ئارقىسىدا. مېراج مۆجىزىسىنىڭ، جاپا-مۇشەققەت، دەرت-ئەلەم تولغان تائىپ سەپىرىنىڭ كەينىدىن ئېھسان قىلىنىشى، ئېغىر قىيىن-قىستاق ئىچىدە ئۆتكەن مەككە دەۋرىدىن كېيىن مەدىنە دەۋرىنىڭ كەلگىنىگە ئوخشاش...

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا  إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا

**"ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [5]. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار."** (ئىنشىراھ،5-6)

ئىنشىراھ سۈرىسى نازىل بولغان چاغدا، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ بىر قىيىنچىلىق بەدىلىگە ئىككى ئاسانلىق تەقدىر قىلغانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ، كۈلۈمسىرگەن ھالدا:

بىر مۇشكۇللۇك ئىككى ئاسانلىقتا ھېچ بىر زامان غالىپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى:

فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا

**"ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [5]. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار."** ( ئىنشىراھ، 5-6) دېگەن ھالەتتە ساھابىنىڭ يېنىغا كەلگەن.

ھاياتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرى ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرگە بىر چىقىش يولى كۆرسىتىش ئۈچۈن شائىر مۇنداق دەيدۇ:

"بېشىڭغا ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىق كەلسە ئىنشىراھ سۈرىسىنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىل! ئۇ يەردە بىر مۇشەققەت ئىككى ئاسانلىق ئارىسىدا زىكىر قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنى ياخشى چۈشەنگىنىڭدە خۇرسەن بولۇپ، غەم-قايغۇرۇڭ يۇقاپ كېتىدۇ."

ھەقىقەتەن، دۇنيا تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان بىر ئىمتىھان يېرىدۇر. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ

**"بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان - زەخمەتلەرگە) سەبىر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن [155]. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: "بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دەيدۇ [156]. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر."** (بەقەرە، 155 - 157)

جامادات ۋە نەباتات (ئۆسۈملۈك)نىمۇ ئومۇمى يۈزلۈك بىر سەبىردىن كېيىن ۋايىغا يېتىش بار. باھارنىڭ كېلىشى، تۇپراقنىڭ قىش مەۋسىمدىن چەككەن جاپاسىدىن كېيىندۇر. ئىنسانمۇ سەبىر بىلەن توختالغان ۋە كامىل ئىنسان ھالىغا كېلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلىش باسقۇچى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

**1. تۇپراق باسقۇچىسى**

خَلَقَهُ مِن تُرَابٍ ثِمَّ قَالَ لَهُ كُن فَيَكُونُ

**"ئادەمنى ئاللاھ (ئاتا - ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: "ۋۇجۇدقا كەل" دېدى - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى."** (ئال ئىمران، 59)

ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن تۇپراقنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. تۇپراق سېغىزلىق، قۇملۇق، قاتتىق، يۇمشاق بولغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. تۇپراق دەسسىلىنىدۇ، ھەر نەرسە ئۇنىڭ ئۈستىدە راھەتلىك بىلەن ئىشلىنىدۇ. تۇپراق بۇنىڭغا قارشى ھېچ ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسانلاردىكى سەبىر، كەمتەرلىك، ئاق كۆڭۈللۈككە

ئوخشاش سۈپەتلەر بۇ يەردىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە تۇپراقنىڭ ھەرىكەتسىزلىكىدىن ئىنسانلار ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقتا ئوخشاش سۈپەتلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ.

### 2. لاي باسقۇچى

الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ وَبَدَأَ خَلْقَ الْإِنسَانِ مِن طِينٍ

**"ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمىتىگە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى."** (سەجدە، 7)

لاي باسقۇچىدا سۇ ئارىغا كىرىدۇ. سۇ ئالدى بىلەن پاكىزلايدۇ ۋە پاكىزلىقنى تەمسىل قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن سۇ ئىنساندىكى شەرمى-ھايا، ماددى ۋە مەنىۋى پاكىزلىق تۇيغۇسىنى تەمسىل قىلىدۇ.

### 3. يېپىشقاق لاي باسقۇچى

إِنَّا خَلَقْنَاهُم مِّن طِينٍ لَّازِبٍ

**"بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى بولغان ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق."** (ساففات، 11)

يېپىشىش ئىنساننىڭ ساداقەت تۇيغۇسى ۋە باغلىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ جاھىللىقى ۋە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىشىمۇ بۇ باسقۇچنىڭ بىر نەتىجىسى.

### 4. ھاۋادا قۇرىغان قۇرۇق لاي باسقۇچى

وَلَقَدْ خَلَقْنَا الإِنسَانَ مِن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ

**"شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق."** (ھىجر، 26)

ئايەتتە زىكىر قىلىنغان "سالسال: ھاۋادا قۇرىغان لاي" باسقۇچىدا "ھاۋا" ئېلېمېنتى ئارىغا كىرىدۇ. ھاۋا ئىنساننىڭ لېيىغا ھەرىكەتلىك ئاتا قىلغان. ئىنسان تەبىئىتىدىكى قارارسىزلىق، قاراردىن يېنىۋېلىش، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق سۈپەتلىرى بۇ باسقۇچنىڭ نەتىجىسى.

### 5. شەكىللەنگەن (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپال باسقۇچى

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِّن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ

**"پەرۋەردىگارىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام)نى يارىتىمەن."** (ھىجر، 28)

شەكىللەنگەن ساپال باسقۇچى ئىنسانىنىڭ شەكىلگە كىرىش، تەربىيە ۋە تەزكىيە بولالايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۈپىتىنىڭ ياخشى ۋە يامانغا قوللىنىش ئىمكانى بار. مۇھىم بولغىنى ئۇنى توغرا تەرەپكە تارتىش.

### 6. ئوتتا پىشقان لاي باسقۇچى

خَلَقَ الْإِنسَانَ مِن صَلْصَالٍ كَالْفَخَّارِ

**"(ئاللاھ) ئىنسانىنى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى) (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتى."** (رەھمان، 14)

بۇ باسقۇچتا ئوت ئېلمىنتى ئوتتۇرىغا كىرىدۇ. ئىنسانىنىڭ كىبرى، غورۇرى، قىزغانچۇقلىقى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىقىش ۋە ئالدامچىلىق سۈپەتلىرى ئوتتىن مەيدانغا كەلگەن.

مۆئمىنۇن سۈرىسىنىڭ 12 - 14 - ئايەتلىرى ھەزرىتى ئادەمدىن كېيىن ئۇنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ھەر بىر ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش باسقۇچىنى مۇنداق خۇلاسىلايدۇ:

وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن سُلَالَةٍ مِّن طِينٍ ثُمَّ جَعَلْنَاهُ نُطْفَةً فِي قَرَارٍ مَّكِينٍ ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا الْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا الْمُضْغَةَ عِظَامًا فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْمًا ثُمَّ أَنشَأْنَاهُ خَلْقًا آخَرَ فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ

**"بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق [12]. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق [13]. ئاندىن ئابىمەنىينى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە**

**ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.** (مۆئمىنۇن، 12-14)

بۇ مەلۇماتلارغا مىدىتسىنا ئىلمى كۆنىمىزدە ئېرىشتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچىنى 1400 يىل بۇرۇن ئىلمى ھەقىقەتلەرگە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا خەۋەر بەردى.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا، ئىنساننىڭ ئىبرەت بىلەن تولغان، ھەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان باسقۇچلار ئۈستىدە توختالغان. بۇ باسقۇچلارنىڭ ئەۋۋىلىنى تەشكىل قىلغان لاي، يەنى ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى تۇپراق باسقۇچى، كۆرۈنۈش جەھەتتىن قىممىتى بولمىغان بىر ماددىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچلار بولسا، ئىنسان ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىققان قىممەتسىز بىر سۇ؛ يېپىشقان ۋە قېتىغان بىر قان پىھتىسى؛ (قويۇق قان پارچىسى) ئېغىزدا چاينالغان بىر كۆرۈنۈشكە ئىگە جازىپ بولمىغان ۋە ھەتتا سەسكەندۈرىدىغان بىر ماددە. ئاندىن كېيىن ئىلاھىي قۇدرەت تەجەللىسى بىلەن ئىنچىكە، نازۇك ۋە كۆركەم بىر مەنزىرىنى تەشكىل قىلغان ئىنساندىن ئىبارەت سەنئەت بەدىئىسىنى شەكىللەندۈرىشى... بۇنىڭغا ئەگىشىپ جىسىم، روھنىڭ ساغلام، قۇۋۋەتلىك بولۇشى، ئاخىرىدا بۇ تەرەققىيات جەريانىنىڭ تەسىرىدىن، تەكرار قايتىدىن كەلگەن يېرى بولغان تۇپراقتا ئايلىنىپ يوقۇلىشى!...ئارقىسىدىن سېسىپ كەتكەن بەدەن ئىچىدە، خۇددى بىر سۇ تامچىسى ۋە ئېچىپ كەتمىگەن "ئاجىبۇز-زەنەب" ئىسمى بېرىلگەن يالغۇز بىر ئۇرۇقتىن، بىر ئوت-چۆپنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانىنىڭ تىزلاندۇرۇلغان شەكلىگە ئوخشاش يېڭىدىن ئۇتتۇرىغا چىقىش ۋە تىرىلىش!...

ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ئايەتتە ئىنساننىڭ بۇ كۆپلۈك ئالىمدىكى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نەرسىلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

وَمَنْ نُعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي الْخَلْقِ أَفَلَا يَعْقِلُونَ

**"بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز (يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)، ئۇلار (بۇنى چۈشەنمەمدۇ؟"** (ياسىن، 68)

اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً يَخْلُقُ مَا يَشَاء وَهُوَ الْعَلِيمُ الْقَدِيرُ

**"ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر."** (رۇم، 54)

مِنْهَا خَلَقْنَاكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَى

**"سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگۈنۈڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (توپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز [55]. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى."** (تاھا، 55)

بۇ ھەقىقەت كۆرستىپ بېرىدۇكى، ئىنساننىڭ بەدىنى، دۇنيادا ياشىغان باسقۇچلار ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن پانىلىققا مەھكۇمدۇر. ئەسلى مەخسەت روھى سۇلتاندۇركى، جەننەت-جەھەننەم، سائادەت ياكى شاقاۋەت يولى بۇنىڭ بىلەن بولىدۇ. ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

"بەدەنگە ياغلىق ۋە ھەسەللىك نەرسىلەرنى ئاز بەر. چۈنكى تېنىڭنى يېتىشتۈرگەن نەرسە، نەپسى ئارزۇلارغا چۈشۈرۈپ ئاخىرىدا رەسۋا قىلىدۇ."

"روھقا مەنىۋى ئوزۇق بەر. توختاملىق بىلەن چۈشىنىش، سەممىيەت ۋە روھى ئوزۇقلار بەرگىنكى، كېتىدىغان يېرىگە، باقى ئالەمگە كۈچلۈك كەتسۇن!"

## روھنىڭ بېرىلىشى

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ سىرتقى شەكلىنى بىر سىقىم تۇپراقتىن ياراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەخلۇقات ئارىسىدا ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىنى ئېھسان قىلىپ، ئۆزىدىن بىر سىر بەرگەن. بىر جىسىم ھالىتىدە يارىتىلغان ئىنساندا ھەرىكەتچانلىق، پەقەت روھنىڭ پۈۋلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن روھنىڭ پۈۋلىنىشى، ھەر نەرسىدىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ بەندىسىگە قىممەت بېرىشى ۋە ھايات بېرىشىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى:

فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُ سَاجِدِينَ

**"مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۇرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار)."** (ھىجر، 29) دېگەن ئايەت بىلەن بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا روھىدىن پۈۋلىشى، تەمسىلى بىر ئىپادىدۇر. بۇ بۈيۈك بىر ھەقىقەتنىڭ، تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بىر كىچىك بالىغا ئاڭلىتىشتىكى زۆرۈرىيەتكە ئوخشايدىغان بىر كەيپىيەتنىڭ ئەسەرىدۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى بەندىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا بېرىشى دېمەكتۇر. ئىنسان ئاللاھتىن ئالغان روھ بىلەن بىرلىكتە رەببىدىن ئالغان ئامانەتنىڭ بەرىكىتى بىلەن رەببىنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئىلاھىي سىر ۋە ئىلاھىي قۇدرىتىنى ئىقتىدارىغا قارىتا تونۇشقا ۋاقىي بولىدۇ. بۇنىڭ مەركىزى بولسا قەلبتۇر. بۇيەردە قەلب فىزىكى بىر مەۋجۇدىيەت بولماستىن بەلكى ھېس قىلىش مەركىزى بولغان بىر تەجەللى ماكانى مەنىسىدە كېلىدۇ. روھى سۇلتانىيەگە ئىگە بولۇش، ئىنساننى ئۈچ ئاساسلىق ۋەزىپىگە ئىگە قىلىپ، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بىلەن تەييارلايدۇ:

1. نەپسىنى تونۇش، ئۆز زاتى ۋە ھەقىقىتىنى بىلىش،
2. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى بىلىش ۋە رەببىنى تونۇش، ( مەرىپەتۇللاھ)
3. ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا يوقسۇل ۋە موھتاجلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىش.

"ئۆزىنى تونىغان رەببىنى تونۇيدۇ" (ئاجلۇنى، كەشفۇل ھەفا، 11، 361)

يارىتىلغان مەۋجۇداتلارنىڭ تۇنجىسى نۇرى مۇھەممەد (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) نۇرى بولغىنىدەك، روھلارنىڭ يارىتىلىشىدىمۇ ئۇنىڭ روھى تۇنجىدۇر. باشقا روھلار، ئۇنىڭ شەرەپلىك روھىنىڭ قىممىتىنىڭ بىلىنىشى ئۈچۈن بىر قۇتۇدا ساقلانغان جەۋھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە **"ئەبۇل ئەرۋاھ"** روھلارنىڭ ئاتىسى دېيىلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

"سىزگە پەيغەمبەرلىك قاچاندىن باشلاپ ئىھسان قىلىندى؟"

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

"ئادەم، روھ بىلەن جەسەت ئارىسىدىكى ۋاقىتتا" دېگەن.

بۇ جەھەتتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەرلىكتىمۇ تۇنجى پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، روھى ۋە پەيغەمبەرلىكى جەھەتتىن تۇنجى بولۇشىنىڭ ھېكمىتى، بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئادەمگە پەرىشتىلەرنىڭ سەجدە قىلدۇرىلىشى بابىدا توختىلىمىز.

روھنى ئىككى باسقۇچتا مۇلاھىزە قىلىمىز:

1. **روھى سۇلتانى:** "ئەمر" ئالەمدىن بولۇپ، بەدەندىن ئايرىمدۇر. بەدەن بىلەن بىللە بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەسەررۇپتا بولۇشى بىلەندۇر. بەدەنىنىڭ سېسىپ يۇقۇلىشى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ. پەقەت بۇ شەكىلدە جىسمانى ئارزۇلار ئۈستىدىكى تەسەررۇپى توگەيدۇ.

2. **روھى ھايۋانى:** خەلق ئالەمدىن. بەدەنىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىق ھۆكۈمرانلىقى قان ئۈستىدە، مەركىزى دىماقتا. ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ باشلانغۇچ نوقتىسىدۇر. ئەگەر ھايۋانى بىر روھ بولمىغان بولسا ئىدى، ھېچ بىر ئەسەر مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.

بۇ ئىنسانىنىڭ پېئىللىرى، بۇ سۇلتانى روھ بىلەن ھايۋانى روھنىڭ ئورتاق خىسلەتلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

**روھنىڭ بەش باسقۇچى**

**1. يوقلۇق (ئەدەم) باسقۇچى:**

ئەزەلدە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ بىر مەۋجۇدات يوق بولۇپ، ئۇ زاماندا روھلارمۇ يوق ئىدى. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

هَلْ أَتَى عَلَى الْإِنسَانِ حِينٌ مِّنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْئًا مَّذْكُورًا

**"ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى."** (ئىنسان، 1)

**2. روھلار ئالەمىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى (ئەلەست بەزمى):**

ئاللاھ تائالا ھېكمىتى سەۋەبىدىن بەدەننى يارىتىشتىن بۇرۇن روھلارنى ياراتقان. بىر ھەدىس شەرىپ مۇنداق دەيدۇ:

"روھلار بەدەندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن يارىتىلغان" (دەيلەمى، "مۇسنەد"، 11، 187 - 188)

**3. بەدەنگە كىرىش دەۋرى:**

بەدەننىڭ يارىتىلىشىدىن خېلى بۇرۇن يارىتىلغان ۋە ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ رەببى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەھدى ئېلىنغان روھلار، ئەزەلدە بەلگىلەنگەن تەقدىرگە ئاساسەن بىر ـ بىرلەپ بەدەنگە كىرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. ئايەتتە، تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەمگە روھنىڭ بېرىلىشى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي

**"ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا"** (ھىجر، 29)

**4. بەدەندىن ئايرىلىش دەۋرى:**

بۇ پانى دۇنيادا ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان ئۆمۈرنى ئاخىرلاشتۇرغان روھلار، مەلۇم ۋاقىت بىرلىكتە بولغان بەدەنلەردىن، قانداق كەلگەن بولسا شۇنىڭدەك بىر ـ بىرلەپ ئايرىلىدۇ. ھېچكىم قۇتۇلالمىغان بۇ ئاقىۋەت ئۆلۈم دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ

**"ھەر بىرجان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ."** (ئال ئىمران، 185)

**5. قايتىدىن (تەكرار) بەدەنگە قايتىش دەۋرى:**

ئىسلام ئەقىدىسىگە قارىغاندا ئۆلۈم، بىر يوقۇلۇش بولماستىن، بۇ ئانا رەھمىدىكى بۇۋاقنىڭ ئۇ يەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ بۇ دۇنياغا كېلىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ روھنىڭ بۇ پانى ئالەمدىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈلۈك بىر ھاياتنىڭ تاڭ سەھىرىگە توغۇلىشىدۇر. ئىنسان ئوغلى بۇ دۇنيادا ياشىغان ھاياتىدىن ھېساب بېرىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئەبەدى بىر سائادەتكە ئىگە بولىدۇ ياكى (ئاللاھ ساقلىسۇن) ئەبەدى بىر ئازاپقا دۇچار بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يۈزلەرچە ئايەتتىن ئىككىسى:

قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ

**"ئېيتقىنكى، ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر".** (ياسىن، 79)

ئاللاھ تائالا تەكۋىر سۈرىسىدە دەھشەتلىك ۋە ئىبرەتلىك قىيامەت ئالامەتلىرى ھەققىدە توختۇلۇپ، يەتتىنچى ئايەتتە روھنىڭ قايتىدىن بەدەن قېلىپىغا ئېلىنىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَإِذَا النُّفُوسُ زُوِّجَتْ

**"تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا"** (تەكۋىر، 7)

ئىنسان رەببىدىن بىر سىر بولغان ھالدا ئۆپلەنگەن روھنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئاخىرەتكە ئائىت بولۇپ، ئىنسان ئىدراكىنىڭ سىرتىدىكى بىر ماھىيەتتۇر. شۇڭا روھنىڭ بۇ ماھىيىتى ھەققىدە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي وَمَا أُوتِيتُم مِّن الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً *

**"ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. "روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ" دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن."** (بەنى ئىسرائىل، 85)

روھنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ھەرخىل كۆز قاراشتا بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

روھ پەقەت رەببىمىزگە ئائىت بولغان ئىشتىن ئىبارەت.

روھ "ئەمر"نىڭ ئاساسى بولغان بىر جەۋھەردۇر. روھ رەببىمىزنىڭ ئەمرى جىنسىدىن بىر پىئىلدۇر.

ئايەتتە دېيىلگەن **"ئەمر"** كەلىمىسى يەنە بىر مەنبەدىن بولغان "ئەمارەت" كەلىمىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەمىر قىلىش، بۇيرۇش، ئەمىرلىك، باشقۇرۇش دەپ ئىزاھلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدا روھ ئەمىرنىڭ ئەھۋالى ۋە سۈپىتى دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بەندىدە تەجەللى بولۇشىدۇر. يەنى بەندىدە تەجەللى قىلغان سۈپەتلىرىدىن بىرىسى بولسا ئەمارەت (باشقۇرۇش) تۇر. دېمەك ئىنساننىڭ **"ئاللاھنىڭ خەلىپىسى"** بولۇشى، بۇ يەردىكى ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇش تەجەللىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئەمارەت (باشقۇرۇش) ئىنسانغا خاستۇر. شىر، بەدەن قۇرۇلىشى جەھەتتىن ئىنساندىن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئىنسان مۇكەممەللىكى ئالدىدا ئاجىزدۇر. مەسىلەن، شىر مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئۆزىگە بىر ئۆي ياكى قاتناش ۋاستىسى ياسىيالمايدۇ.

پەرىشتىلەردىمۇ كامىل مەنىدە تەجەللى يوقتۇر. بۇ شەكىلدىكى بىر تەجەللى، پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. ئىنسان "ئەھسەنى تەقۋىم" ئەڭ گۈزەل قىۋام بىلەن "بەلھۇم ئەزەل" ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن بىر دەرىجە ئارىسىدا. مەسىلەن، ئىنساننىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىدا تەجەللى قىلغان "رەھمان" ۋە "رەھىم" سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، نەفسىمۇ "مۇدىلل" ۋە "كىبرىيا" سۈپەتلىرى تەجەللى قىلىدۇ. يەنى ئىنسان جامىئۇل ئەزداد (پۈتۈن ئىجابى ۋە سەلبى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە توپلىغان) جامىئۇل ئەزداد سۈپىتىگە ئىگە بولغان مەخلۇقاتلار ئارىسىدا كامىل مەنىدە يالغۇز ئىنسانغا مەخسۇستۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانغا روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئىلىم بېرىلگەنلىكى تەكىتلەندى. بۇ جەھەتتىن ئىنسان ھەددىنى ئېشىپ روھنىڭ سىررىنى بىلىشكە تىرىشماسلىقى ۋە ئىلمى بىلەن مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. بۇنىڭ ئورنىغا كۆپرەك مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قۇللۇققا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنى پەرىشتىلەرنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك ۋە تەقدىرلەشكە لايىق ئەمرىگە بويسۇنىدىغان بىر ھالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئادەمگە پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگىتىپ تەلىم بەردى. قۇرئاندا بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَعَلَّمَ آدَمَ الأَسْمَاء كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلاَئِكَةِ فَقَالَ
أَنبِئُونِي بِأَسْمَاء هَؤُلاء إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ

**"ئاللاھ پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: "(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار" دېدى.** (بەقەرە، 31)

پەرىشتىلەر ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتتى، بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا:

قَالَ يَا آدَمُ أَنبِئْهُم بِأَسْمَآئِهِمْ فَلَمَّا أَنبَأَهُمْ بِأَسْمَآئِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ

**ئاللاھ: "ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن" دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: "مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم" دېدى.** (بەقەرە، 33)

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۆگۈتۈلگەن ئىسىملەردىن مەخسەت، بىر قاراشتا زېمىندىكى پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئىسىم، ماھىيەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدۇر. بۇ يەردە بىزنىڭ بىلەلمىگىنىمىز ئىلاھىي سەنئەت، نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى، يارىتىلىش سىررى، لەۋھۇلمەھپۇز، تەقدىر ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەر بىلەن پۈتكۈل كائىنات ۋە زېمىندىكى ئىلاھىي سىرلار، يەنى ئىلاھىي ئىسىملەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنىڭ دائىرىسىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بىلىنىشى، پەقەت قەلبى بىر ھايات بىلەن مۇمكىندۇر. نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى، سىرلىرى، قەلبى تۇيغۇلار نىسبىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇمۇ پەقەت ئىلاھىي ئىسىملەرنىڭ چۈشىنىلىشىگە باغلىقتۇر. ئاللاھ تائالا:

وَلِلّٰهِ الأَسْمَاءُ الْحُسْنَى

**"ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار."** (ئەئراف، 180)

دەپ ئۆزىنى ئىلاھىي ئىسىملىرى ۋاستىسى بىلەن قۇللىرىنىڭ ئىدراكىغا تەقدىم قىلىدۇ.

بەندە ئۇلۇھىيەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئىسىم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەت، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ۋاز كېچىپ بولمايدىغان بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ جەھەتتىن بەندىنىڭ ياخشى-يامان ھەرىكەتلىرى، ئۇلۇھىيىتىنىڭ ھەقىقىتىگە ئەمەس، ئىسمىگە يۆلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەقىقىتى داۋاملىق نوقسانىدىن يىراق قالىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ تائالاغا خاس ئىسىملەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئىنسان ئۇنىڭغا قارىتا مۇناسىۋىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تارتقان بولاتتى. چۈنكى ئىنسان جانلىقلارنى ئىسىمدە كۆرۈپ ئىسىم بىلەن ئىپادىلەشكە كۆنگەن. ئىنسانغا

نىسبەتەن ئىسىم، جانلىقلارنىڭ يېزىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا ئۇنىڭغا پۈتكۈل ئىسىملەرنى ئۆگەتكەن ۋە ھەزرىتى ئادەمنىڭ پەرىشتىلەردىن ئۈستۈنلىكىنى بۇنىڭ بىلەن ئىپادىلىگەن. دېمەك بىر جانلىقنىڭ ئىسمىنى بىلىش بىر مەنىدە ئۇنىڭ زاتى بارلىقىنىمۇ تونۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن بىلمىسەك، ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە بىلەلەيمىز؟

ئىنسان رەببىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرگەن ئىسىملىرىگە ھەر زامان موھتاجدۇر. ھەر ئىنسان ياشىغان ئوخشىمىغان ئەھۋاللار ئالدىدا رەببىنى، ئۆز لايىقىدا مۇۋاپىق بىر ئىسىم بىلەن چاقىرىشنى خالايدۇ. بۇ ئىسىملەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىنتايىن نوقسان قالغان، بەلكىدە مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. يەنە مۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىن، بۇ ئىسىملار، زات ۋە ئۇلۇھىيەت ئالدىدا بەندىنىڭ تىلىسىزلىكىنى بىر دەرىجە يۇقاتقان ئىپادىلەر، يەنى ئىنسان روھىنىڭ ئېچىلمىغان قۇلۇپلىرى ئۈچۈن ئاچقۇچتۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى پەقەت زىكىر قىلىشمۇ ئىمانغا ئۇزۇق، ئىلاھىي لەززەتنى ھېسسەتتۈرۈش، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئاشۇرۇش، ئۇنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇش، ئۇنىڭ دەرگاھىدا بولغانلارغا رىغبەتلەندۈرۈش، دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭ پانى بولغان نازۇ-نېمەتلىرىدىن ۋازكەچتۈرۈپ، ئەبەدى بولغان نېمەتلەرگە يۈزلەندۈرۈش ۋە ھەققە قايتىپ ئۇنىڭغا يېتىشىش ئارزۇسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرخىل ئەھۋاللاردا ئوقۇلىشىنى تەۋسىيە قىلغان دۇئا ۋە زىكىرلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇشىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش پايدىلارنى كەلتۈرىدۇ.

ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ئىلاھىي مەرھەمەتكە موھتاج بولغان بىر مۆمىن، رەببىدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا بۇ ئەھۋالنى ئىپادىلەپ، قىسقا بىر سۆز ئىزدەيدۇ: "رەھمان ۋە رەھىم" ئىسىملىرىگە ئىسىلىدۇ. گۇناھلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئاستىدا ئېزىلگەن ۋە كۆڭۈل بېغىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى ھېسسەتكەن ۋاقتىدا ھەققە يېقىنلىشىدىغان بىر ۋەسىلە ئىزدەپ "غاففار ۋە سەتتار" ئىسىملىرىگە سېغىنىدۇ. كائىناتتا ۋە ئۆز روھىدا تەجەللى قىلغان ئىلاھىي قۇدرەتنى تاماشا قىلغىنىدا، كىتابلاردا تەسۋىرلەپ بولمايدىغان تۇيغۇنى تىلغا كەلتۈرىدىغان بىر بايان ئىزدەيدۇ: "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ دولقۇنلانغان روھىنى تىنچلاندۇرىدۇ. خۇلاسىلىغاندا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەرخىل ئەھۋالىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەرخىل

سۈپەتلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن روھىنىڭ قۇلۇپلانغان ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدۇ.

شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ھەقىقەتكە مۇۋاپىق، لېكىن ئىنسانلار چۈشىنەلەيدىغان بىر شەكىلدە تونۇتقان. ئۇنىڭ، ئۆزىنى: ئالىم، ھاكىم، قادىر، غەفۇرغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن تونىتىشى، ئىنساننىڭمۇ ئۇنى بۇ سۈپەتلەر بىلەن تونۇشىدا، ئەسلىدە ئىنسانغا ئائىت خۇسۇسى بىر سەۋەب بار. چۈنكى ئىنساندا، بۇ سۈپەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئىنتايىن چەكلىك بولغان بولسىمۇ ئۆزىدە مەۋجۇتتۇر. بۇ بولسىمۇ، ئىنسان ئىدراكىنىڭ ئىمان ۋە ھىدايىتى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە ئىلاھي مەرھەمىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىسىملەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەت بىلەن بىر مەنىدە:

"مەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، سىرلىرىنى، ھېكمەتلىرىنى ۋە ئىلاھي سەنئىتىمنى ئىنسانغا بىلدۈرىمەن." دېگەن.

بۇ يەردە ئىنساننىڭ پەزىلەت ۋە شان-شەرىپىنىڭ، قولغا كەلتۈرىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىم سايىسىدە مۇمكىن بۇلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان، ئىلمىنى ئىرپانغا ئايلاندۇرۇپ سالىھ ئەمەللەر قىلىشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى غايە تەقۋالىقتۇر. ئاللاھ تائالا:

إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ

**"ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) "** (ھۇجۇرات، 13)

**ئەقىل** مەخلۇقتۇر. ئەقىل، ئاللاھنى دەلىل ئىسپات بىلەن تونۇيالىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئىزدىن-ئىز قالدۇرىغۇچىغا، سەنئەتتىن سەنئەتكارغا ئولىشىدۇ. ھېكمەتنىنى بولسا، پەقەت ۋەھيي نۇرى بىلەن يېشەلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەقلىنىڭ، ۋەھيينىڭ چەك-چېگرىسىنى بىلىشتە سالاھىيتى ۋە ئىقتىدارى چەكلىكتۇر. ئەقىل بىلەن مەرىپەتۇللاھ يولىدا ئىلگىرلەش مۇمكىن بولسىمۇ، بۇ مەلۇم بىر يەرگىچە بولىدۇ. ئەقلىنىڭ تۈگىگەن يېرىدە، قەلبى پائالىيەت سايىسىدە ئىلگىرلەش داۋاملىشىدۇ. لېكىن بۇ مۇتلەق ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئاللاھنىڭ زاتى مۇتلەقتۇر. مۇتلەقنىڭ پۈتۈن

ھەقىقەتتىگە، مۇتلەق بولمىغان ئەقىل ۋە باشقا بىر ۋاستە بىلەن ئۇلاشماق ۋە ئۇنى ئۆز لايىقىدا ئىدراك قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء

**"ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ."** (بەقەرە، 255)

شۇنداقتىمۇ ئىنسان، مەرىپەت يولىدا ئارقىدا قالماسلىقى كېرەك. رەببىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ۋاستە ئىزدىشى ۋە پۈتۈن غەيرىتىنى سەرپ قىلىشى كېرەك. بۇ غەيرەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈلگىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

وَقَالَ إِنِّي ذَاهِبٌ إِلَى رَبِّي سَيَهْدِينِ

**ئىبراھىم ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرىغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ.** (ساففات، 99)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ:

"ئى رەببىم! بىز سېنى، ساڭا لايىق بىر مەرىپەت بىلەن تونىيالمىدۇق..." (مۇناۋى، فەيزۇل قادىر، 11،520) دەپ، مەرىپەتنىڭ يەنى ئاللاھ تائالانى لايىقىدا تونۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە زۆرۈرلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ تائالادىن ئۈچ تۈرلۈك ئىلىم ئالغان.

بىرىنچىسى، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى ئىلىم. بۇ ئىلىم ئىنسان ئىدراكىنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارغا بىلدۈرۈلمىگەن. لېكىن پەيغەمبەرلىك نۇرى بىلەن بىلىنىشى مۇمكىن. (ھۇرۇپى مۇقەتتائنىڭ) ئۈستىگە ئالغان مەنە بۇ تۈردىندۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇلغان ۋەھيىنىڭ سىرتىدا ئۆزىگە خاس قىلىپ بىلدۈرگەن ھەر ئىلمنى ساھابىلىرىگە ئېيتمىغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ ھەدىسى بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ:

"ئەگەر مېنىڭ بىلگەنلىرىمنى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلايتتىڭلار" (بۇخارى، كۇسۇف، 2؛ مۇسلىم، ناماز، 112)

مەزمۇن بىلەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر باشقا ھەدىستە:

"مېنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن شۇنداق بىر ۋاقتىلىرىم باركى، ئۇنىڭغا ھېچ بىر پەرىشتە ۋە ھېچ بىر پەيغەمبەر ۋاقىپ بولالمايدۇ." دېگەن. (مۇناۋى، فەيزۇل قادىر، 4-8)

ئىككىنجىسى، ئومۇمغا ئائىت بولغان شەرىئەت ئىلمىدۇر. ئىنسانىيەت ئالەمى، بۇ ئىلىملەرگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىش بىلەن مۇكەللەپتۇر. شۇ ئايەت بۇ تۈر ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ:

يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ

**"ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكامنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن."** (مائىدە، 67)

ئۈچىنجىسى، بىر قىسىم كىشىلەرگە بېرىلگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىلىمنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشىلەرگە بېرىلىشىنى چەكلىگەن. بىر قېتىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

"ئى ئىبنى ئابباس، ئىنسانلارغا ئەقلى يەتمەيدىغان بىر سۆز دېمە. چۈنكى بۇنداق قىلىشلىق پىتنىگە قېلىشقا سەۋەپ بولىدۇ." دەپ تەۋسىيە قىلغان. (دەيلەمى، مۇسنەد، 5، 359 \ 8434) بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئىنسانلارغا چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلىرىنى ئېيتىپ چۈشىنەلمەيدىغانلىرىنى ئېيتماڭلار. سىلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يالغانچىلىق ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالامسىلەر؟" دېگەن. (بۇخارى، ئىلىم، 49)

يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ساھابىلەر:

"ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سەندىن ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى خەۋەر قىلايلىمۇ" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

"ھەئە. پەقەت بىر جامائەتكە ئەقلى يەتمەيدىغان بىر نەرسىنى دېمەڭلار. چۈنكى بۇ ئەھۋال بەزىلىرىنىڭ پىتنىگە قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ" دېگەن. بۇنى خاتىرلاتقاندىن كېيىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قايسى بىر جامائەتكە بىر

مەسىلىنى ئىزاھلىغاندا بەزى نەرسىلەرنى كىنايە قىلىپ سۆزلەيتتى. (ئەلى ئەل-مۇتتەقى، كەنزۇل ئۇممال، 10، 307 \ 29537)

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن لىق تولغان ئىككى قاپ ئىلىم ئالدىم. بۇلارنىڭ بىرسىنى چىقاردىم. ئەگەر يەنە بىرسىنى چىقىرىدىغان بولسام، شۇ كېكىردىكىم كېسىلگەن بولاتتى." (بۇخارى، ئىلىم، 42)

تاللانغان ساھابىلەرنىڭ ئەھلى بولمىغانلاردىن مەخپى تۇتقان بۇ ئىلىم، سەمىمىيەت ۋە ئىدراك قىلىش جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە بىر قۇدرەت بىلەن تەييارلانغان ئالاھىدە ئىنسانلار بىلەلەيدىغان ھەقىقەتلەردۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق ھەقىقەتلەرنى ساھابىلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ۋە ھەزرىتى ئەلىگە ئوخشاش بەزى مۇستەسنا كىشىلەرگە ئېيتقان. ھەر كىشى بۇنىڭ ئۈچۈن قابىلىيىتى ۋە قۇدرىتىدىن مەسئۇلدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ سالامىتى ئۈچۈن بۇ قابىلىيەتنى كۆرسىتىشكە، زۇھد، تەقۋا ۋە ئېھسان تۇيغۇسىغا يېتىشىشكە تىرىشىش كېرەك. بۇ پەقەت نەپسىنىڭ ساپ ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بىر كىشىنىڭ سالامىتى، ئاۋۋال شەرئى ھەقىقەتلەرگە ئەگىشىش بىلەن مۇمكىندۇر. تەسەۋۋۇپى ھەقىقەتلەرگە ھەمھال بولۇشى بۇ سالامەتنىڭ يۈكسەك سەۋىيەدە، يەنى ماھىيەتتە رېئاللىقا ئايلىنىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

شەرئى ھەقىقەتلەر، ئومۇمنى ئۆزئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئىلاھىي رەھمەت بولغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ تۆۋەن نوقتىغا چۈشۈرۈلگەن، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەڭ ئاجىز ئىنساننىڭ تاقىتى ئۆلچەم قىلىنغان. مەسىلەن، بىر قىسىم ماللاردا زاكات قىرىقتا بىر بولۇش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالا سەدىقىنىڭ ئالدىنى ئوچۇق قويغان بولۇپ، مۆمىننىڭ سېخىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بولسىمۇ موھتاج دىنى قېرىنداشلىرىغا بېرىشكە تەشۋىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن زاكاتنىڭ نىسابى قەلبى جەھەتتىن تۆۋەن دەرىجىگە قارىتا بەلگىلەنگەن. قەلبى دەرىجە ئاشقانسىرى سەدىقىنىڭ مىقدارىمۇ ئاشىدۇ.

بۇ جەھەتتىن ھەقىقەت ئېتىبارى بىلەن تەسەۋۋۇپى ئىلىم، مەنىۋى ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش نەتىجىسىدە كىشىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئېرىشكەن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن **"لەدۇننى"** بىر ئىلىمدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرقانچە يېرىدە دېيىلگەن ئايەتلەردە بۇ ئىلىم ھەققىدە سۆز قىلىشى، بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. ئاللاھ

تائالاغا ئۆز لايىقىدا ئىتائەت قىلغان، بەشەرى ئىرادە ۋە ئارزۇلىرىنى ئىلاھىي ئىرادىگە رام قىلالىغان قۇللىرىنىڭ قەلبلىرىگە، ئەقلىگە سىغمىغان نۇرغۇن نېمەتلەر بېرىدۇ. شۇڭلاشقا رەببىمىز بۇنداق مۇتتەقى قۇللىرىغا خاس بىر ئىلىم ۋە ھېكمەت ئاتا قىلغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إَن تَتَّقُواْ اللّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَاناً وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ
سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ

**"ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر."** (ئەنفال، 29)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَآمِنُوا بِرَسُولِهِ يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِن رَّحْمَتِهِ وَيَجْعَل لَّكُمْ
نُورًا تَمْشُونَ بِهِ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**"ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر."** (ھەدىد، 28)

ئىمام غەززالى ۋە ئابدۇلقادىر جەيلانىغا ئوخشاش زاتلار، ئاۋۋال زاھىرى ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن. لېكىن بەزى ئىنچىكىلىكلەرگە ۋە ئاللاھقا يېتىدىغان ئىنچىكە يولغا، قەلبى جەھەتتە چوڭقۇرلۇشۇش سايىسىدا پىشىپ، يېتىلىپ ئاللاھ دوستى بولغان. ئاللاھ تائالا ئومۇمغا ئاتا قىلغان بەزى سىرلارنى، قەلبى جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقلارغا قارىتا ئۇلارغا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بەزى ئالاھىدە يارىتىلىشتىكى ئىنسانلارغا ئېھسان قىلغان. بۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ مەلۇم بولغان شەخسىيىتى ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى.

### پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ روھىدىن ئۈپلەپ، ئىسىملەرنى بىلدۈرگەندىن كېيىن پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشنى بۇيرىغان. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِّن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُ سَاجِدِينَ فَسَجَدَ الْمَلآئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَى أَن يَكُونَ مَعَ السَّاجِدِينَ قَالَ يَا إِبْلِيسُ مَا لَكَ أَلاَّ تَكُونَ مَعَ السَّاجِدِينَ قَالَ لَمْ أَكُن لِّأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُ مِن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ

**"پەرۋەردىگارىڭ ئۇز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام)نى يارىتىمەن [28]. مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار) [29]. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى [30]. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى [31]. ئاللاھ: "ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟" دېدى [32]. ئىبلىس: "قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس" دېدى.** (ھىجر، 33 - 28)

قۇرئان كەرىمدە بۇ ۋەقە سىياق ۋە سىباق ئېتىبارى بىلەن ئايرىم ئايرىم ھالدا يەتتە سۈرىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە ئىنتايىن مۇھىم بىر تەلىمات مەۋجۇت. ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي ئۆزىنىڭ نەپسى ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلغان. ئۆزىنىڭ مەنتىقى ئۆلچىمى ۋە ئەقلى قىياسىنى، ئاللاھنىڭ ئەمرىنىڭ ئالدىغا قويغان. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇلمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل، مەنتىق ۋە قانائىتىنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنىڭ ئالدىغا قويغان تەقدىردە ئىبلىس چۈشكەن ئەھۋالغا چۈشىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئاندا بۇ خاتالىق توغرىسىدا شۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش قىلىنغان:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ

**"ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار."** (ھۇجۇرات، 1)

ئاللاھ تائالا شەيتانغا، سەجدىدىن يىراق تۇرىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

قَالَ يَا إِبْلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَن تَسْجُدَ لِمَا خَلَقْتُ بِيَدَيَّ

**ئاللاھ ئېيتتى: "ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى."** (ساد، 75)

بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان **"ئىككى قول"**، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىپادە ئەينى زاماندا ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بۇ ئىپادىنىڭ ئىشارى بىر مەنىسىنى مۇھىيىددىن ئىبنى ئەرەبى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"ئىككى قول، ئاللاھ تائالانىڭ جالال ۋە جامال تەجەللىرىدۇر. ئىنساننىڭ بەدەن تۈزىلىشى، نەپسانى خەلق تەرىپى ۋە جالال تەجەللىسى؛ روھى ۋە ھەق تەرىپى بولسا جامال تەجەللىسىدۇر. ئىنساندا بۇ ئىككى ئىسىم بىرلىكتە بولىدۇ. ئىبلىستە بولسا پەقەت جالال تەجەللىسى بولغانلىقى ئۈچۈن جامال تەجەللىسىدىن مەھرۇمدۇر." ھەدىس شەرىپ مۇنداق دەيدۇ:

"(ھەر خىل سۈرەت ۋە تەسەۋۋۇردىن يىراق بولغان) ئاللاھ، ئادەمنى ئۆز سۈرىتىدە ياراتتى." (مۇسلىم، بىرر، 15)

بۇ ھەدىس شەرىپتە ئىپادىلەنگەن ھەقىقەت، جىسمانى سۈرەت بولماستىن بەلكى باتىنى ۋە مەنىۋى سۈرەتتۇر. بەدەن ۋە نەپىس تەرىپى ئەمەس، روھ ۋە سىر تەرىپىدۇر.

ئەگەر ھەزرىتى ئادەمدە بۇ ئىلاھىي تەجەللىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشكارا بولمىغان ۋە باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىق ۋە ئۈستۈن سۈپەتلەر بولمىغان بولسا ئىدى، خەلىپە بولالمىغان بولاتتى. ئەگەر بولغان تەقدىردىمۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان بولاتتى. ئالەمدە خەلىپىلىك مەسئۇلىيىتىنى لايىقىدا ئورۇنداش؛ پەقەت ساپ نەپىس، ئەدەپ-ئەخلاق، پاك روھ باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ، مۇكەممەللەشكەن كامىل بىر ئىنسانغا مەنسۇپ بىر خۇسۇسىيەتتۇر.

ئەگەر ئىنسان، ھىدايەت، ئىستىقامەت، ئىمان، ئىقرار، مېھرى-مۇھەببەت ۋە شەپقەتكە ئوخشاش "ھادى" تەجەللىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھاياتىنىڭ

ئالدىنقى شەرتى قىلىدىغان بولسا، پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈستۈن دەرىجىگە كۆتىرىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھىلە-مىكىر، ئىنكار، ھەسەد، كىبىرگە ئوخشاش "مۇدىلىل" ئىسمى شەرىپىنىڭ تەجەللىلىرى غالىپ كەلسە، ھايۋاندىنمۇ بەتەر دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ الْجِنِّ وَالإِنسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ بِهَا
وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لاَّ يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لاَّ يَسْمَعُونَ بِهَا أُوْلَئِكَ كَالأَنْعَامِ
بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُوْلَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ

**شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر."** (ئەئراف، 179)

شەيتاننىڭ ھەزرىتى ئادەمگە سەجدە قىلمىغانلىقى، ئۇنىڭ شەخسىيىتىدە مەكنۇز (يۇشۇرۇن) بولغان كىبىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىشىدۇر. بىر ۋاقىتلاردا شەيتان پەرىشتىلەرگە ئۇستازلىق قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە بىر ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

بۇ ھەقتە ئىلىم ۋە ماقامنىڭ ئىنسانلاردا شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسىنى تەشۋىق قىلىشقا ئوخشاش بىر تەھلىكىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن يالغۇز ئىلمىنىڭمۇ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەيتان پارلاق، تۈتۈنسىز ئوتتىن يارىتىلغان جىن جىنسىدىندۇر. چەكلىك بولغان ئەقلىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ يارىتىلغان تۈتۈنسىز پارلاق ئوتنىڭ، ھەزرىتى ئادەم يارىتىلغان قارا لايدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرەت ۋە شان-شەرەپكە ئىگە ئىكەنلىكىنى خىيال قىلاتتى. ئۇ ئۆز چۈشەنچىسىگە قارىتا ئەسلى جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ قىممەتلىك بولغان مەنبەدىن بارلىققا كەلگەن ۋە تېخىمۇ شەرەپلىك بولغان بىر جانلىقنىڭ پەيدا بولۇش ئېتىبارى بىلەن قەدىر-قىممىتى تۆۋەن ۋە جانسىز بولغان ئادەم بەدىنىگە سەجدە قىلىشنى

ئۆزى ئۈچۈن نومۇس كۆردى. بۇ ئەھۋال ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەقىلنىڭلا كۇپايە ئەمەسلىكىگە ئىشارەتتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۇرۇنداشتا قىياس قىلماي، ئۇرۇنداش لازىم. ناس (قۇرئان ئايىتى، كەسكىن ھۆكۈم)گە قارمۇ-قارشى قىلىنغان قىياسلار باتىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىنمايدۇ. شەيتان بۇ خاتانى سادىر قىلدى. شەيتاننىڭ "ئوتنىڭ توپراقتىن ئۈستۈنلۈكى" سۆزىنىمۇ توغرا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى توپراقنىڭ ئوتقا قارىغاندا نۇرغۇن ئۈستۈن تەرەپلىرى بار. مۇھىمى بۇلارنى بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەمەس بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشتۇر. شەيتاننىڭ بۇيەردىكى خاتالىقىنىڭ ئاساسى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنىڭ سىرتىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئۇرىنىشىدۇر. بولۇپمۇ شەيتان ئاللاھ تائالاغا قارىتا ئەخمەقلىق بىلەن:

قَالَ أَنَاْ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِن طِينٍ

**"ئىبلىس: "مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ" دېدى."** (ئەئراف، 12)

شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قارا لايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئۇلۇغلۇقنى كۆرەلمىدى. بۇ دۇنياغا ئائىت بولغان قارا لايىنى كۆرۈپ، ئۇ دۇنياغا ئائىت بولغان مەنىۋىيىتىگە ئەما قالدى. شەيتاننىڭ كۆرەلمىگەن تەرىپى، ئىنساننىڭ **"ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسى بولۇش"** (خەلىپەتۇللاھ) ئىدى. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى نەپسىنىڭ كۆزى بىلەن ئۆلچىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىدراكى ھەزرىتى ئادەمنىڭ بەدىنىدىن باشقا تەرىپىگە ئۆتەلمىگەن. چۈنكى ئۆلچەمنى ئاللاھ تائالادىن ئەمەس ئۆز نەپسىدىن ئالغان. بۇ سەۋەپتىن توغرا-خاتانى ئايرىيالماي ھېسسىياتى بىلەن ھەرىكەت قىلغان. ئۇ ۋاقىتقىچىلىق ئارزۇسى سىرتىدا ھېسسىياتىغا تەككىدەك بىر تەكلىپ بىلەن ئۇچرۇشۇپ باقمىغان ۋە بۇنداق بىر ئىمتىھانغا يولۇقمىغان ئىبلىس، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، نەپىس دولقۇنلىرىدا بوغۇلۇپ پەرىشان شەكىلدە ئاللاھقا ئاسى بولغان.

ئىبلىس ھەزرىتى ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تاتقۇزۇپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ، ئازغۇن نەپسىگە بويۇن ئەگكەن. لېكىن بۇ ھەرىكىتى بىلەن بورۇنقىدىنمۇ بەتەر ئەھۋالغا قېلىپ، ئاللاھ

ئاتا قىلغان ئۇلۇغ ماقامدىن ئېچىنىشلىق ھالدا قوغلاندى. بىر زامانلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۈيۈك ئېتىبارغا ئېرىشكەن پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدىن بەدبەخلىك ئازگىلىغا چۈشكەن ھالدا رەسۋا بولدى. ئىبلىسنىڭ بۇ ئىسيانىغا قارىتا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

قَالَ فَاخْرُجْ مِنْهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٌ وَإِنَّ عَلَيْكَ اللَّعْنَةَ إِلَى يَوْمِ الدِّينِ

**"ئاللاھ ئېيتتى: "سەن جەننەتتىن يوقال، ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ [34]. ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە ھەقىقەتەن لەنەت بولسۇن."** (ھىجر، 34 - 35)

يەنە ئەئراپ سۈرىسىنىڭ 13 - ئايىتىدە ئاللاھ تائالا ئىبلىسكە:

قَالَ فَاهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَاخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ الصَّاغِرِينَ

**"ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: ‹‹سەن بۇيەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردىن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن"** (ئەئراف، 13)

بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەرىپىدىن لەنەتلەنگەن ئىبلىس، ھەزرىتى ئادەمدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان بولسىمۇ ئەكسىچە پەرىشتىلەر ئىچىدىكى ئۈستۈن ئورنىنىمۇ يوقۇتۇپ قويۇپ، ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ مۇنداق دېدى:

قَالَ رَبِّ فَأَنظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ

**ئىبلىس: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گىچە مۆھلەت بەرگىن (مېنى ھايات قالدۇرغىن)" دېدى.** (ھىجر، 36)

ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن بۇ رۇخسەت ئۇنىڭغا بېرىلدى.

قَالَ فَإِنَّكَ مِنَ الْمُنظَرِينَ إِلَى يَومِ الْوَقْتِ الْمَعْلُومِ

**ئاللاھ: "ساڭا ھەقىقەتەن مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلدۇ" دېدى.** (ھىجر، 37 - 38)

ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيتىدە قىيامەتكە قەدەر دۇنياغا كېلىدىغان ئىنسانلار ساقلانغانلىقىدىن، ئىنسانىنىڭ كەرىملىكىدە (ئۇلۇغلىقىدا) ھەر بىر كىشىنىڭ بىر نېسىۋىسى بار. بولۇپمۇ ھەزرىتى

ئادەم ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارغا شەيتاننىڭ دۈشمەنلىك قىلىشى بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى نەپس ئىگە بولغان پۈتۈن مەيىللەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قۇلىنىڭ ئىمتىھان نوقتىئى نەزىرىدىن ئېيتقاندا ئېھتىياجى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن شەيتانغا ئوخشاش بىر پىتنىخور كېرەك. ئىنساننىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىپ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان مەلۇم چەكلەنگەن دەرەخقە يېقىنلىشىش ۋەقەسى، شەيتاننىڭ قىيامەتكە قەدەر ئىنساندىكى نەپسانى مەيىللەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. شەيتانمۇ ئىنساننىڭ نەپسى ئارزۇلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، روھانىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىنسان ئوغلى داۋاملىق سەگەك تۇرۇشقا مەجبۇردۇر.

بۇ ھېكمەتلەر بىلەن ئاللاھ تائالا، شەيتانغا قىيامەتكىچە مۆھلەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانلارغا مەغپىرەت ئىشكىنى ئەجەلى تۈگىگىچە ئوچۇق قويغان. لېكىن ئىنسان بۇ ۋەسىلە بىلەن قاتتىق بىر ئاخىرەت ئىمتىھانىغا دۇچار بولغان. ئىسرا سۈرىسىدە شەيتاننىڭ ئاللاھتىن رۇخسەت سورىشى ۋە ئاللاھنىڭمۇ ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشى جەلىپ قىلارلىق شەكىلدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالَ أَرَأَيْتَكَ هَذَا الَّذِي كَرَّمْتَ عَلَيَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ لأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُ إَلاَّ قَلِيلاً  قَالَ اذْهَبْ فَمَن تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَآؤُكُمْ جَزَاء مَّوْفُورًا  وَاسْتَفْزِزْ مَنِ اسْتَطَعْتَ مِنْهُمْ بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِم بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِي الأَمْوَالِ وَالأَوْلادِ وَعِدْهُمْ وَمَا يَعِدُهُمُ الشَّيْطَانُ إِلاَّ غُرُورًا

**ئىبلىس: "ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)" دېدى [62]. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى؛ "بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم باللىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر [63]. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە باللىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن**

**- شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر.** (بەنى ئىسرائىل، 62 - 64)

بۇ ئايەتتە شەيتاننىڭ ئىنسانلارغا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇساللات بولغان ۋە تەسىر قىلغان مۇھىم نوقتىلارنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا:

- شەيتان پەقەت كۈچى يەتكەن، ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالغان كىشىلەرنىلا ۋەسۋەسە قىلالايدۇ.

- ئىنساننى تەبىئىتىگە لايىق ۋە ئاسان ئازدىغان ھەر تۈرلۈك ئويۇن-تاماشا، نەپسكە يېقىملىق چالغۇ-ئەسۋاب بىلەن ئالدايدۇ. ئايەتتە ئۆتكەن "سەۋت" كەلىمىسى "ئىنساننى ئاللاھقا ئىسيان قىلىشقا ئىبلىپ بارىدىغان ھەر تۈرلۈك ئاۋاز" دەپ تەپسىر قىلىنغان.

- شەيتان ئۆزى يالغۇز ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلاردا زامان ۋە ماكانغا قارىتا ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان تەرەپتارلىرىنى ئىشقا سالىدۇ.

- كۆپىنچى ھاللاردا ئىنسانلارنى دۇنيا مېلى ۋە ئەۋلات بىلەن ئازدۇرىدۇ.

- ئاللاھ تائالانىڭ بۇ رۇخستى بىلەن شەيتان نەپسدە بىر ئامانلىق ھېس قىلغان ۋە ئەدەپسىزلىك بىلەن ئىسيانىنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھ تائالاغا دۆڭگەشكە ئۇرۇنۇپ مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ ثُمَّ لآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ وَلاَ تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ

**ئىبلىس ئېيتتى: "سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن [16]. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن".** (ئەئراف، 16 - 17)

قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغْوَيْتَنِي لأُزَيِّنَنَّ لَهُمْ فِي الأَرْضِ وَلأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ

**"ئىبلىس ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن."** (ھىجر، 39)

بۇيۇك مۇتەسەۋۋۇپ يەھيا ئىبنى مۇئاز (258 \ 872) شەيتاننىڭ ئىنساننى ئازدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غەيرىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:
"شەيتان بىكارچى، ئىشى يوق، بىز بىكارچى ئەمەس، ئىشىمىز بار. ئۇ بىزنى كۆرىدۇ، بىز ئۇنى كۆرمەيمىز. بىز ئۇنتۇيمىز، ئۇ ۋەزىپىسىنى ئۇنۇتمايدۇ. بولۇپمۇ بۈيۈك دۈشمىنىمىز بولغان نەپسىمۇ شەيتاننىڭ پايدىسىغا ئىشلەيدۇ."
قۇرئان كەرىمدە:

وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ

**"شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار."** (بەقەرە، 208)

إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِير

**"شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ."** (فاتىر، 6) دەپ، شەيتاننىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئوچۇق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، يامانلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىشنى كۆپلەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ:

وَقُل رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحْضُرُونِ

**ئېيتقىنكى، "پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن [97]. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن".** (مۆئمىنۇن، 97 - 98)

وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللّهِ إِنَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ * إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبْصِرُونَ

**ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇ [200]. تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ.** (ئەئراف، 200 - 201)

پاناھلىق ئەندىشە قىلغان بىر نەرسىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن باشقا بىرسىگە تايىنىش، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ناس سۈرىسىدە، شەيتاننىڭ بۇ پىتنىسىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، رەب، مەلىك، ئىلاھ سۈپەتلىرىنى زىكىر قىلىپ، پەقەت ئۆزىدىن پاناھلىق تىلەشكە بۇيرىغان. چۈنكى ئىنسانىنى ئالداش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يولنى سىناق قىلغان ۋە پۈتۈن غەيرىتىنى سەرىپ قىلغان شەيتاننىڭ شەررىدىن قوغدىيالايدىغان يېگانە كۈچ پەقەت ئاللاھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەيتاندىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىسمىللاھنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:

"كىشى ئۆيىگە كىرگەن ۋە يېمەك يېگەندە بىسمىللاھ دېسە شەيتان ئەسكەرلىرىگە؛ "بۇ يەردە قونۇپ قىلىشقا ياكى يېمەك يېيىشكە بولمايدۇ." دەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېمىگەن بولسا، شەيتان ئۇلارغا؛ كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان يەر تاپتىڭلار دەيدۇ. ئۇ كىشى يېمەك يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېمىگەن بولسا، شەيتان يەنە ئەسكەرلىرىگە؛ "ھەم سىغىنىدىغان يەر ھەم يەيدىغان يېمەك تاپتىڭلار." دەيدۇ." (مۇسلىم، ئەشرىبە، 103)

شەيتاننىڭ شەررىدىن قوغدىنىشنىڭ يەنە بىر يولى ئىخلاس ۋە سەمىمىيەتتۇر. قۇرئاندا:

إِلاَّ عِبَادَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ

**ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)".** (ھىجر، 40)

إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلاَّ مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِينَ

**مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)".** (ھىجر، 42)

ئىخلاس ئىبادەت ۋە باشقا ئەمەللەردە رىياكارلىقتىن، ئىبادەت ۋە ئىتائەتنى باشقىلار كۆرسۇن دەپ قىلىشتىن يىراق تۇرۇپ، قەلب پاكلىقىغا داغ تەككۈزىدىغان نەرسىلەردىن كۆڭۈلنى يىراق تۇتۇشتۇر. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئويلاپ ئۇنىڭغا

قارىتا ھەرىكەت قىلىش ۋە ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قۇللۇق قىلىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىخلاس، شەيتاننىڭ كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان يامانلىقلارغا ۋە ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش غەيرىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر تۇمۇردىن ياسالغان ئۇرۇش كىيىمى بولغان تۇمۇر ساۋۇت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ ئەھۋالغا ۋەسلە بولۇش ئۈچۈن قۇل قەلبى سەۋىيەدىن (دەرىجىلەردىن) ئۆتۈپ، مەرىپەتۇللاھتىن ھېسسە ئالالايدىغان غەيرەت ئىچىدە بولۇشى لازىم.

ئاللاھ تائالانى قەلب ۋە تىل بىلەن زىكىر قىلىشمۇ شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىشنىڭ تەسىر قىلغۇچى ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. زىكىرنى تەرك ئېتىش شەيتاننىڭ يېنىمىزدىن ئايرىلمايدىغانلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. پۈتۈن گۇناھلار پەقەت ئاللاھ تائالانى ئۇنۇتقاندا قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىسمىللا دەپ گۇناھ قىلمايدۇ. "ئاللاھ" دەپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە بىر كۆڭۈلنى رەنجىتىپ ئۇنىڭغا تىكەن سانجىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ

**"كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ."** (زۇخرۇف، 36)

شەيتاندىن قوغدىنىشنىڭ مۇھىم يولى ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە، يەنى ئىسلامغا كۆڭۈلدىن رام بولۇش ۋە ئىلاھى كەلىمەتۇللاھ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن غەيرەت كۆرسىتىشتۇر. رەببىمىز:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ

**"ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ."** (مۇھەممەد، 7)

يەنە بىر جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ، شەيتانغا ئەگەشكەنلەرنىڭ جايىنىڭ جەھەننەم ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ وَمِمَّن تَبِعَكَ مِنْهُمْ أَجْمَعِينَ

**"سەن بىلەن ۋە ئۇلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن".** (ساد، 85)

قَالَ اخْرُجْ مِنْهَا مَذْؤُومًا مَّدْحُورًا لَّمَن تَبِعَكَ مِنْهُمْ لأَمْلأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكُمْ أَجْمَعِينَ

**"ئاللاھ ئېيتتى: "جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن"** (ئەئراف، 18)

بۇ ئەھۋالدا بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغىنىدەك شەيتاننى دۈشمەن بىلىش ۋە ئۇنى جەھەننەمگە تاشلىنىشىمىز ئۈچۈن پۈتۈن ھىلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە پەرىشتىلەر، ھەزرىتى ئادەمگە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، "ئازازىل" ئىسمى بىلەن تونۇلغان ۋە كۆپ ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشھۇر بولغان جىننىينى يەنى شەيتاننى، سەجدىدىن قاچقان ۋە قورقۇنۇچلۇق بىر سۈرەتكە ئايلانغان ھالدا كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن پەرىشتىلەر بىرلىكتە قايتىدىن سەجدىگە قويۇلغان.

سەجدە قىلىشتىن باش تارتقاندىن كېيىن "شەيتان" لەقىمىنى ئالغان ئازازىل يامانلىقنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئۇ پەرىشتە ئەمەس ئىدى. ئوتتىن يارىتىلغان بولۇپ جەننەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر جىننىي. بۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىنى ئۈستۈن كۆردى ۋە ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئاللاھتىن بىر روھ توششى ۋە خەلىپەتۇللاھ بولۇشىغا ئوخشاش ئۈستۈنلۈكىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدىن غاپىل بولۇپ نەپسانى بىر ھېسابقا دۇچار بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىكى بۇ ئاجىزلىق ۋە غەپلەتنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

مَا أَشْهَدتُّهُمْ خَلْقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَا خَلْقَ أَنفُسِهِمْ
وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ الْمُضِلِّينَ عَضُدًا

**"ئۇلار (يەنى شەيتانلار)غا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم يوق (يەنى مەزكۇرلارنى**

**خەلق ئەتكەن چېغىمدا ئۇلارنى ھازىر قىلغىنىم يوق)، (كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق."** (كەھف، 51)

باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا، قۇللىرىنى يارىتىلىش غايىسىدىن يىراقلىشىپ، شەيتان ۋە ياردەمچىلىرىنى دوست تۇتۇش غەپلىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ أَفَتَتَّخِذُونَهُ

وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاءَ مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ بِئْسَ لِلظَّالِمِينَ بَدَلًا

**...ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)** (كەھف، 50)

ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەرگە: "ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار" دەپ ئەمر قىلىشى "ئادەمگە ئىبادەت قىلىڭلار" دېگەن مەنىدە بولماستىن بەلكى ھەزرىتى ئادەمنىڭ قابىلىيەت ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن ئۈپلىگەن ۋە ئۇنى ئىمتىياز ئىگىسى قىلغان.

يەنە بىر سەۋەپ "ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئورۇنداڭلار" دېگەن مەنىدە. چۈنكى بۇ سەجدە ھەزرىتى ئادەمگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتتە ئاللاھقا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر. ھەقىقەتەن ھەزرىتى ئادەم، بۇ سەجدە ئەمرىدە كەبىگە ئوخشاش قىبلىنىڭ ئورنىدا. چۈنكى كەبىگە قاراپ سەجدە قىلىش، كەبىگە ئىبادەت قىلىش ئەمەستۇر. كەبىگە قاراپ ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقى، قۇللىرىنىڭ ئىبادەتلىرىنى قائىدە-نىزام بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ۋە رەھمىتى تەجەللى قىلغان بىر ئورۇندۇر.

**ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ يارىتىلىشى**

ھەزرىتى ھاۋۋانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن يارىتىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ
وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء

**"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھاۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھاۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار."** (نىسا، 1)

هُوَ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَجَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا

**"ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھاۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى."** (ئەئراف، 189)

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەزەلدە يالغۇز بولغان مەۋجۇدات پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدۇر، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تونۇلىشىنى ئىرادە قىلىش نەتىجىسىدە جانلىقلار كۆپەيگەن بولۇپ، كۆپلۈك ئالەمى دەپ ئاتالغان بۇ ئالەم مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىلىنىشكە مۇھەببەت قىلىشى سەۋەبى بىلەندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مەۋجۇداتنىڭ يارىتىلىش سەۋەبى مۇھەببەتتۇر. شەخسەن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىدۇر. بۇ ھەقىقەت بىر ھەدىس قۇدسىدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

بۇ ئەھۋال ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. لېكىن بۇ مۇھەببەت ۋە ئىشتىياقنىڭ كامىل غايىسى، ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بىلەن قۇللۇق قىلىپ ئەسلىگە، يەنى رەببىگە قايتىش مەيلىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا بىر تۈر تەييارلىق باسقۇچى جىنسىدىن بىر باشلانغۇچ لازىم.

بىرلىكنى يالغۇز ئۆزىگە خاس قىلغان ئاللاھ تائالا، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر جانلىقنى ئۆز جىنسى ئىچىدە ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ، جۈپ يارىتىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە ياخشى كۆرسىتىپ ئارىلىرىغا مېھرى-مۇھەببەت سالغان. شۇنىڭدەك بۇ كائىنات، زەررىلىرى، مالىكوللىرى، ھۈجەيرىلىرى، ئۆسۈملۈكلىرى، ھايۋانلىرى، ئىنسانلىرى، ماددىلىرى ھەتتا ئاتوم ئىچىدىكى ئېلىكتۇرون ۋە پىروتونلىرىغا ئوخشاش ئىلمىنىتقىچە بولغان پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ خاراكتىرىغا لايىق ھالدا جۈپ يارىتىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قۇرئاندا:

وَمِن كُلِّ شَيْءٍ خَلَقْنَا زَوْجَيْنِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ

**"سىلەر ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق."**

(زارىيات، 49)

بۇ ئەينى زاماندا جانلىقنىڭ ئەسلىگە يەنى رەببىگە قايتىش مەيلىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن لازىمدۇر. يەنى كۆپلۈك ئالەمى بولغان دۇنيادىن، كەلگەن يىرى ۋەھدەت ئالەمىگە قايتىش، ھەم تەبئى ھەم مەجبۇرى بىر يۈزلىنىشتۇر. مانا بۇ ۋەھدەتكە بىر كۆۋرۈك ۋە زېمىن تەييارلاپ قارمۇ-قارشى جىنسلەر ئارىسىدا بىر-بىرىگە مايىل بولۇش تەبىئىتىدۇر. ئەينى زاماندا ئاللاھ تائالا بۇ ئالاھىدىلىكنى نەسلىنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن ۋەسىلە قىلغان.

يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ ياراتقان ئىنسان، ئۇنىڭدىن قانچىلىك يىراقلاشقانسىرى بىچارە ۋە غېرىپتۇر. غېرىپچىلىق: يالغۇزلىقى، چارىسىزلىكى، بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان ھەسرەت ۋە غەم-قايغۇغا مەجبۇر قالدۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئىنساننىڭ بىر تەسەللىگە ئېھتىياجى توغىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن: "يالغۇزلۇق ئاللاھقا خاستۇر!" دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ مۇناسىۋەت ۋە تەسەللىگە ئېھتىياجى بار. بۇ تەبئى خۇسۇسىيەتلەر، جەننەتتىن ئىبارەت پۈتۈن گۈزەللىكلەر بىلەن تولغان بىر يەردە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز جىنسىدىن بولغان بىر جۈپ يارىتىلىش ئارزۇسىنى كېرەكلىك قىلغان. لەيلالار بىلەن مۇھەببەتنىڭ، نەتىجىدە ئۇلارنىمۇ ئېشىپ ئاللاھقا يەتكۈزگۈچى بىر كۆۋرۈك بولۇش خۇسۇسىيىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بۇنىڭ ئۈچۈنكى، لەيلالار بىلەن باشلىغان مۇھەببەت ماجراسى، ئاللاھتا سۈكۈنەت تاپقان نىسبەتكە قاراپ بىر مەنىگە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا لەيلالار بۇدقا ئايلىنىپ، بۇ قېيىن ئىمتىھاندىن قېلىپ دۇنيا بىر ئالدىنىش ماكانى ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. لەيلا بىر سىمۋولدۇر؛ ئۇ بىر ئايال بولۇپ يۇقىرى ماقام ياكى بايلىقتۇر. بىر زامان كېلىپ نەپسىنىڭ باشقا مەيىللىرىدىن قايسى بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇلارغا تاقىلىپ قالغان كىشى نەپسىنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ھېكمەتلەرگە ئاساسەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر جۈپ يارىتىشنى ئىرادە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سول ئاستى تەرەپتىكى قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن ئۆز جىنسىدىن بولغان ھەزرىتى ھاۋۋانى ياراتقان.

ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە: ئىبلىس جەننەتتىن چىقىرىلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت قىلىدىغان بىر جۈپتى يوق بولۇپ، ئۆزى يالغۇز ياشىغان. بۇ چەكسىز نېمەت ئىچىدە بولغان بولسىمۇ رەببىدىن ئۆزىگە بىر جۈپ تەلەپ قىلغان. بىر كۈنى ئۇيقىسىدىن ئويغانغاندا ئۆز جىنسىدىن يارىتىلغان بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

- سەن كىم؟ دەپ سورىدى. ئۇمۇ:

- بىر ئايال. دېدى.

ئادەم نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىغىنى سورىغاندا:

- ئاللاھ مېنى سېنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولۇش ئۈچۈن ياراتتى. دېدى.

جانلىق، ھايات ئىگىسى مەنىسىدە كەلگەن بۇ ئىسىم، "ھەي" يەنى "تىرىك" بولغان ئادەمدىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن. (تەبەرى، تارىخ، 1، 103-104)

بۇخارىنىڭ نەقىل قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ئاياللارغا ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار، چۈنكى ئاياللار قوۋۇرغا سۆڭەكدىن يارىتىلغان. قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئەگرى قىسمى ئۈست تەرەپتۇر. ئۇنى تۈزلەشكە تىرىشساڭ سۇندۇ، ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسەڭ داۋاملىق ئەگرى قالىدۇ. ئۇ زامان ئاياللارغا قارىتا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار." دېگەن. (بۇخارى، ئەنبىيا، 1)

ئاللاھ تائالا، ئاياللارنى ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن ئەرلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ياراتقان. قۇرئاندا بۇۋاقنىڭ يارىتىلىش باشلانغۇچى بايان قىلىنغاندا، ئەرلەردىن كەلگەن قىسمىنىڭ "سۇلب: بەل سۆڭىكى" ئەتراپىدىن، ئاياللاردىن كەلگەن قىسمىنىڭ بولسا "تەرائىب: قەلبىنىڭ يېنىدا بولۇپ، بىر ھېس مەركىزى بولغان مەيدە سۆڭەكلىرى ئارىسىدىن چىققانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات بايلىقى، ئاياللارغا ئاللاھنىڭ يۈكلىگەن ئاساسى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ نەسلىنىڭ تەربىيەسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. دادا، ئەۋلادىغا ئانىغا ئوخشاش قارىيالمايدۇ، ئۇنىڭ كىرىنى ئادالاپ، ئۇيقىسىنى پىدا قىلالمايدۇ. ئەۋلات سۇغا چۈشۈپ كەتسە ئانا ئارقىسىدىن ئۆزىنى پىدا قىلغان تەقدىردە ئەرلەر بۇنى قىلالمايدۇ. ئانا داۋاملىق ئەۋلادىنىڭ جاپا-مۇشەققەتنى تارتىپ، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ئىچىدە

ياشايدۇ. ئۇنى توققۇز ئاي قورسىقىدا، ئىككى يىل قۇچىقىدا، بىر ئۆمۈر قەلبىدە توشۇيدۇ. ئەۋلات يەپ-ئىچمىسە ئانىنىڭ ھوزۇرى قاچىدۇ. ئۇ يىغلىسا ئانىمۇ يىغلايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ھاۋۋا ئانىمىزنى ياراتقاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

وَيَا آدَمُ اسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ فَكُلاَ مِنْ حَيْثُ شِئْتُمَا

وَلاَ تَقْرَبَا هَذِهِ الشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ الظَّالِمِينَ

**"ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر"** (ئەئراف، 19)

بۇنىڭ بىلەن مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان ئىنساننىڭ ھايات ۋە ئىمتىھان ماجراسى باشلاندى.

### جەننەت ھاياتى

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەم ۋە ھاۋۋانى ياراتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك نېمەت بىلەن تولغان جەننەتتە ياشىشىغا ۋە چەكلەنگەن مېۋىدىن باشقا نېمەتلەردىن خالىغانچە پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئىبلىسنىڭ ئوچۇق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. بۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَقُلْنَا يَا آدَمُ إِنَّ هَذَا عَدُوٌّ لَّكَ وَلِزَوْجِكَ فَلَا يُخْرِجَنَّكُمَا مِنَ الْجَنَّةِ فَتَشْقَى

**"بىز دېدۇق: "ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنۇڭنىڭ دۈشمىنىدۇر ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا مۇشەققەتتە قالىسىلەر."** (تاھا، 117)

ئۇلار جەننەتتە خۇشال-خۇرام ھايات كەچۈرگەن. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيهَا وَلَا تَعْرَى  وَأَنَّكَ لَا تَظْمَأُ فِيهَا وَلَا تَضْحَى

**"جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن [118]. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن"**
(تاھا، 118 - 119)

ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋا ئىككىسى جەننەتتە گۈزەل ھايات كەچۈرىۋاتقاندا، شەيتان ئۇلارنىڭ ئاجىز تۇيغۇسى ۋە ئەبەدىلىكتە بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ چەكلەنگەن مېۋىدىن يېيىشكە سەۋەپ بولدى.

**جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلىشى**

ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرىنى سىنىشى، ئۇنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى قوللىنىشى ئىلاھىي ئىرادىدۇر.

بىلىشىمىزچە تۇنجى قېتىم پەرىشتىلەردىن، ھەزرىتى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇش بىلەن ئىمتىھان قىلىنغان. بارلىق پەرىشتىلەر بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. چۈنكى ئۇلاردا ئەكسىچە ھەرىكەت قىلىدىغان نەپىس مەۋجۇت ئەمەس. شەيتان بولسا ئىسيان قىلدى. چۈنكى ئۇ نەپسكە ئىگە بولغان جىن تائىپىسىدىن ئىدى.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەر ۋە شەيتاندىن ئىمتىھان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالى ھاۋۋانى ئېلىس بىلەن ئىمتىھان قىلدى. ئېلىسقا بۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بەردى. ئاللاھ تائالا جەننەتتىكى بىر مېۋە دەرىخىگە يېقىنلىشىشتىن ھەزرىتى ئادەم ۋە ھاۋۋانى چەكلىدى.

ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تىرىشقان نەپىس، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشنى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسى بىلەن جەننەتتە باشلىغان. بەزى رىۋايەتلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكلەنگەن مېۋە دەرىخىگە يېقىنلىشىشىغا ھەزرىتى ھاۋۋانىڭ سەۋەپچى بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ھېسسىياتچان ۋە جەلپكار يارىتىلغان بىر جانلىقتۇر. بۇ سەۋەپتىن تېز تەسىرلىنىدۇ. شەيتان ھەم ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھەم زۈررىيەتىنى (ئەۋلاتلىرىنى)، ئاياللارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگىدىن پايدىلىنىپ ئازدۇرۇشقا تىرىشىپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. كۈنىمىزدە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قارىغاندا ئاياللارنىڭ ئېلان ۋە تەشۋىقات ۋاستىسى قىلىپ قوللىنىلىشى بۇنىڭ ئەڭ ئوچۇق مىسالىدۇر. ئاياللار بىر تەرەپتىن زىننەت ۋە ئۈلپەت مەنبەسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۈيۈك ئىمتىھان ۋەسىلىسىدۇر. لېكىن ئىنسانىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى بەخت

سائادىتىمۇ يەنە ئايال بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ

**"ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن."** (تەۋبە، 34) ئايىتى نازىل بولغاندا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەردە ئىدۇق. ساھابىلەردىن بەزىلىرى:

- ئالتۇن ۋە كۈمۈش ھەققىدە چۈشىدىغان چۈشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى يىنىمىزغا يىغالمايدىغان بولدۇق. كاشكى، قايسى نەرسىنىڭ تىخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئىگە بولساق. - دېدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ جاۋابنى بەردى:

- ئىگە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىگى، زىكىر قىلغان بىر تىل، شۈكۈر قىلغان بىر قەلب ۋە يولدىشىنىڭ ئىمانىغا ياردەمچى بولغان سالىھە بىر ئايال."(تىرمىزى، تەپسىر، 9\9)

باشقا ھەدىس شەرىپلەر مۇنداق دەيدۇ:

"مۆمىن ئاللاھقا تەقۋا بولغاندىن كېيىن ئەڭ كۆپ سالىھە بىر ئايالدىن ياخشىلىق كۆرىدۇ. مۇنداق بىر ئايالغا ئەمىر قىلساڭ ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قارىسا خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، بىر ئىش قىلىپ قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلغان بولسا، ئايال ئۇنى ئورۇنداپ قەسىمىنى بۇزۇشتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، ئايرىلىپ يىراق بىر يەرگە كەتسە، ئايال ھەم ئۆزىنىڭ ئابروينى قوغدايدۇ ھەم ئۇ كىشىنىڭ مال-مۈلكى ھەققىدە دۇرۇس بولىدۇ." (ئىبنى ماجە، نىكاھ، 5 \ 1857)

"دۇنيا پايدىلىق نېمەتلەر بىلەن تولغان. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىسى سالىھە ئايالدۇر." (مۇسلىم، رىزا، 64؛ نەسەئى، نىكاھ، 15، ئىبنى ماجە، نىكاھ،5)

بۇ سەۋەپتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 221-ئايىتىنىڭ ئومۇمى مەنىسىنىڭ مۇنداق تەپسىر قىلىنسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئايەتتە زىكىر قىلىنغان **"رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً" "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن قىسمى"** "رەببىمىز بىزگە دۇنيادا سالىھە ئايال ئاتا قىل." **" وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن،** قىسمى ئاخىرەتتىمۇ ھۆرۈل ئەيىن (جەننەت ھۆر پەرىلىرى) ئاتا قىل." **وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ"**

**"بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن"** دېگەن قىسمى بولسا "بىزنى ئايالللارنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىدىن ساقلىغىن" دېگەنلىكتۇر. (ئالى ئەل قارى، مىرقات، 6، 265)

شەيتان لەئىنەتۇللاھ ھەزرىتى ئادەم ۋە ھاۋۋانى ئازدۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىلە-مىكىر ئىشلەتكەن، بۇلار قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ الشَّيْطَانُ قَالَ يَا آدَمُ هَلْ أَدُلُّكَ عَلَى شَجَرَةِ الْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَّا يَبْلَى

**"شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: "ئى ئادەم! ساڭا (مەن يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟" دېدى."** (تاھا، 120)

فَوَسْوَسَ لَهُمَا الشَّيْطَانُ لِيُبْدِيَ لَهُمَا مَا وُورِيَ عَنْهُمَا مِن سَوْءَاتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَاكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَذِهِ الشَّجَرَةِ إِلاَّ أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ الْخَالِدِينَ وَقَاسَمَهُمَا إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ النَّاصِحِينَ فَدَلاَّهُمَا بِغُرُورٍ فَلَمَّا ذَاقَا الشَّجَرَةَ بَدَتْ لَهُمَا سَوْءَاتُهُمَا وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِن وَرَقِ الْجَنَّةِ وَنَادَاهُمَا رَبُّهُمَا أَلَمْ أَنْهَكُمَا عَن تِلْكُمَا الشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَا إِنَّ الشَّيْطَآنَ لَكُمَا عَدُوٌّ مُّبِينٌ

**"لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر" [20]. شۇنىڭدەك ئۇلارغا: "مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن" دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى [21]. ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى (ئۇلارغا كايىپ): "مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى (يەنى مېۋىسىنى) يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟" دەپ نىدا قىلدى."** (ئەئراف، 20 - 22)

ھەزرىتى ئادەم ۋە ھاۋۋانىڭ چەكلەنگەن مېۋە دەرىخىگە يېقىنلىشىشى، ئۇلارنىڭ نەپسى توسقۇنلىقى بىلەن قارمۇ ـ قارشى قالغانلىقى ئىدى. چۈنكى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن چەككەن مۇشەققەت نىسبىتىدە بولىدۇ. نەپسى ئۆزىگە ئەگىشىلگەن زامان پالاكەت سەۋەبى بولۇپ، تەربىيە قىلىنىپ ئىتائەت ئاستىغا ئېلىنغاندا ئۇتۇقلۇق مەنبەسى بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن:

"نەپسىڭىز سىزنىڭ مىنىدىغان ئېتىڭىزدۇر! ئۇنىڭغا سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ" دېيىلگەن.

ئىشنىڭ خۇلاسىسى يەككە ـ يېگانە فائىلۇل مۇتلەق بولغان ئالللاھ تائالا، كۇللى ئىرادىسى بىلەن ئىنسانغا جۈزئى ئىرادە بەرگەن ۋە نەتىجىنى بۇ ئىرادىنىڭ قوللىنىلىشىغا قارىتا شەرەپ ياكى خۇسران (زىيانكار) قىلىپ تەقدىر قىلغان. سەۋەپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىش شەرتلىرىنى بۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالللاھ ئاتا قىلغان جۈزئى ئىرادىمىزنى بۇيرۇلغىنىمىزدەك قوللىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭ قەھرىدىن ساقلىنىپ رەھمىتىگە سىغىنىشىمىز لازىم.

شەيتانىنىڭ ئۆزىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قىلغان بۇ ھىلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدانغان، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالى ھەزرىتى ھاۋۋا، ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق پۇشمان قىلىپ، ئىبلىسنى تەرك ئېتىپ، پەرىشتىلەرنىڭ يولىنى تالالاپ، رەببىدىن تەلىم ئالغان دۇئالار بىلەن تەۋبە قىلىپ مۇنداق يالۋۇرغان:

قَالاَ رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**"ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز دېدى."** (ئەئراف، 23)

ئالللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن بىر قىسىم ئىلاھىي ھېكمەتلەر بىلەن يەر يۈزىگە چۈشىشىنى ئىرادە قىلىپ:

قَالَ اهْبِطُواْ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ وَلَكُمْ فِي الأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَى حِينٍ قَالَ فِيهَا تَحْيَوْنَ وَفِيهَا تَمُوتُونَ وَمِنْهَا تُخْرَجُونَ

**ئاللاھ ئېيتتى: "سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا (يەنى شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر" [24]. ئاللاھ ئېيتتى: "يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر".** (ئەئراف، 24 - 25)

جانابى ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋاغا ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْءَاتِكُمْ وَرِيشًا
وَلِبَاسُ التَّقْوَىَ ذَلِكَ خَيْرٌ ذَلِكَ مِنْ آيَاتِ اللّهِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ

**"ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسان بالىلىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر."** (ئەئراف، 26)

بۇ ئايەتتە ئىنسانىنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى يېپىش ئۈچۈن تاشقى كىيىمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى، ئاساسلىق كىيىمنىڭ كۆڭۈلنى سەلبى تۇيغۇلاردىن پاكلاپ، قۇلنىڭ ئاللاھقا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئىدراك قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان "تەقۋا كىيىمى" ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا، ئۈستۈنلۈكنىڭ پەقەت قەلبتىكى تەقۋالىق بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ

**"ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.** (ھۇجۇرات، 13)

ئاللاھ تائالا ئەئراپ سۈرىسىنىڭ 27 - ئايىتىدە قۇللىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

يَا بَنِي آدَمَ لاَ يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُم مِّنَ الْجَنَّةِ يَنزِعُ
عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْءَاتِهِمَا إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لاَ
تَرَوْنَهُمْ إِنَّا جَعَلْنَا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاء لِلَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ

**"ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق."** (ئەئراف، 27)

ئاللاھ تائالا ئىنسان نەسلىنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى قىلىپ، جەننەتتە ياراتقان. لېكىن چەكلەنگەن مېۋە دەرىخىگە يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن ئەسلى ۋەتىنى بولغان جەننەتتىن چىقىرىلىپ ئىمتىھان يېرى بولغان دۇنياغا ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بەزى ھېكمەتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋۋا ئانىمىزدىن مەيدانغا كېلىدىغان ئىنسان نەسلىنىڭ يەر يۈزىدە ھايات سۈرىشى ئىرادە قىلىنغان.

2. ئىچىدە يارىتىلغان جەننەت نېمەتلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ، قايتىدىن ئۇ نېمەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدى بىلەن بىر ئىمتىھان ئورنى بولغان دۇنيادا سالىھ ئەمەللەر ئۈچۈن تىرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى ئىچىدە جەننەتكە لايىق بولماي، بەلكى جەھەننەمگە لايىق بولغانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ئىرادە قىلىنغان.

4. ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى يەر يۈزىدە تەدبىقلاش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن بىر خەلىپە قىلىنىشى ئىرادە قىلىنغان.

5. ماھىيىتى ئىنسان ئەقلى يېشەلمەيدىغان بىر قەدەر (تەقدىر) سىررىدۇر.

**ئىنسان روھى ھالىتىنىڭ ئاجىز نوقتىلىرى**

ئاللاھ تائالا ئىنسان تەبىئىتىگە گۇناھ ۋە تەقۋا ئۇرۇقلىرىنى تىكىپ، ئۇنىڭغا ھەر ئىككى ساھەدە تەرەققىيات ۋە چېكىنىش ئىمكانى بەرگەن. بۇ جەھەتتىن

ئىنساننىڭ روھى ھالىتىدە ئىجابى ۋە سەلبىدىن ئىبارەت ئىككى خۇسۇسىيەت مەۋجۇت. قۇرئان كەرىمدە ئىنساننى نەپسىنىڭ ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاش، ئۇنى ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىنسان پسىخولوگىيسىنىڭ ئاجىز نوقتىلىرىغا دىققەت تارتىلغان.

### 1. ئىنسان ئىنتايىن زالىم ۋە جاھىلدۇر

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا

**"شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرئىيەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانىدۇر."** (ئەھزاپ، 72)

ئايەتتە دېيىلگەن "ئامانەت" ئومۇمەن ئىنساننىڭ رەببىگە بولغان مەسئۇلىيىتى، يەنى دىنىي ئەمرلەرنى ئورۇنداش بىلەن مۇكەللەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان بۇ ئامانەتنى ئەقىل ۋە ئۇنى ئىشلىتىش قابىلىيىتى بولغان "ئىرادە" ئادىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. پەقەت ئىنسانغىلا بېرىلگەن بۇ ئامانەت، ئۇنى باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئىمتىھان بېرىشىمۇ، بۇ ئامانەتنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشى سەۋەبى بىلەندۇر.

قۇرئاندا بۇ ئامانەتنىڭ ئاسمان-زېمىنغا، تاغلارغا بېرىلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇنى رەد قىلىشى بولسا، جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭمۇ بۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالىغۇدەك ھېس-تۇيغۇغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

**"ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى**

**كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز."** (ھەشر، 21)

قۇرئان دېگەندەك جاماداتتىن بولغان تاغلارمۇ ئىلاھىي بۇيرۇق ئالدىدا ھېسسى ۋە پىئىلى تەسىرلەرگە ئىگە جانلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ئايەتتە ئىنسانىنىڭ ئىنتايىن زالىم ۋە جاھىل بولغانلىقى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتتىن قورقماي ئامانەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زۇلۇمنىڭ زىتتى "ئادالەت"تۇر. ئەينى زاماندا سالىھ ئەمەل مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكتىن، زالىم بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن داۋاملىق سالىھ ئەمەل قىلىشقا غەيرەت قىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئەسىر سۈرىسىدە ئىنسانىنىڭ زىيانغا ئۇچراشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سالىھ ئەمەل ئىگىسى بولىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. جاھىللىقنىڭ زىددى "ئىلىم"دۇر. ئىلىم، زاھىرى ئىلىم ۋە باتىنى ئىلىم دەپ ئىككى قىسمغا بۆلىنىدۇ. ئىمام غەززالى ھەقىقى ئىلىمنىڭ بۇ ئىككى تۈر ئىلىمنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇ شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ:

"ھەقىقى ئالىملار يەنى پەيغەمبەر ۋارىسلىرى، زاھىرى ۋە باتىنى ئىلىملەرنى بىرلەشتۈرگەن ئالىملاردۇر!"

ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

أَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ آنَاء اللَّيْلِ سَاجِدًا وَقَائِمًا يَحْذَرُ الْآخِرَةَ وَيَرْجُو رَحْمَةَ رَبِّهِ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ

**"(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)" ئېيتقىنكى، "بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ"** (زۇمەر، 9)

زەمەھشەرى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ تائالا **بىلگەنلەر** ئىپادىسى بىلەن تائەت ۋە ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنى، **بىلمىگەنلەر** ئىپادىسى بىلەن ئۇنىڭ زىددىنى مەخسەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن تائەت-ئىبادەت قىلغانلارنى ئالىملاردىن ساناپ، ئەمىلى بولمىغانلارنىڭ ھەقىقى

ئالىم بولالمايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتتە ئىلمى ئاز بولۇپ ئىتائەت ۋە ئىبادىتى بولمىغان ھەم ئۇ ئىلمىگە ئالدىنىپ دۇنيا ھاياتى ھەققىدە پىتنىگە چۈشكەن كىشىلەر ئۈچۈن قاتتىق تەنقىد بار. ئۇ ھالدا بۇ كىشىلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جاھىل كىشىلەردۇر." (كەششاپ، 5، 156)

قۇرئاندا "سالىھ ئەمەل" ئىگىسى بولۇپ زاھىرى ۋە باتىنى ئىلمىمىزنى ئىرپانىغا ئايلاندۇرغىنىمىز نىسبەتتە **"زالىم"** ۋە **"جاھىل"** سۈپەتلىرىدىن قۇتۇلغان بولىمىز. يەنى بۇ مەنىۋى كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئىلمى سەرمايىنىڭ يېنىدا قەلبى سەرمايىمۇ بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا، ئايرىم ھالدا ئىنسانىنىڭ ئىلاھىي سىر ۋە ئەزەمىتىدىن غاپىل قالغان ھالدا ياشاش نەتىجىسىدە بەدبەختلىككە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسنىۋى شائىرى تاھىرۇل مەۋلىۋى، ئىنسان ئۈستىگە ئالغان بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى مۇنداق تىلغا كەلتۈرىدۇ:

قۇرۇق قول كېتىلمەس كېتىلگەن يەرگە،
رەببىم قۇرۇق ئەمەس مەن گۇناھ بىلەن كەلدىم!
تاغلارمۇ ئېغىر كەلگەن ئۇ بۈيۈك يۈكنى،
ئىككى قات ئۈستۈمدە ئېغىر ھالدا ئېلىپ كەلدىم!

تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە نىسبەتەن ئىنسانىنىڭ ئۆز سۈپىتى **بىلىمسىزلىكتۇر.** ئايەت كەرىمدە **جەھۇل** (ئىنتايىن جاھىل) دەپ كېلىشى بۇنىڭغا بىر دەلىلدۇر. ھەقىقى ئىلىم ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ تائالا:

وَمَا أُوتِيتُم مِّن الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً

**"سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن."**(بەنى ئىسرائىل،85)

بۇنىڭغا قارشى ئاللاھ تائالا ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

وَلَوْ أَنَّمَا فِي الْأَرْضِ مِن شَجَرَةٍ أَقْلَامٌ وَالْبَحْرُ يَمُدُّهُ مِن بَعْدِهِ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَّا نَفِدَتْ كَلِمَاتُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**"ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياسى) قوشۇلغان**

**تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (لوقمان، 27)

بۇ ھەدىس شەرىپمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ:

خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاجايىپ-غارائىپ ۋە سىرلىق ۋەقەلەر كۆرسەتكەن ساياھەت ۋاقتىدا بىر قۇشقاچ ئۇلارنىڭ چىققان كېمىسىگە كېلىپ قوندى. كېيىن دېڭىزدىن تۇمشۇقى بىلەن سۇ ئالدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنزىرىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

"ئاللاھنىڭ ئىلمى يېنىدا سېنىڭ، مېنىڭ ۋە پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ ئىلمى، شۇ قۇشنىڭ دېڭىزدىن ئېغىزى بىلەن ئالغان سۇ مىقدارىچىلىكتۇر." (بۇخارى، تەپسىر، 14 \ 18)

ئالىملار بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئاساسلارغا تايىنىپ مۇنداق بىر نەتىجىگە بارغان:

ئىنسانلارنىڭ ئىلمى، ئەۋلىيالارنىڭ ئىلمى يېنىدا دەريادىن بىر تامچا؛ ئەۋلىيالارنىڭ ئىلمى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمىنىڭ يېنىدا دەريادىن بىر تامچا؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمى يېنىدا دەريادىن بىر تامچا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىلمى بولسا، ئاللاھنىڭ ئىلمى يېنىدا دەريادىن بىر تامچا نىسبىتىدە."

بۇ ئاز ئىلىم بىلەن ئەمەل قىلىپ تەقۋالىققا يېتىشەلىسە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئېھسانى بىلەن قۇل ئارىپ ھالغا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەرىپەتتىن يەنى ئاللاھنى ھەقىقىتى بىلەن تونۇشقا باشلاپ ئۇنىڭغا ئىلاھىي سىرلار ئېچىلىدۇ. قۇرئاندا:

وَاتَّقُواْ اللّهَ وَيُعَلِّمُكُمُ اللّهُ

**"ئاللاھنىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)"** (بەقەرە، 282)

مۇپەسسىر قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

"بۇ ئايەتتە ئاللاھقا قارىتا تەقۋا بولغانلارغا، ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئىلىم ئۆگىتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىسى بار. يەنى تەقۋا ئىگىسى بولغان قۇلنىڭ

قەلبىگە ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن ھەقىقەتلەرنى ئىدراك قىلىدىغان ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان بىر نۇر بەخش ئېتىدۇ." (قۇرتۇبى، 111، 406)

ھەدىس شەرىپ بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرۈپ:

" ئۆگەنگىنى بىلەن ئەمەل قىلغان كىشى ئۇچۇن ئاللاھ تائالا بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىتىدۇ." دېيىلگەن. (ئەبۇ نۇئەيم، ھىلىيەتۇل ئەۋلىيا، 10، 15)

**2. ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر**

ئاللاھ تائالا ئىنسان پسىخولوگىيىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

خُلِقَ الْإِنسَانُ مِنْ عَجَلٍ

**"ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان،..."** (ئەنبىيا، 37)

وَيَدْعُ الإِنسَانُ بِالشَّرِّ دُعَاءهُ بِالْخَيْرِ وَكَانَ الإِنسَانُ عَجُولاً

**"ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا) خەيرىلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەددۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر."** (بەنى ئىسرائىل، 11)

ئىنسان ياخشىنى خالىغىنىدەك، يامانلىقنىمۇ خالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىنسانىنىڭ ئىنتايىن ئالدىراڭغۇلۇقىدىن بولۇپ، سەبىر ـ تاقەت قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كېيىن بولىدىغان نەرسىنىڭ زامانى كېلىشتىن بۇرۇن بولۇشىنى خالايدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئويلىمىغان بىر نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا مەجەللىدە: "كىم بىر نەرسىنى زامانىدىن بۇرۇن دەرھال بولۇشىنى خالىسا مەھرۇمىيەت بىلەن جازالاندۇرىلىدۇ." يەنى بىر نەرسىنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن مەيدانغا كېلىشىنى ئالدىراقسانلىق بىلەن تىلىگەن كىشى، ئۇ نەرسىدىن مەھرۇم بولۇش بىلەن جازاغا دۇچار بولۇر" دېيىلگەن.

ئىنسانىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق سۈپىتىنىڭ بىر كۆرىنىشى ئۇنىڭ ئاسان يول بىلەن قولغا كەلتۈرىشنى خالىشىدۇر. چۈنكى ئۇ ئاخىرەت بەخت ـ سائادىتىنى، بۇ دۇنيادا ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرەتنى قويۇپ بۇ دۇنياغا مايىل بولىدۇ. ئۇ بۈيۈك ئاخىرەت مۇكاپاتىغا كۆڭۈل بۆلمىگەندەك ئۇ دەرت ـ ئەلەملىك قاتتىق ئازابقا كۆڭۈل بەرمەيدۇ. ئالدۇراڭغۇلۇقىدىن ياخشىلىق ۋە

يامانلىقنى بىر-بىرىدىن ئايرىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقىۋەتنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.
ئايەتتە ئىنساننىڭ بۇ ئالدىنىشى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

كَلَّا بَلْ تُحِبُّونَ الْعَاجِلَةَ وَتَذَرُونَ الْآخِرَةَ

**"(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك يوق ئىش ئەمەس)، بەلكى سىلەر بۇ دۇنيانى دوست تۇتىسىلەر [20]. ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر."** (قىيامەت، 20 - 21)

ئىنسان، ئاچچىغى كەلگەن، غەم قايغۇدا قالغان ۋە كۈچلۈكلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، قارشىدىكىلەرگە ئۆكتايلىق بىلەن بەددۇئا قىلالايدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭغا ئوخشاش قىيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇغا قالغان ئەھۋاللاردا سەبىر-تاقەت بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىش كېرەك. لېكىن ئالدىراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت بۇ ئاجىزلىق بولغانلىقتىن، ئىنسان بۇ ئەھۋاللاردا ئۈمىدسىز روھى ھالەتتە قېلىپ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بەزىدە:

"ئى رەببىم، جېنىمنى ئېلىپ بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقاز! دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بەددۇئا قىلىپ سالىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئۇرۇقلاپ كەتكەن بىر كېسەلنى يوقلاپ بېرىپ:

"ئاللاھقا بىر نەرسە ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتامسەن ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟" دەپ سورىدى. كېسەل مۇنداق جاۋاب بەردى:

"ھەئە. ئى رەببىم! ماڭا ئاخىرەتتە بېرىدىغان جازانى بۇ دۇنيادا بەر دەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن." دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

"سۇبھانەللاھ! سېنىڭ بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، مۇنداق دۇئا قىلساڭ بولماسمۇ؟ رەببىم بىزگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە جەھەننەم ئازابىدىن ساقلا!" شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم بۇ دۇئانى قىلدى ۋە ساقايدى" (مۇسلىم، زىكىر، 23\2688؛ تىرمىزى، دەئۋات، 71\3487 )

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىسدە مۇنداق دەيدۇ:

"بېشىمغا بىر مۇسىبەت كەلدى دەپ، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئەگەر دېيىشكە مەجبۇر قالساڭلار: "ئى رەببىم مېنىڭ ئۈچۈن ياشاش خەيرلىك بولسا مىنى ياشات، ئەگەر مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم خەيرلىك بولسا مېنىڭ جېنىمنى ئال دېسۇن." (بۇخارى، مەرزا، 19، دەئاۋات، 30، مۇسلىم، زىكىر، 10، 13)

شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر بەددۇئا قىلماسلىقى، سەبىر بىلەن ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇئا قىلىشى، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىپ ياخشىلىققا چاقىرىش كېرەك. بۇ ئايەت تەۋسىيە قىلغاندەك:

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**"پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلا"** (بەقەرە، 201) دەپ دۇئا قىلىشى كېرەك.

### 3. ئىنسان ئىنتايىن شەخسىيەتچىدۇر

ئىنساننىڭ بۇ سۈپىتىنى بايان قىلغان بۇ ئايەت مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذَا أَذَقْنَا النَّاسَ رَحْمَةً فَرِحُوا بِهَا وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ
بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ إِذَا هُمْ يَقْنَطُونَ

**"ئىنسانلارغا رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ."** (رۇم، 36)

ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ئېھسان ۋە مەرھەمىتىگە خۇشال بولۇش مەنئى قىلىنغان بولماستىن بەلكى ئۇنىڭغا بۇيرۇلغان. پەقەت بۇ خۇشاللىقتىن مەخسەت، نېمەت بەرگەن زاتنى تونۇپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ، خۇشال بولۇشتۇر. بۇ يەردە نېمەت بەرگەننى ئۇنتۇپ پەقەتلا نېمەتكە ئېشىنىپ ھەددىدىن ئاشقان ۋە ھاۋايى-ھەۋىسگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئايەت مۇنداق دەيدۇ:

لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ

**"كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ."** (قەسەس، 76)

بۇنداق كىشىلەر ئىبادەت قىلسىمۇ، دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىدۇ. لېكىن نېمەتكە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسلىمىيىتى، ئەزەلى ۋە ئەبەدى بولغان ئاللاھقا ئەمەس بەلكى پانى نەرسىلەر ئۈچۈندۇر. ئىنساننىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى ئايەتتە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

وَمِنَ النَّاسِ مَن يَعْبُدُ اللَّهَ عَلَى حَرْفٍ فَإِنْ أَصَابَهُ خَيْرٌ اطْمَأَنَّ بِهِ وَإِنْ أَصَابَتْهُ فِتْنَةٌ
انقَلَبَ عَلَى وَجْهِهِ خَسِرَ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةَ ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ

**"بەزىلەر ئاللاھقا شەك - شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (بۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ دۇنيا - ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر."** (ھەج، 11)

بەزى ئىنسانلار نەپسانى ئارزۇسىدىن قۇتۇلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز خائىشى بويىچە، چىن كۆڭۈلدىن ئەمەس بەلكى بىر مەخسەت ۋە غەپلەت باسقان شەكىلدە ئىبادەت قىلىپ، دىندار كۆرۈنىدۇ. بۇنداق كىشىلەردە زىكىر ئېغىزدا قېلىپ قەلبىگە يەرلەشمەيدۇ. ئەگەر بۇ كىشىلەر ئۆزىگە بىر ياخشىلىق كەلسە خۇشال بولىدۇ، بىر كېلىشمەسلىك ۋە ئوڭۇشسۇزلۇق كەلسە ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

**4. ئىنسانلار ئاللاھقا قارىتا تۇزكوردۇر**

ئايەتتە:

إِنَّ الْإِنسَانَ لِرَبِّهِ لَكَنُودٌ وَإِنَّهُ عَلَى ذَلِكَ لَشَهِيدٌ

**"ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر [6]. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر."** (ئادىيات، 6-7)

ئىسرا سۈرىسىدە بايان قىلىنغان شۇ ئايەتلەر غاپىل ئىنساننىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ روھى ھالىتىنىڭ، شەرت ـ شارائىتقا قارىتا قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَإِذَا مَسَّكُمُ الْضُّرُّ فِي الْبَحْرِ ضَلَّ مَن تَدْعُونَ إِلاَّ إِيَّاهُ فَلَمَّا نَجَّاكُمْ إِلَى الْبَرِّ أَعْرَضْتُمْ وَكَانَ الإِنْسَانُ كَفُورًا أَفَأَمِنتُمْ أَن يَخْسِفَ بِكُمْ جَانِبَ الْبَرِّ أَوْ يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ حَاصِبًا ثُمَّ لاَ تَجِدُواْ لَكُمْ وَكِيلاً أَمْ أَمِنتُمْ أَن يُعِيدَكُمْ فِيهِ تَارَةً أُخْرَى فَيُرْسِلَ عَلَيْكُمْ قَاصِفا مِّنَ الرِّيحِ فَيُغْرِقَكُم بِمَا كَفَرْتُمْ ثُمَّ لاَ تَجِدُواْ لَكُمْ عَلَيْنَا بِهِ تَبِيعًا

**"سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت ئاللاھلا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا ئاللاھتىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، ئاللاھ سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر) [67]. (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلغىنىڭلار بىلەن) ئاللاھنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشىدىن، ئاندىن سىلەرنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟ [68] ياكى ئاللاھنىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ (دېڭىزدىكى چېغىڭلاردا) قارا بوران چىقىرىپ، كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەرگە بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟"** (بەنى ئىسرائىل، 67 - 69)

باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

فَأَمَّا الْإِنسَانُ إِذَا مَا ابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ

وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَهَانَنِ

**"پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى" دەيدۇ [15]. پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: "پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى" دەيدۇ."** (فەجر، 15-16)

رەببىمىز بەندىلىرىنى، سەبىر-تاقىتىگە قارىتا مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئىمتىھان قىلىدۇ. بۇ جەرياندا رىزقى كېمەيتىلگەن، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئىنسانلار، بۇنىڭ ئىلاھىي ھېسابتا ئۇڭايلىق، ئاخىرەتتە بۈيۈك ئەجىر بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىي ئېھسان ئىكەنلىكىنى ئويلىماي: "رەببىم مېنى خار قىلدى" دەپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، رەببىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمىتىنى ئويلىمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. رىزىق ئاز بولسىمۇ يەنە شۈكۈر قىلىشنىڭ لازىملىقى ۋە ئازنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەننىڭ كۆپنىڭمۇ قىممىتىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. رەببىنىڭ بولارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى سىنىغانلىقىنى ئەقلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا:

كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَنَبْلُوكُم بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ

**"ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)."** (ئەنبىيا، 35)

ئىنسان بۇ ئەھۋالنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەيدىغان بولسا بۇ سەلبى تۇيغۇلىرى نەتىجىسىدە، ئۇنى كۇپرىگە قەدەر سۆرەپ، رەببىگە قارشى دۈشمەن ھالىغا كەلتۈرىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىيىسى پەزىلەتكە ئەمەس ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ سەۋدالىرىغا يۈزلەنگەن. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

خَلَقَ الإِنسَانَ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ

**"ئۇ ئىنساننى ئابىمەنىيدىن ياراتتى، ناگاھان ئۇ (ئاللاھقا) ئاشكارا خۇسۇمەت قىلغۇچىدۇر."** (نەھل، 4)

### 5. ئىنسان ئاچكۆز ۋە پىخسىقتۇر

ئىنساننىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىدا سەۋەپ بولغان ۋە تەنقىتلەنگەن ئىللەتلەر، تەربىيىلەنمىگەندە دۇنيا-ئاخىرەت ھاياتى خېيىم-خەتەرلىك ئەھۋالدا

قالىدۇ. رەببىمىز بۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلەرنىڭ مۆمىنلەردە بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

كَلَّا بَل لَّا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ وَلَا تَحَاضُّونَ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ
وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَّمًّا وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا

**"ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر [17]. بىر ـ بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر [18]. مىراسنى (ھالال ـ ھارام دېمەستىن) ھە دەپ يەيسىلەر [19]. مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) دوست تۇتىسىلەر."** (فەجر، 17 - 20)

إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا

**" ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى [19]. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچاقلىقتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر [20]. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. "** (مەئارىج، 21 - 19)

وَإِنَّهُ لِحُبِّ الْخَيْرِ لَشَدِيدٌ

**"ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر."** (ئادىيات، 8)

ئايەتتە دۇنيا مېلى ئۈچۈن "خەيىر" تەبىرىنى قوللىنىشىنىڭ سەۋەبى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۇنىڭغا مايىل بولۇشى، كۆپىنچە ئىنسانىنىڭ دۇنيا مەنپەئەتى تۈپەيلى ئۇنى مۇتلەق خەيىر دەپ گۇمان قىلىشى بولۇپ، ئايەتتە بۇ گۇمان ئەيىپلەنگەن. ئىنسان مال ـ مۈلكنى مۇتلەق "خەيىر" ساناپ، ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن پىخسىقتۇر. پىخسىق ئاللاھ يولىدا مېلىنىڭ ھەققىنى بېرىش، ياخشىلىقتا ئىشلىتىش، ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىشتىن قېچىپ قىزغىنىدۇ. ئۇنى قولىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە قاتتىق ھېرىسمەن بولۇپ، نۆۋەت ئۇ مالنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلىشقا كەلگەندە ئاجىزلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇزكورلۇق قىلغان ھالدا خەجلەشتىن قاچىدۇ. قەلەم سۈرىسىدە ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇز كورلۇق قىلىپ شۈكرىنى ئۇرۇنلىمىغان باغ ئىگىلىرى دۇچار بولغان ئېچىنىشلىق

ئاقىۋەت، ئاچچىق سەھنىلەر ھالىتىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ناچار سۈپەتلەرنى توشىغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُ
يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ كَلَّا لَيُنبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ

**(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي! [1]. ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناپ [2]. ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ) [3]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ.** ( ھۇمەزە، 1-4)

قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَآئِنَ رَحْمَةِ رَبِّي إِذًا لَّأَمْسَكْتُمْ
خَشْيَةَ الإِنفَاقِ وَكَانَ الإنسَانُ قَتُورًا

**"ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ" دېگىن."** (بەنى ئىسرائىل، 100)

**6. ئىنسان قىزغانچۇق ۋە ھەسەتخوردۇر**

ئىنساندا تەنقىتلەنگەن خەتەرلىك ئىللەتلەردىن بىرى قىزغانچۇقلۇق ۋە ھەسەتخورلۇقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَأُحْضِرَتِ الأَنفُسُ الشُّحَّ

**"ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن."** (نىسا، 128)

أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ

**"ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ "**
(نىسا، 54)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇنىڭ زىيىنىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"ھەسەت قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى ھەسەت ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەندەك، ياخشىلىقلارنى تۈگىتىدۇ." (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەپ، 44)

ئاللاھ تائالا بۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەدىقە ۋە سېخىلىقنى ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**"ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر."** (ھەشر،9)

## 7. ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان

ئاللاھ تائالا باشقا جانلىقلارنى تۇغۇلغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىيالايدىغان قابىلىيەتتە ياراتقان، ئەمما ئىنساننى ئۇزۇن بىر زامان باشقىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، قوغداشقا موھتاج ۋە كۈچسىز ياراتقان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ ضَعْفٍ
قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً

**"ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى."** (رۇم، 54)

ئىنسان كۈچلۈك بولغان ياشلىق چاغلىرىغا ئالدىنىپ، ئاللاھقا ئىسيان قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئارقىسىدىن ھەقىقەتەن ئاجىزلىق (قېرىلىق) موھتاجلىق ۋاقتى كېلىدۇ. قېرىلىقتا قىلغان پۇشايمانلىق قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەتلەرنى ئەسلىگە قايتۇرالمايدۇ ۋە روھنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى پەسەيتەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَمَنْ نُعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي الْخَلْقِ أَفَلَا يَعْقِلُونَ

**"بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز (يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)، ئۇلار (بۇنى) چۈشەنمەمدۇ؟** (ياسىن، 68)

فىزىلوگىيىلىك ئەھۋالى بىلەن نۇرغۇن ئاجىزلىققا ئىگە بولغان ئىنسان، ئەسلىدە پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن تېخىمۇ ئاجىزدۇر. بۇ ئىككى تەرەپكە ئىشارەت قىلغان ئايەتتە:

وَخُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفًا

**"ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى."** (نىسا، 28)

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئىرادە، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ۋە قارارلىقى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَى آدَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُ عَزْمًا

**"بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق."** (تاھا، 115)

ھەقىقەتەن "ئىنسان" كەلىمىسى ئىككى ئايرىم مەنبەدىن كېلىدۇ. بىرىنچىسى، ئۇنۇتۇش مەنىسىدىكى "نىسيان"دۇر. ئايەتتە ئىپادىلەنگەندەك ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىنى ئۇنۇتقان. ئىككىنجىسى "ئۈنسىيەت"تۇر. ئىنسان ھەر يەرگە دەرھال كۆنەلەيدۇ، ئۈلپەت ئىچىدە تىزلىك بىلەن ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ.

قۇرئاننىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىدە ئىنسان ئاجىزلىقى ھەققىدە توختالغان. شۇڭا ئىنساندا كىبىرلىنىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتقىدەك ھېچ بىر نەرسە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا ئىنساننى، يېقىملىق ياخشى كۆرۈلگەن پىشانىسىدىكى تەر ياكى كۆز يېشىدىن ئەمەس بەلكى قىممەتسىز ئېتىلىپ چىققان كېرەكسىز بىر سۇدىن ياراتقان. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا يارىشىدىغان، ياراتقۇچىسىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتى ئالدىدا ئاجىزلىق ۋە ھېچ بىر نەرسە ئەمەسلىكنى ئىدراك قىلىشىدۇر. شۇڭا ئىنسان بۇ ھەقتە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان:

وَلاَ تَمْشِ فِي الأَرْضِ مَرَحًا إِنَّكَ لَن تَخْرِقَ الأَرْضَ وَلَن تَبْلُغَ الْجِبَالَ طُولاً

**"سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن."** (بەنى ئىسرائىل، 37)

ئىنساندا شەخسىيەتچىلىك مەيلى تەبىئىدۇر. بۇ جەھەتتىن نەپسانى مەيىللىرىگە يەنى دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ياكى رەببىگە قۇللۇق قىلىدۇ. رەببىگە لايىق قۇل بولۇش ئۈچۈن نەپس توسقۇنلۇقىنى يېڭىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن "ئەلەستۇ بەزمى" دىكى ( ئەلمىساقتىكى): **"ھەئە سەن بىزنىڭ رەببىمىز!"** دېگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك.

روھ رەببى بىلەن بۇ ئەھدىنى تۈزگەن چاغدا ھەر نەرسە ئوچۇق ئىدى. پەرىشتىلەرنى كۆرگەن، ئەزىمەتى ئىلاھىيەنى ئۇڭايلىق بىلەن تاماشا قىلغان. لېكىن ۋەدە بەرگەن بۇ روھ، ھەدىس شەرىپتە ئېيتىلىشىچە ئانا قورسىقىغا 120 - كۈنىدە بېرىلگەندە بەش تۇيغۇ ئورگانىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ نەپس توسقۇنلىقى بىلەن ئۇچراشقان. يۇمشاق ۋە گۈزەللىكتىن قوپاللىق ۋە قېلىن ھالغا بۇرۇنۇپ پەردىلەنگەن. ئۇنىڭغا بۇ بۇلغىنىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلگەن. ئىنسان بۇ بەش تۇيغۇ ئەزاسىنى ئاللاھ بەرگەن قابىلىيەت ۋە ئارزۇ قىلغان توغرا يولدا قوللىنىش بىلەن نەپس توسقۇنلىقىنى يېڭەلەيدۇ. بەش ئەزانىڭ توغرا يولغا كىرىشى پەقەت پاك قەلب ۋە ساپ نەپس بىلەن مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ بۇلغىنىشلار ئازىيىپ نازاكەت بولغان گۈزەللىك ئاشىدۇ ۋە قەلب ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي

**"مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار)"** (ھىجر، 29)

ئايەتتە بايان قىلىنغان روھ، "ئەمر ئالەمىدىن" كەلگەن **روھى سۇلتانى** بولۇپ، پانى بولغان بەدەننىڭ ئىچىگە كىرگەن. مەۋلانا جالالىددىن رۇمى، روھى سۇلتانىنىڭ بەدەننىڭ ئىچىدە يۇقاپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭغا ھاكىم بولۇش ئۈچۈن شۇ مىسالنى بەرگەن:

"دوغاپ ئىچىدە ياغ كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش بەدەندىكى روھمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر."

"ياغنىڭ ئۇتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن دوغاپنىڭ سوقۇلىشى كېرەك."

"بۇنىڭغا ئوخشاش سۇلتانى روھنىڭمۇ بەدەننى كونترول ئاستىغا ئېلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، بىر قىسىم قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشى شەرت."

قەلبىنىڭ بۇلغۇنۇپ كېتىشتىن يەنى بۇ پانى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ نازاكەتكە ئېرىشىشى، ئىلاھىي تۇيغۇلار بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا مەرىپەتۇللاھقا يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

قَدْ أَفْلَحَ مَن تَزَكَّى  وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى

**(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى [14]. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى."** (ئەئلا، 14-15)

وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا وَالْقَمَرِ إِذَا تَلَاهَا وَالنَّهَارِ إِذَا جَلَّاهَا وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَاهَا وَالسَّمَاء وَمَا بَنَاهَا وَالْأَرْضِ وَمَا طَحَاهَا وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا  فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا  قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا

**"قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى [1]، قۇياشقا ئەگەشكەن چاغدىكى ئاي بىلەن قەسەمكى [2]، قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى [3]، قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى [4]، ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى [5]، زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى [6]، روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى [7-8]، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ [9]. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ.** (شەمس، 1-10)

دىنىنىڭ غايىسى، ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ئىبادەت قىلىدىغان، گۈزەل، نازۇك، سەزگۈر، بىلىملىك ئىنسان يېتىشتۈرۈشتۇر. بۇ كامالەت پەقەت تەپەككۇر

ئېتىبارى بىلەن بۈيۈك مەرتىبىگە ئېرىشكەنلەردە مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا كامىل ئىمان ئىگىلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللّٰهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ
عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ

**"پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر."** (ئەنفال، 2)

الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَالصَّابِرِينَ عَلَى
مَا أَصَابَهُمْ وَالْمُقِيمِي الصَّلَاةِ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ

**"ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەبىر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ."** (ھەج، 35)

قەلب مۇھەببەتۇللاھ بىلەن تولغاندا ھەر ئەمەلنىڭ ئومۇمى ۋە ئاخىرقى غايىسى ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىش بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىش ھېكمىتىگە، كائىنات ۋە قۇرئاننىڭ ھەقىقىتىگە قاراپ مېڭىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىكنى قوبۇل قىلالمىغان كېسەل قەلبلىك قۇللارنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَوَيْلٌ لِّلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

**"ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر."** (زۇمەر، 22)

ئايەتتە زىكىردىن يىراقلاشقان بىر ئىنساننىڭ، ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتى ۋە شان شەرىپىنى مۇھاپىزەت قىلالمىغانلىقى يەنى ئەھسەنى تەقۋىم ھالىتىگە كېلەلمىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

نەپس پۈتۈن دۇنيا لەززەتلىرىنى ئۆزىگە يىغىشقا تىرىشىدۇ. پەقەت "نەپس تەزكىيەسى" نەپسنى تازىلاش نەتىجىسىدە بۇلارنى قەلبتىن چىقىرىش مۇمكىن.

بۇ مەنىۋى تەربىيە بولمىغان ئەھۋالدا كىشى نەپسىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا

**"ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن."** (فۇرقان، 43)

ئايەتتە ۋەھىيگە ئەمەس ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ **"ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە چوقۇنۇش"**تىن ئىبارەت ئېغىر تەبىر بىلەن سۈپەتلىگەن. قۇرئان كەرىمدە "ھەۋا" كەلىمىسى ئىلىمنىڭ، يەنى ئاللاھتىن كەلگەن بىلىمنىڭ زىددىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءهُم مِّن بَعْدِ مَا جَاءكَ مِنَ الْعِلْمِ إِنَّكَ إِذَاً لَّمِنَ الظَّالِمِينَ

**"ساڭا ئىلىم (يەنى ۋەھيى) كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم زۇلۇم قىلغانلاردىن بولىسەن."** (بەقەرە، 145)

قۇرئان كەرىم ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىشنى ئازغۇنلۇقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى دەپ زىكىر قىلىدۇ. دىنىي مەسىلىلەردە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە يەنى نەپسى ئارزۇلىرىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ توغرا يولدىن چەتنەپ، ئاللاھ يولىدىن يىراقلىشىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

نەپسىنىڭ لايىقىدا پاكلىنىشى ئۈچۈن، سۆھبەت، رىيازات (ئاز يەپ، ئاز ئۇخلاپ، نەپسىنى كۆندۈرۈش) ۋە زىكرىغا ئوخشاش مەنىۋى تەربىيە مېتوتلىرىغا ئېھتىياج بار. ئىمان جەۋھىرىنىڭ مەركىزى قەلب بولغىنىدەك، زىكىر جەۋھىرىنىڭ مەركىزىمۇ قەلبتۇر. زىكىر تىلدىن قەلبكە چۈشكەندە ھەقىقى قۇللۇق باشلاپ، نەپس توسقۇنلىقنى ئېشىش يولىغا كەلگەن بولىدۇ. زىكىرنى داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە زىكىرنىڭ ھەقىقتى، زىكىر قىلغۇچىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىغا ھاكىم بولىدۇ. قەلبتە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ بىر نەرسە قالمايدۇ. قۇل رەببى بىلەن بىللە بولۇپ، ئېھسان تۇيغۇسىغا ئېرشىپ ئىبادىتىنى رەببىنى كۆرۈۋاتقاندەك داۋاملاشتۇرىدۇ.

**ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى**

شەيتاننىڭ ئىغۋاسى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلمىغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىمىز، جەننەتتىن چىقىرىلىپ دۇنياغا چۈشۈرۈلگەن. ھەزرىتى ئادەم پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى سەيلان ئارىلىغا، ھاۋۋا ئانىمىز قىزىل دېڭىز ساھىلىدىكى جىددە شەھرىگە چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت بىر-بىرىدىن ئايرىم ياشىغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىمىز تەۋبە ۋە ئىستىغپارنى داۋاملاشتۇرغان. لېكىن كەچۈرۈمكە ئىگە بولمىغان، ئاخىرى:

رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**"پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز."** (ئەئراف، 23)دەپ، دۇئا قىلغان.

باشقا رىۋايەتلەردە كائىناتنىڭ تەربىيچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھانىيىتىگە سىغىنىپ، ئۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئىلاھىي مەغپىرەتكە ئېرىشكەن. ھەدىس شەرىپتە بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

"ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەپ بولغاب خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن خاتالىقنى تونۇپ:

"ئى رەببىم! مۇھەممەدنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن." دېگەن. ئاللاھ تائالا:

"ئى ئادەم! تېخى مەن ياراتمىغان مۇھەممەدنى سەن قەيەردىن بىلدىڭ؟" دېگەن.

ئادەم ئەلەيھىسسالام:

"ئى رەببىم! سەن مېنى يارىتىپ، ماڭا روھىڭدىن ئۈپلىگەن چاغدا بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئەرشنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئۈستىدە "لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" سۆزىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم. بىلدىمكى سەن زاتىڭنىڭ ئىسمىغا پەقەت مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملىكىنى قوشۇمچە قىلىسەن!" دېگەن.

بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا:

"توغرا سۆزلىدىڭ ئادەم! ئۇ مېنىڭ ئۈچۈن مەخلۇقاتنىڭ سۆيۈملىكىدۇر. ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىل (مادەمكى دۇئا قىلدىڭ) مەنمۇ سېنى كەچۈردۈم. ئەگەر مۇھەممەد بولمىغان بولسا ئىدى، سېنى ياراتمايتتىم! دېگەن."
(ھاكىم، "مۇستەدرەق"، 11، 672)

ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قەدىر-قىممىتىنى ئەسلەپ، ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىنىپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مەككە تەرەپكە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى مەسئۇل قىلغان. بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن جىددىدە ياشاۋاتقان ھاۋۋا ئانىمىزمۇ باشقا بىر پەرىشتە رەھبەرلىكىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قاراپ يولغا چىقىرىلىپ، زۇلھەججىنىڭ توققۇزى ئەرەپە كۈنى ئەسىر ۋاقتى ئەراپاتتا ئۇچراشقان ۋە كۆز ياشلىرى ئىچىدە رەببىگە ئىستىغپار ئېيتقان.

ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھەزرىتى ھاۋۋانىڭ بىر-بىرلىرىگە بولغان بۇ سېغىنىش ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت، ھاۋۋانىڭ پەرىقلىق بىر جىنىستىن ئەمەس بەلكى ھەزرىتى ئادەمدىن يارىتىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئېھسان ۋە كەرىمى چەكسىز بولغان ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى قوبۇل قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ قىيامەتكىچە ھەر يىل ئوخشاش كۈن، ئوخشاش سائەتتە ئەراپاتقا كېلىپ تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلارنىڭمۇ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىق خوش خەۋىرىنى بەرگەن. ھاجىلارنىڭ ئەراپات كۈنى ئەراپاتتا تۇرۇشىنىڭ ھېكمىتى بۇنىڭدىن ئىبارەت.

**يەريۈزىدىكى تۇنجى جىنايەت**

بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىمىز، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بۈگۈنكى مەككە شەھرىگە ماكانلاشقان. بۇنىڭ ئۈچۈن مەككە شەھرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى "ئۇممۇل قۇرا" شەھەرلەرنىڭ ئانىسى دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردە ئىنسانلار كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇنداق تېزلىك بىلەن كۆپىيىشنىڭ ھېكمىتى، ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ بىر قۇساقتا بىردىن كۆپ بالا تۇغىشى سەۋەبىدىندۇر. بىر قۇساقتىن تۇغۇلغان بۇۋاقلار بىرتۇققان بولۇپ بىر-بىرلىرى بىلەن نىكاھلىنىش ھارام ئىدى. لېكىن باشقا بىر قۇساقتىن تۇغۇلغانلار بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىناتتى.

قابىل بىرلا ۋاقىتتا ۋە بىر قورساقتىن تۇغۇلغان قىز بىر تۇققىنى بىلەن نىكاھلىنىشنى ئارزۇ قىلغان. ھابىل بولسا بۇنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، باشقا ۋاقىتتا تۇغۇلغان قېرىنداشلىرىدىن بىرى بىلەن نىكاھلىنىشنى خاتىرلاتقان. قابىل بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا پەرۋا قىلماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان. بۇنىڭ ئۈستىگە ھابىل قايسىنىڭ پىكرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاللاھقا بىردىن قۇربانلىق قىلىش تەكلىپ قىلغان.

ئۇ زاماندا قۇربانلىق، كىشى نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانسا قولىدا بولغان مالدىن بېرەتتى. قۇربانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ ماللار بىر تاغ ئۈستىگە قويۇلۇپ بىر مۇددەتتىن كېيىن قارالغاندا، ئاسماندىن چۈشكەن بىر ئوت تەرىپىدىن كۆيۈپ يوقالغان بولسا قۇربانلىق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولاتتى.

ھابىلنىڭ قويلىرى بار ئىدى. قۇربانلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ سىمىز ۋە چىرايلىق بىر قوچقارنى تاللىدى. قابىل بولسا زىرائەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ قۇربانلىق ئۈچۈن ناچار بولغان بۇغدايدىن بىر باغلامنى تاللىدى.

ھابىل ۋە قابىل بىر مۇددەتتىن كېيىن قويۇپ قويغان قۇربانلىقنى كۆرۈش ئۈچۈن ماللىرىنىڭ يېنىغا باردى. ھابىلنىڭ قۇربانلىق قىلغان قوشقىرى قوبۇل قىلىنىپ، قابىلنىڭ قۇربانلىق قىلغان ناچار بۇغدىيى شۇ پېتى ئورنىدا تۇردى. قابىل بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. قۇرئان بايان قىلغاندەك ئۆز قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈردى:

وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِن أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ  لَئِن بَسَطتَ إِلَيَّ يَدَكَ لِتَقْتُلَنِي مَا أَنَاْ بِبَاسِطٍ يَدِيَ إِلَيْكَ لَأَقْتُلَكَ إِنِّي أَخَافُ اللّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ  إِنِّي أُرِيدُ أَن تَبُوءَ بِإِثْمِي وَإِثْمِكَ فَتَكُونَ مِنْ أَصْحَابِ النَّارِ وَذَلِكَ جَزَاء الظَّالِمِينَ  فَطَوَّعَتْ لَهُ نَفْسُهُ قَتْلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُ فَأَصْبَحَ مِنَ الْخَاسِرِينَ  فَبَعَثَ اللّهُ غُرَابًا يَبْحَثُ فِي الأَرْضِ لِيُرِيَهُ كَيْفَ يُوَارِي سَوْءَةَ أَخِيهِ قَالَ يَا وَيْلَتَا أَعَجَزْتُ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ هَذَا الْغُرَابِ فَأُوَارِيَ سَوْءَةَ أَخِي فَأَصْبَحَ مِنَ النَّادِمِينَ

**"(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىڭگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى ھابىل بىلەن قابىل)نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) ئىككەيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرسى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرسى (يەنى قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) "مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن" دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل: "ئاللاھ سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى" دېدى. (ھابىل) ئېيتتى: "ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ" [27]. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن [28]. مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر" [29]. ئۇ (يەنى قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى [30]. ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ): "ۋاي مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟" دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى."** (مائىدە، 27 - 31)

بۇ قىسسىدە ۋەھيىنىڭ نۇرى بىلەن ئايدىڭلانغان بىر ئەقىل بىلەن نەپسىنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلالماي بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان ئەقىل بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇلارنىڭ يول ئاچقان نەتىجىلىرىنىڭ جانلىق مىسالى كۆرسىتىلمەكتە. ئەقىلنىڭ ۋەھيي ئىچىدە قىممىتى بار. ۋەھيىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋە ئۇنى رەھبەر قوبۇل قىلغان بىر ئەقىل، ھېكمەتلەرگە ۋاقىپ بولىدۇ. ۋەھيىنىڭ يول كۆرسىتىشىدىن مەھرۇم بولغان ئەقىل بولسا ئىنسانى نەپسىنىڭ ئاپەتلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلالمايدۇ. ئەقىل ھەر تۈرلۈك غايە ئۈچۈن قوللىنىلالايدىغان ئۆتكۈر بىر پىچاققا ئوخشاشتۇر. خالىغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن

نان توغرايدۇ. خالىغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭدەك قابىلنىڭ ئەقلى، ۋەھىيگە قارشى چىققانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى ئازغۇنلۇققا كۆتۈرۈپ ئاقىۋىتىنى ۋەيران قىلغان.

تەقۋا ۋە سەمىمىيەتتىن مەھرۇم قالغان كىشىلەردە ئەقىل ھەم ئۆزلىرى ھەمدە باشقىلىرىغا قارىتا ئۇ كىشىنىڭ زۇلمىنى كۆپەيتىدۇ. قابىل ھېكايىسىدا بولغىنىغا ئوخشاش ئۆز قېرىندىشىنىمۇ ئۆلتۈرەلەيدىغان ھالغا كېلىدۇ، ئەقىل نېمىتىنى ۋەھيىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن قوللۇنۇپ قابىلگە نەسھەت قىلغان ھابىل بولسا سەمىمى بىر قۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ قورقىسى بىلەن ھەرىكەت قىلغان.

قىزغانچۇقلۇق ۋە ھەسەتخورلۇق كېسىلگە گىرىپتار بولغانلار، ئۆزىدىكى نېمەتنى كۆرمەي دائىم باشقىلارنىڭ قولىدىكى نېمەتلەرگە كۆز تىكىدۇ. نەپسىنىڭ يامان سۈپەتلىرىدىن بولغان قىزغانچۇقلۇق ۋە ھەسەت كىمنىڭ ئۈستىدە ھاكىمىيەت قۇرسا، ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك يامانلىقنى قىلدۇرىدۇ. ھەتتا بۇ كىشى قېرىندىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. ھەسەت ۋە قىزغانچۇق كىشىلەر ئىلاھىي تەقدىرگە رازى بولمايدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلق ئالەم ئارىسىدا شەرمەندە بولۇپ، ۋىجدان ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتتىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ چارىسى، يەنە نەپسىنى پاك تۇتۇپ، نەپسىنىڭ ئەمىرلىرىدىن قۇتۇلۇپ نەپسكە بويۇن ئەگمەستىن ئەمىن بىر نەپسكە يېتىش، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇشتۇر. قابىل بىلەن ھابىلنىڭ شەخسىيىتىدە پەرىشتە بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى زىتلىقنى ئەسلىتىدىغان بىر قۇتۇپلىشىش بار. قابىل شەيتانغا ئوخشاش ئۆزىدىكى نوقسانلىقنى باشقىلاردىن ئىزدىگەن بولسا، ھابىل بىر پەرىشتىدەك مۇئامىلە قىلىپ، نەپسانى ئەندىشىلەردە بولماي، پەقەت ئاللاھ قورقىسى بىلەن ھەرىكەت قىلغان. يەنى ئۇلاردىن بىرى شەيتانغا ئوخشاش خاتالىقىدا چىڭ تۇرغان بولسا يەنە بىرى ئاللاھقا تايانغان.

قۇرئان كەرىم بىر ئىنساننىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ ئىتايىن ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ئىنساننى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ناھايىتى چوڭ ساۋاپ ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنَّهُ مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا وَلَقَدْ جَاءتْهُمْ رُسُلُنَا بِالبَيِّنَاتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ ذَلِكَ فِي الأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ

**"شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ، پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا (شانلىق) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى (كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە) زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى."** (مائىدە، 32)

ئىنسانلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە بىر تۇققاننىڭ قېنىنى تۆكۈش ۋەقەسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەر ئىنساننىڭ قېنىنىڭ (گۇناھىدا) ئادەمنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭمۇ نىسۋىسى بار. چۈنكى ئۇ ئىنسان ئۆلتۈرۈشنىڭ يولىنى تۇنجى ئاچقان كىشىدۇر." (بۇخارى، ئەنبىيا، 1؛ مۇسلىم، قاسامە، 27)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"ئىسلامدا ياخشى بىر يول ئاچقان كىشىگە، بۇنىڭ ساۋابى بار. ئۇ چىغىردا ماڭغانلارنىڭ ساۋابىدىنمۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسى بار. پەقەت ئۇلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچ بىر نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا يامان بىر چىغىر ئاچقان بولسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ بار بولۇپ، ئۇ چىغىردىن ماڭغانلارنىڭ گۇناھلىرىدىنمۇ نېسىۋىنى ئالىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىنمۇ ھېچ بىر نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ." (مۇسلىم، زاكات، 69، نەسەئى، زاكات، 64)

بۇ ھەدىس شەرىپ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كىمكى بىر ياخشىلىققا دەۋەت قىلسا، ئۆزىدىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇلغان ئۇ ياخشىلىقتىن، كىمكى بىر يامانلىققا سەۋەپ بولسا ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇلغان بۇ يامانلىقتىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ.

ئىمام غەززالىنىڭ "ئىھيا" ناملىق كىتابىدا مۇنداق گۈزەل بىر سۆز بار:

"ئۆلگەن ۋە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە گۇناھلىرىمۇ ئۆلگەن كىشى نېمىدېگەن بەختلىك! ئۆلگەن بولسىمۇ گۇناھلىرى بىر قانچە يۈز يىل داۋاملاشقان بەختسىز كىشىلەرنىڭ جېنىغا ۋاي!"

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"كەلگۈسىدە شۇنداق پىتنىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئۇ زامان ئولتۇرغان كىشى ئۆرە تۇرغان كىشىدىن، ئۆرە تۇرغان كىشى يۈرگەن كىشىدىن، يۈرگەن كىشى يۈگۈرگەن كىشىدىن ياخشىدۇر."

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئادەم ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى ماڭا ئۇزاتسا قانداق قىلىمەن؟" دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ئادەمنىڭ ئوغلى (ھابىل)غا ئوخشاش بول!" دېگەن. (تىرمىزى، فىتەن، 29 \ 2194)

ئىسلام بەش نەرسىنى قوغداشقا بۇيرۇغان. بۇلار: جان، ئەقىل، دىن، نەپىس ۋە مالدىن ئىبارەت. ئىنسان بۇلارغا قارشى قىلىنغان تاجاۋۇز ئالدىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇ كۈرەشنى دىنىمىزنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە قىلىش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، زالىم ياكى مەزلۇم ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە زالىم بولۇش ئەمەس بەلكى مەزلۇم بولۇشنى تاللاش كېرەك.

ھابىل ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئادەم ۋە ھاۋۋاغا شىت ئەلەيھىسسالامنى بەرگەن. شىت، كەلىمە جەھەتتىن " ئاللاھنىڭ ھەدىيەسى، ھەدىيە قىلىنغان نەرسە" دېگەن مەنىدە. شىت ئەلەيھىسسالام، قۇرئان كەرىمدە ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان پەيغەمبەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا 50 سەھىپە نازىل قىلىنغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن شىت ئەلەيھىسسالامنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا كېچە-كۈندۈز سائەتلىرىنى، ئۇ سائەتلەردە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى ۋە توپان ۋەقەسىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ۋاپات بولغان. پەرىشتىلەر كېلىپ، يۇيۇپ-كېپەنلەپ دەپنە قىلغان. مىڭ يىل ياكى 930 يىل ياشىغانلىق رىۋايىتى بار.

### ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەر

1. ئىنساننى داۋاملىق يامانلىققا تەشۋىق قىلغان ۋە ئوچۇق دۈشمىنى بولغان شەيتاننىڭ ھىلە-مىكىرلىگە قارشى ئىنتايىن دىققەت قىلىش ۋە ئويغاق بولۇش كېرەك.

2. ئىنساننى ئەبەدى زىيان تارتقۇزىدىغان ھەسەتخورلۇق، ئالدىراڭغۇلۇقتا ئوخشاش يامان ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نەپسىنىڭ ساپلىقى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3. بىر گۇناھ قىلغاندا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش دەرھال تەۋبە قىلىش كېرەك.

4. ھېچ بىر خاتالىقىمىز بولمىسىمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئۈچۈن لايىقىدا شۈكۈر قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتىشىمىز كېرەك.

5. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ چەكلەنگەن مېۋە دەرىخىگە يېقىنلاشقانلىقىدىن چىققان نەتىجىگە ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ گۇناھ قىلغاندىن كېيىن يۇقالغان رۇھانىيىتى ئۇلارنىڭ ئىستىغپار ئېيتىشى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

6. ھەزرىتى ئادەمگە ئوخشاش دۇئالىرىمىزنى دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلاش، ئاسانلىق ۋە قېيىنچىلىقتا ھەر زامان ئۇنى تىلىمىز ۋە قەلبىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

7. ھابىلغا ئوخشاش روھى سۇلتانىيەنى نەپسانى ھاياتقا ھاكىم قىلىپ، ئەھسەنى تەقۋىم سىررىغا يېتىشكە تىرىشىش كېرەك.

8. ياخشىلىقتا ۋەسىلە بولغانلارنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كېلىپ ئوخشاش ياخشىلىقنى قىلغانلارنىڭ ئەجرىدىن نېسىۋە ئالىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە يامانلىقتا ۋەسىلە بولغانلارنىڭمۇ ئۆزىدىن كېيىن كېلىپ ئوخشاش يامانلىقنى قىلغانلارنىڭ يامانلىقىدىن بىر نېسىۋىسىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ھېچ بىر زامان ئەقلىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ھابىل ياخشىلىقتا، قابىل يامانلىقتا بىر يول ئاچقان.

9. ئىنسان ھۆرمەتلىك يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستىنى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

خۇلاسىلىغاندا ھەزرىتى ئادەم:

تۇنجى بولۇپ جەننەت ۋە دۇنيا ھاياتىنى ياشىغان،

تۇنجى بەدىنىنى ياپقان،

تۇنجى بولۇپ نۇمۇس قىلغان،

تۇنجى بولۇپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن،

تۇنجى بولۇپ تەۋبە قىلغان،
تۇنجى بولۇپ پەيغەمبەر بولغان، (ئۇنىڭغا ئون سەھىپە نازىل بولغان.)
تۇنجى بولۇپ تەۋھىد كۆرىشى قىلغان،
تۇنجى بولۇپ ئەۋلات ئاچچىقى تېتىغان،
تۇنجى بولۇپ سالاملاشقان،
تۇنجى بولۇپ تۇپراقتا ئىشلىگەن،
خۇلاسە قىلغاندا ئۇ تۇنجى ئىنسان ئىدى.
ئەلەيھىسسالام!.. (ئۇنىڭغا سالام بولسۇن)

# تەۋبە ۋە ئىستىغپار

دۇنيا بىر ئىمتىھان ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىققىمۇ، يامانلىققىمۇ مايىللىقى بار. بۇ مايىللىقنىڭ قايسىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقسا ئىنسان شەخسىيىتى ئۇنىڭغا قاراپ، سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

بىر كىشىنىڭ مەجبۇر قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قارشىدىكى ئىنسانغا بىر ئىستىكان سۇ بېرىشى، رەھمەت ئېيتىش تۇيغۇسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، بۇ ئىنسانى ۋە ۋىجدانى بىر مەجبۇرىيەت دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئۆلچەم بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ سان-ساناقسىز نېمەتلىرى ئالدىدا قانداق شۈكۈر ھېس-تۇيغۇسى ئىچىدە بولۇشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، بىر ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان، جاھىللىق، شەھۋەت، كىبىرلىك، مەغرۇرلۇق، ھېرىسمەنلىك، بېخىللىق، ھەسەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇقتىن ئىبارەت ناچار سۈپەتلەرگە مايىل بولۇپ، نەپسىگە ئەگىشىپ ئىلاھىي نېمەت ئالدىدا تۇزكورلۇق قىلىشى، ئۇنىڭ ئىگە بولغان تەبىئى شان-شەرىپىگە سايە چۈشۈرىدۇ.

ئىنسان ئوغلى نەپسانى ئارزۇسىغا يېڭىلىپ، ئىمان نۇرىنىڭ پارلاقلىقىنى يوقاتقىنىدا گۇناھقا مايىل بولىدۇ. ۋىجدانىدا ئەخلاقى تۇيغۇلىرى ئاجىزلاشقاندا ئەستايىدىللىقى يوقايدۇ. توغرا يول ئىگىسى بولۇش يولىدا ئاجىزلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گۇناھلار، مۇڭلۇق مۇزىكىغا ئوخشاش نەپسىگە يېقىملىق كېلىپ، مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلمايدىغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ دۇنياغا غەپلەت باسقان ھالدا مايىل بولۇش نەتىجىسىدە قىلغان گۇناھلىرى، ئۇنىڭ ئىنسانلىق شان-شەرىپى ۋە شەخسىيىتىنى زېدىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال روھلارنىڭ گۇناھ قاراڭغۇلىقى بىلەن كىرلىنىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئىنسان ئوغلى گۇناھسىز، پاك-پاكىز دۇنياغا كېلىدۇ. دىنىمۇ بۇ تەبىئى پاكلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا بېرىلگەن ئېھسان ۋە مەرھەمەت تەجەللىسىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ ئىككى سەۋەپ سايىسىدە غەپلەت پەردىسىنى ئېچىۋېتەلىسە قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋىجدانىدا ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ساقلانغان پەزىلەت ھېسلىرى ئويغىنىدۇ. قەلبى قاتتىق پۇشايمانلىق بىلەن ئىچى كۆيۈپ ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن رەببىگە كۆڭلىنى ئاچىدۇ. بۇ كۆيۈش ۋە پۇشايمانلىق **"تەۋبە"**دۇر.

ئارقىسىدىن مەغپىرەت تىلەش ئۇچۇن رەببىگە ئىچىلغان قوللارنىڭ سەۋەپچىسى بولغان قەلبلەردىن تاشقان ئىلتىجا **"ئىستىغپار"**دۇر.

ئاللاھ جەللە جالالۇھۇ قۇلىنىڭ پۇشايمان، نادامەت، تەۋبە، ئىستىغپارىدىن مەمنۇن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ "رەھمان ۋە رەھىم" ئىسىملىرىنىڭ ئىگىسىدۇر:

إِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ

**"ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ."** (بەقەرە، 222)

ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرىغا بولغان شەپقەت، مەرھەمىتى شۈبھىسىز بىر ئانىنىڭ قۇچاقتىكى بالىسىغا بولغان مەرھەمىتىدىنمۇ ئارتۇقتۇر. ئۇ قۇللىرىغا غەزەپ قىلىشنى خالىمايدۇ، لېكىن قۇل تۈزكورلۇق ۋە زۇلۇمدا چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، جازاغا لايىق بولىدۇ. ئۇنىڭ رەھمان ۋە رەھىم ئىسىملىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن رەھمىتى غەزىپىدىن ئارتۇقتۇر. شۇڭا شۇ ھەدىس شەرىپتە قۇللىرىنىڭ تەۋبە، ئىستىغپارى ئالدىدا ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسى مۇنداق بايان قىلىنغان:

مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بەندە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىدىن مۇنداق بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىن بەكرەك خۇشال بولىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر چۆلدە سەپەر قىلىۋېتىپ يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇق-تۈلۈك ئارتىلغان ئۇلىغىنى يۈتتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ ئادەم ئۇلىغىنى ئىزدەپ تاپالماي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ سايىسىدە يېنىچە ياتىدۇ. ئۇ ئۇلىغىنىڭ تېپىلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتە ئۇنىڭ ئۇلىغى تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ نوقتىسىدىن تۇتقان ھالدا قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن: ئى ئاللاھ ! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ، دەپ تاشلايدۇ. ئۇ ئادەم قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن سۆزدە خاتالىشىدۇ."

ئۇنىڭ رەھمىتى ھەركىشىگە ئورتاقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا:

وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ

**"مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر."** (ئەئراف، 156) دەپ قۇللىرىغا بولغان مەرھەمىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ

ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنۇ بىر ھەدىس قۇدسىدە ئاللاھ تائالانىڭ:

"رەھمىتىم ھەقىقەتەن غەزىپىمگە غالىپ كەلدى." دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. (بۇخارى، تەۋھىد)

بۇ سەۋەپتىن پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر، دائىم ئۈممىتىنى ئىستىغپار ئېيتىشقا دەۋەت قىلغان.

پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ بىر ئىنسان ئىنسانى خۇسۇسىيەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئاز ياكى كۆپ گۇناھ قىلىشتىن خالى ئەمەس. بۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىمدە گۇناھلاردىن پاكلىنىشنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان **"تەۋبە"** ئىسىملىك مۇستەقىل بىر سۈرە مەۋجۇت. "تەۋبە" كەلىمىسى، قۇرئان كەرىمدە سەكسەندىن ئارتۇق يەردە زىكىر قىلىنىدۇ. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھلارنى كەچۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن يۈزلەرچە كەلىمىنىڭ يېنىدا ئالاھىدە **"غەفۇر"** ئىسمى-شەرىپى توقسان ئىككى قېتىم، **"غەففار"** ئىسمى-شەرىپى بەش يەردە تەكرارلىنىدۇ. **"غافىر"** ئىسمى-شەرىپى بىر قېتىم زىكىر قىلىنىدۇ. بۇلار تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرلىكتە، قۇللارنى تەۋبە، ئىستىغپارغا تەشۋىق قىلىدۇ.

ئىنسان گۇناھىنىڭ ھەتتا غەپلىتىنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ بىر ئىرپان، رەببىدىن مەغپىرەت تىلىشى بولسا بىر ۋىجدانى مەجبۇرىيەتتۇر. گۇناھىنىڭ بىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن قايتىشنىڭ لازىملىقىنى ئىدراك قىلالماسلىق غەپلەتتى جەھەننەم يولىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ:

وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ

**"تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر."** (ھۇجۇرات، 11)

ھەدىس شەرىپتە:

"گۇناھلاردىن پۇشايمان قىلىش، تەۋبىدۇر. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان كىشى، ئۇ گۇناھنى قىلمىغاندەك بولىدۇ." دېيىلگەن. (ئىبنى ماجە، زۇھد، 30\4252، سۇيۇتى، ئەل جامىئۇسسەغىر، 11، 161)

قوبۇل بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئاللاھنىڭ كەچۈرىدىغانلىقىغا مەغرۇرلۇنۇپ (ئالدىنىپ) كېچىكمەستىن تەۋبە قىلىشى لازىم. چۈنكى ئايەتتە تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئالدىراشنىڭ لازىملىقى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّمَا التَّوْبَةُ عَلَى اللّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السُّوَءَ بِجَهَالَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ فَأُوْلَئِكَ يَتُوبُ اللّهُ عَلَيْهِمْ وَكَانَ اللّهُ عَلِيماً حَكِيماً

**"ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (نىسا، 17)

شەيتانغا ئالدىنىپ تەۋبىنى كېچىكتۈرگەنلەرنىڭ قايغۇلۇق ئاقىۋىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّى إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الآنَ وَلاَ الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ أُوْلَئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا

**"داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق."** (نىسا، 18)

بەزى ئالىملار ئايەتتىكى بۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن:

"ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا ئالدىراڭلار!" (مۇناۋى، فەيزۇل قادىر، 5، 65)

تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يالغۇز تىلنىڭ " ئەستەغفىرۇللاھ" دېيىشى يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ بىرلىكتە قەلبى تىترەش ۋە نادامەت بىلەن ئوخشاش خاتانى قىلماسلىق ئۈچۈن مۇستەھكەم نىيەتلىنىش كېرەك.

ھەزرىتى مەۋلانا تەۋبىدە لازىم بولغان روھى ھالەتنى شۇ شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ:

"پۇشايمانلىق ئۇتى بىلەن تولۇپ تاشقان بىر كۆڭۈل ۋە كۆز-ياشلىرى بىلەن تەۋبە قىل! چۈنكى گۈل-چېچەكلەر، قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە نەم يەرلەردە ئېچىلىدۇ!"

تەۋبە ۋە ئىستىغپار، شەخس ۋە مىللەتنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىپ، كېلىدىغان بالا ۋە مۇسىبەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇ ھەدىس شەرىپ، مۆمىنلەرنىڭ شەخسىيىتىنى تەرتىپكە سېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

"بىر مۆمىن ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، جەننەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولاتتى! كاپىرلارمۇ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكىنى بىلگەن بولسا ئىدى، جەننەتكە كىرىشىنى ئۈمىد قىلغان بولاتتى!" (مۇسلىم، تەۋبە، 23)

بۇ جەھەتتىن بىر مۆمىن **"خەۋف ۋە رىجا"** يەنى قورقۇ ۋە ئۈمىد ئارىسىدا ياشىشى كېرەك. "جەھەننەمگە پەقەت بىر كىشى كىرىدۇ! دېيىلسە، بەلكى ئۇ كىشى مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دېگەن قورقۇ ئىچىدە، "جەننەتكە پەقەت بىر كىشى كىرىدۇ!" دېيىلسە، يەنە "بەلكى ئۇ كىشى مەن بولۇشۇم مۇمكىن" دېگەن ئارزۇدا ياشىشى كېرەك.

قورقۇ قەدەممۇ-قەدەم بولغىنىدەك، مۇھەببەتمۇ قەدەممۇ-قەدەم بولۇشى كېرەك. گۇناھكار كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ. مۇتتەقىلەر كۆڭۈللىرىنىڭ مەھبۇبى ئاللاھ تائالانى رەنجىتىپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ كىچىك گۇناھ قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمانلىق بىلەن تەۋبە، ئىستىغپار قىلغانلىقى بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئىنسانى ئاجىزلىقىنى تونۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى مۇتلەق ئۇستۇنلۇك ئاللاھقا خاستۇر. ئاجىزلىقتىن خالى ۋە يىراق بولغان يالغۇز ئاللاھتۇر.

تۇنجى قېتىم تەۋبە قىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. ھاۋۋا ئانىمىز بىلەن بىرلىكتە قىلغان تەۋبىسى مەشھۇردۇر:

رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**"پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز› › دېدى."** (ئەئراف، 23)

بۇ دۇئا ئۇلاردىن كېيىن قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتكۈل ئىنسان ئەۋلادى ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئىستىغپار ئۆرنىكىدۇر.

ئاللاھ تائالا مەرھەمىتى سەۋەبى بىلەن بەندىلىرىنى تەۋبە ۋە ئىستىغپارغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى كەچۈرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئايەتلەردە مۇنداق دېگەن:

إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا

**"پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [70]. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)."**
(فۇرقان، 70 - 71)

وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ * أُوْلَئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ

**"تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ [135]. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!"** (ئال ئىمران، 135 - 136)

ئايەتتە ئېھسان ھالىتىدە بىر ھايات كەچۈرگەنلەرنىڭ گۇناھتا چىڭ تۇرمىغانلىقى ۋە تەۋبىگە ئېسىلغانلىقى تەكىتلىنىدۇ:

"گۇناھتا چىڭ تۇرغانسىرى كىچىك گۇناھلار كىچىكلىكتە قالماي، بۈيۈك گۇناھقا ئايلىنىدۇ. ئىستىغپار داۋاملاشقانسىرى بۈيۈك گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىپ ئۆچۈرۈلىدۇ" ھېكمىتىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

أَلَمْ يَعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ وَيَأْخُذُ الصَّدَقَاتِ وَأَنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ

**"ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟"** (تەۋبە، 104)

قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ فَقَدْ كَذَّبْتُمْ فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًا

**"ئېيتقىنكى، "ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، (ئى كاپىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار، (ئاخىرەتتە) سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولۇسىلەر"."** (فۇرقان، 77)

دۇئادا ئاساسلىق بولغىنى ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە سەمىمى بولۇشتۇر. سەمىمى دۇئالار بىر مۇھەببەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتتە قۇلنىڭ مۇھەببەت بىلەن قىلغان بىر دۇئاسى ئارقىلىق قەدىر-قىممەتكە ئېرىشكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. بۇ سەۋەبتىن تەۋبىلەر چىن كۆڭۈلدىن قىلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَى رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ

**"ئى مۆمىنلەر ئاللاھقا سەمىمى تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ."** (تەھرىم، 8)

إِلاَّ الَّذِينَ تَابُواْ وَأَصْلَحُواْ وَاعْتَصَمُواْ بِاللّهِ وَأَخْلَصُواْ دِينَهُمْ لِلّهِ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ وَسَوْفَ يُؤْتِ اللّهُ الْمُؤْمِنِينَ أَجْرًا عَظِيمًا

**"پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا)دۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ."** (نىسا، 146)

وَاللّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الشَّهَوَاتِ أَن تَمِيلُواْ مَيْلاً عَظِيمًا

**"ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ (بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكرارلاندى). شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ."** (نىسا، 27)

ئىلاھى بۇيرۇقلارغا قارشى مەنىدە كەلگەن، گۇناھ قىلىشتىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرۇشقا تىرىشىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە لايىقىدا شۈكۈر قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ قانداق بىر ئىنسان تەۋبە ۋە ئىستىغپاردىن خالى بولالمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىق ھەممەيلەن ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. ئەگەر شۈكۈرگە لايىق بولغان تەقدىردە، بۇمۇ بىر نېمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشقا بىر شۈكۈر لازىم. شۇنىڭغا ئوخشاش شۈكۈر ئىنسان ئۈستىگە تۈگىمەس بىر قەرز ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

خاتالىق بىلەن ئادەتلەنگەن ئىنساننىڭ، گۇناھلاردىن پۈتۈنلەي يىراقلىششى ناھايىتى قىيىندۇر. قۇل غەپلەت بىلەن بولسىمۇ گۇناھ قىلىدۇ ۋە ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىپ رەببىگە ئىلتىجا قىلىدۇ. ئىنسان رەببىنىڭ ئەزىمەتى ۋە ئۆزىنىڭ ھېچ بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىدراك قىلىشى، بۇ يالۋۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىقىغا باغلىقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"ھەر ئىنسان خاتالىقتىن خالى بولالمايدۇ، لېكىن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىسى تەۋبە قىلغانلاردۇر." (ئىبنى ماجە، زۇھد، 30 \ 4251)

خاتالىق (زەللە) ئۆتكۈزۈشتىن پەيغەمبەرلەرمۇ خالى ئەمەس. بەزىدە ئۇلارمۇ خاتالىق (زەللە) ئۆتكۈزگەن ۋە رەببىگە ئىستىغپار ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"بەزىدە قەلبىمنىڭ پەردىلەنگەن ۋاقىتلىرى بولىدۇ. لېكىن مەن ئاللاھقا كۈندە يۈز قېتىم ئىستىغپار ئېيتىمەن." (مۇسلىم، زىكىر، 41، ئەبۇ داۋۇت، ۋىتىر، 26)

" ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەر كۈندە يەتمىش قېتىمدىن ئارتۇق ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەپ، تەۋبە قىلىمەن." (بۇخارى، دەۋەت، 3، تىرمىزى، تەپسىر، 47؛ ئىبنى ماجە، ئەدەپ، 57 )

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەۋبە، ئىستىغپارنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر خاتالىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر زامان مەنىۋى يۈكسىلىش ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر كېيىنكى ئەھۋالى ۋە دەرىجىسىگە ئاساسەن بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تۆۋەنرەك ئەھۋال ۋە دەرىجىسىگە ئىستىغپار ئېيتقان. ئۈممىتىگە ئىستىغپار يولىنى ئۆگەتكەن. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى **"سەييىدۇل ئىستىغپار"**دۇر. يەنى ئىستىغپارلارنىڭ خوجىسىدۇر.

شەددات ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىم. ئىبادەت قىلىشقا سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ. مەن سېنىڭ قۇلۇڭ. ئەزەلدە ساڭا بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تۇرىۋاتىمەن. قىلغان خاتالىقىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىمەن. ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئۇلۇغ دەرگاھىڭدا مىننەتتارلىق بىلەن خاتىرلەيمەن. گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. مېنى كەچۈرگىن. شۈبھىسىزكى، گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان:

"كىمكى بۇ سەييىدۇل ئىستىغپارنى ساۋابى ۋە پەزىلىتىگە قەلبى بىلەن ئىشىنىپ، كۈندۈزى ئوقۇپ، ئۇ كۈن كەچ بولۇشتىن بۇرۇن ۋاپات قىلسا ئۇ كىشى جەننەتلىكتۇر. يەنە ساۋابى ۋە پەزىلىتىگە قەلبى بىلەن ئىشىنىپ كېچە ئوقۇپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ۋاپات قىلسا ئۇ كىشىمۇ جەننەتلىكتۇر." (بۇخارى، دەۋەت، 2،16؛ ئەبۇ داۋۇت، ئەدەپ، 100-101؛ تىرمىزى، دەۋەت، 15؛ نەسەئى، ئىستىئازە، 57)

ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى بىزنىڭ شۈكرىمىز يېتىشەلمىگىدەك دەرىجىدە چەكسىزدۇر. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ
اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ

**"ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر."** (ئىبراھىم، 34)

تابىئىننىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئاتا ئىبنى ئەبى رەبباھ رەھمەتۇللاھ ئەلەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىستىغپار ۋە شۈكرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ھەزرىتى ئائىشىگە:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن ئەڭ ھەيران قالارلىق ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرسىڭىز؟" دېدىم. ئائىشە ئانىمىز:

"ئۇنىڭ قايسى ئەھۋالى ھەيران قالارلىق ئەمەسكى! دېدى ۋە مۇنداق قىلدى:

"بىر كېچە يېنىمغا كەلدى، ياتاققا كىردى، بىر ۋاقىتتىن كېيىن:

"رۇخسەت قىلساڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ رەببىمگە ئىبادەت قىلسام." دېدى. مەنمۇ:

"ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىلەن بىللە بولۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن سېنىڭ سۆيگىنىڭنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن" دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن تۇردى، تاھارەت ئالدى، كېيىن نامازغا تۇرۇپ، يىغلاشقا باشلىدى. شۇنداق يىغلىدىكى، كۆز ياشلىرى كۆكسىنى نەم قىلىۋەتتى. كېيىن رۇكۇ قىلدى، يەنە يىغلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدە قىلدى يەنە يىغلىدى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە يىغلىدى. بۇ ئەھۋال تاكى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ھەزرىتى بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ:

ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۆتمۈش ۋە كېلىچەكتىكى پۈتۈن گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا نېمىشقا يىغلايسەن؟ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ئى بىلال! ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلغان بىر بەندە بولمايمەنمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ كېچە ماڭا شۇنداق ئايەتلەر نازىل بولدىكى، ئۇنى ئوقۇپ ئۇنى تەپەككۇر قىلمىغانلارغا ئىسىت! دېدى ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**"شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار [190]. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) "پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن."** (ئال ئىمران، 190 - 191) (ئىبنى ھىببان، 11، 386)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بەخش ئەتكەن نېمەتلىرىنىڭ، قۇللۇقنى كېمەيتىش ئەمەس ئەكسىچە شۈكۈر قىلىشنى كۆپەيتىشكە ۋەسىلە بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتقان.

ئايەت ئۈچ نەرسىنى تەكىتلىگەن. بۇلار ئەزىمەتى ئىلاھىيەنى تەپەككۇر قىلىش، بۇ ئەزىمەت قارشىسىدا ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى ئىدراك قىلىش ۋە بۇنىڭ تەبئى نەتىجىسى بولغان ھالدا بۈيۈك دىۋانغا ئىلتىجا ۋە دۇئادۇر.

بۇ ئايەت نازىل بولغان كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسماندىكى يۇلتۇزلانى تەسىرلەندۈرگىدەك كۆز ياشلىرى بىلەن تاڭ ئاتقىچە يىغلىغان. ئاللاھنىڭ لۇتپى بىلەن مۆمىنلەرنىڭمۇ كۆز ياشلىرى ھەقىقەتەن كېچىلەرنىڭ زىنىنتى، قەبىر قاراڭغۇلىقىنىڭ ئايدىڭلىقى، ئاخىرەتتىكى جەننەت باغچىلىرىنىڭ شەبنەملىرىدۇر.

تەۋبىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرى سەھەرلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئىلاھىي نېمەتكە ئېرىشىدىغان بەختىيار قۇللىرىنىڭ، سەھەرنى قولدىن بەرمىگەن تەقۋا ئىگىسى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ

**"ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى [17]. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى."** (زارىيات، 17 - 18)

سەھەردىن كېيىن شەپەق ۋاقتى كېلىپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ تارقىلىپ كەتكىنىدەك، سەھەر ۋاقتىدىكى ئىستىغپارمۇ، گۇناھ قاراڭغۇلىقىدىن قۇتۇلۇپ نۇرلۇق مەغپىرەت شەپەقلىرىنى قولغا كەلتۈرىشىمىز ئۈچۈن رەھمەت ۋەسىلىسىدۇر.

**ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ئويغاق كۆڭۈل ۋە مەغپىرەت ئىقلىمىدە بەخت-سائادەت نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!**


ئوتتورا ئاسیا
قارا دېڭىز
خارەزم
ئاناتولىيە
كاسپى دېڭىزى
تۈركستان
ئاق دېڭىز
ماۋەرائۇننەهر
شام
هىمالايا
ئەرەب يېرىم ئارىلى
ئىران
قىزىل دېڭىز
سىند
مەككە مۇكەررەمە
ھىند
ئافرىقا
ھىندى ئوكيان
سەرەندىب



# ئدریس ئەلەیهسسالام

ساماۋى ھەيرانلىقنىڭ سىرلىرىنى تۇشۇغان

**ئىدرىس ئەلەيھىسسالام**

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بابىل ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتىنچى ئەۋلات نەۋرىسىدۇر.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ئىبادەت قىلاتتى. سالىھ ئىنسانلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشايتتى. ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم تىكىمچىلىك كەسپى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنغان.

ئۇ قابىلنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بىر خەلق ئىچىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇ خەلق ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن بۇزۇلغان ئىدى. شىت ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن يىراقلىشىپ، قۇللۇق ۋەزىپىسىنى تەرك ئەتكەن ئىدى. هارام ۋە يامان ئىشلارنى هالال ساناپ قىلىشىۋرەتتى. ھەق يولدىن ئايرىلغان بۇ قەۋمگە ئاللاھ تائالا ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا ئوتتۇز سەھىپە رىسالە بېرىلگەن بولۇپ، بۇ سەھىپىلەردە ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى بىلدۈرۈلگەن. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلاھىي بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى قەۋمگە تەبلىغ قىلغان.

پەرىشتىلەر ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى جامائەت بولۇپ زىيارەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشاتتى. ئۇنىڭ تەخمىنەن مىڭغا يېقىن مۆمىن جامائىتى بار ئىدى.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام قەۋمگە ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

"ئەقىللىق كىشىنىڭ دەرىجىسى يوقىرى كۆتىرىلگەنسىرى كەمتەرلىكى ئاشىدۇ."

"ئەقىللىق كىشى، باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە قارىمايدۇ! باشقىلارنىڭ ئەيىپىنى يۈزىگە سالمايدۇ! مال- دۇنياسى كۆپەيگەنسىرى مەغرۇرلۇنۇپ ئەخلاقىنى بۇزمايدۇ!"

"نەپسىنى پاك تۇتمىغان كىشىنىڭ ئەقلى يوقتۇر!"

"ئاخىرەت بىلەن دۇنيا سۆيگۈسى قەتئىي بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ!"

"دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا نىيىتىڭىز سەممى بولسۇن!"

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇقىرىغا (ئاسمانغا) كۆتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە مەريەم سۈرىسىنىڭ 57 - ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَرَفَعْنَاهُ مَكَانًا عَلِيًّا

**"ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق."** (مەريەم، 57)

بۇ ئۇلۇغ ماكاندىن مەخسەت، ئاللاھ تائالاغا يېقىن بىر مەرتىۋىگە يەنى جەننەتكە ياكى تۆتىنچى قات ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھەدىس بار:

"مەن مېراجدا تۆتىنچى قات ئاسمانغا چىققان ۋاقتىمدا، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. جىبرىئىل ماڭا:

"بۇ كۆرگىنىڭ ئىدرىستۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر!" دېدى.

مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ مۇ سالىمىمغا جاۋاب قايتۇردى. كېيىن (ماڭا) "خوش كەلدىڭ سالىھ قېرىندىشىم، سالىھ پەيغەمبەر!" دېدى. (بۇخارى، بەدئۇل ھەق، 6: مۇسلىم، ئىمان، 259 - 264)

بەزى ئالىملار ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىرغىچە ئاسماندا ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى ۋە پەزىلىتى مەريەم سۈرىسىنىڭ 56 - ئايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِدْرِيسَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا

**"كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىدرىس (قىسسى)نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى."** (مەريەم، 56)

ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 85 ۋە 86 - ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَإِسْمَاعِيلَ وَإِدْرِيسَ وَذَا الْكِفْلِ كُلٌّ مِّنَ الصَّابِرِينَ

وَأَدْخَلْنَاهُمْ فِي رَحْمَتِنَا إِنَّهُم مِّنَ الصَّالِحِينَ

**"ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفىللارنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى سەبىرلىك ئىدى (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى) [85] ئۇلارنى**

**رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى."**
(ئەنبىيا، 85 - 86)

قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئۈچۈن قوللىنىلغان **"سالىھلەردىن"** ئىپادىسى ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ھەزرىتى ئىدرىس بىلەن ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"ئىدرىس ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام، ھەددىدىن زىيادە جاپا مۇشەققەت ۋە كۈرەش نەتىجىسىدە پەرىشتىلەردەك بولغان. گويا يېمەيدىغان ۋە ئىچمەيدىغان ئەھۋالغا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر بىلەن ھەم جىنس بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن."

ئۇلانىڭ سەبىر، شۈكۈر ۋە جاپا-مۇشەققەت بىلەن روھلىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلىنىپ كامالاتكە يېتىش نەتىجىسىدە، لەتاپەتكە ئايلىنىپ (يەڭگىللىشىپ) پەرىشتىلەردەك ئاسمانغا كۆتىرىلىشى، قۇلنىڭ نەپسىنى پاك، قەلبىنى ساپلاشتۇرۇش بىلەن نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

مەنىۋى كامالەتنىڭ ئەڭ چوقىسىدا بولغان پەيغەمبەرلەر، ماددى تاكامۇلدىمۇ ئىنسانلارنىڭ رەھبەرلىرىدۇر. بۇنىڭ مىسالى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زىرائەتتە، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ تىككۈچىلىك كەسپىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىدۇر. بولۇپمۇ ئىنسانىيەت بىلەن باشلانغان يېزىق ھەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام زامانىدا تېخىمۇ راۋاجلانغان.

خۇلاسىلىغاندا، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام: تىككۈچىلەرنىڭ پىرى، يۇقىرى ئورۇنغا يۈكسەلگەن، سەبىردە ئابىدىلەشكەن سالىھلەردىن ئىدى. ئىلاھىي رەھمەتكە ئېرىشتى.

**ئەلەيھىسسالام! (ئۇنىڭغا سالام بولسۇن)**

### قەلب ۋە سىرلىرى

ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، ساماۋى ھەيرانلىقنىڭ سىرلىرى ۋە پاك بىر قەلبنىڭ، ئىلاھىي تەجەللىلەرگە قانداق ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھايۋانلاردىن تۆۋەن دەرىجە بىلەن پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن دەرىجە ئارىسىدا بولالايدىغان ئىنساننىڭ، ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىگە ئۇلىشىپ، پەرىشتىلەردىنمۇ

ئۇستۈن بىر پەزىلەتنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

بەدەن ۋە روھى ئالەمنىڭ مەركىزى بولغان قەلب، پاكلىنىش ۋە ساپلاشتۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ئالالاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن شۇنداق بىر ھالغا كېلىدۇكى، ئۇ قەلبنىڭ ئىگىسى كۆرىنىش جەھەتتىن باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش كۆرۈلسىمۇ لېكىن روھى جەھەتتىن پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈستۈن دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ.

بۇلار ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە قەلب ئالەمى ھەققىدە بىر ئاز مەلۇمات بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى چەكسىز بىر ھايات بولغان ئاخىرەتكە تەييارلىنىش بولۇشى كېرەك. بۇ پەقەت قەلبنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش، ئۇنى ھەر تۈرلۈك تەھلىكە ۋە يامانلىقتىن مۇھاپىزەت قىلىپ، گۈزەل ئەخلاققا يۈزلەندۈرۈش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. دۇنيادىكى ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە بەخت-سائادەت شۇنداقلا ئاخىرەتتىكى سەلتەنەتمۇ قەلبى سەلىم ئىگىسى بولۇش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

قەلب لوغەتتە، بىر نەرسىنى زىددىغا ئۆرۈش، شەكىل ۋە رەڭگىنى ئالماشتۇرۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ خاراكتېرى بىلەن قەلبلەر رۇھانى، نەپسانى ياكى شەيتانى پىئىللەر ئارىسىدا بىر ئۆمۈر چايقىلىپ تۇرىدۇ.

شەخس ۋە جەمئىيەتتە كامال ۋە زاۋال، ھەر زامان قەلبنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. روھانىيەت تولۇپ تاشقان قەلبلەردە، گۈزەل ئەخلاق، سالىھ ئەمەل ۋە گۈزەل ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇل **"ئەھسەنى تەقۋىم"** يەنى ئەڭ گۈزەل سەۋىيەگە يېتىشىدۇ.

نەپسانىيەت تولۇپ تاشقان قەلبلەردە، كۇپرى، شېرىك، يامان خۇي، شەھۋەت ۋە ۋەسۋەسە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالدا قەلب، يارىتىلىش غايىسىنىڭ زىددىغا ئايلىنىپ ئەمالىشىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش قەلبكە ئىگە بولغانلار **"بەلھۇم ئەدال"** يەنى ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ الْجِنِّ وَالإِنسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ
بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لاَّ يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لاَّ يَسْمَعُونَ بِهَا أُوْلَئِكَ
كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُوْلَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ

**"شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاختا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر."** (ئەئراف، 179)

قەلبنى بۇزغان شەيتاننىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىدىن قەلبنىڭ مۇھاپىزە قىلىنىشى پەقەت ئىبادەت، ئاللاھنى زىكىر قىلىش، روھانىي سۆھبەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇمكىندۇر. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە قۇلدا تەقۋالىق ھالى تەجەللى قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھەقىقى ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ

**"ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر."** (ھۇجۇرات، 13)

بۇ تەقۋالىق ھالىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن سالىھلار بىلەن بىللە بولۇش كېرەك. قەلبلەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن بۇ تۈر مەجلىسلەردە تەجەللى بولغان ئىلاھىي پەيزنىڭ ئەھمىيتى ناھايىتى بۈيۈكتۇر. بۇ سورۇنلار نەبۇۋۋەت نۇرىدىن ئېلىنغان پەيزلەر تولۇپ تاشقان مۇقەددەس ماكانلاردۇر. ئەۋلىيالارنىڭ بايان قىلىشچە مۇتلەق پەيياز (پەيز ۋە ئىلھام) بېغىشلىغۇچى ئاللاھ تائالادىن، قۇللىرىنىڭ كۆڭلىگە مەرھەممەت قىلىنغان پەيز ۋە نۇرنىڭ تۇنجى ئاققان يېرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدۇر. بۇ يەردىن سالىھ

قەلبىگە ئىنتىقال قىلىنىپ، ئۇلاردىن زەنجىرسىمان شەكىلدە، ئۇلارغا يېقىنلىق ۋە مۇھەببەت باغلىغانلارنىڭ قەلبىگە ئەكس ئېتىدۇ.

كۆنىمىز پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ قوبۇل قىلغىنىدەك ئىنسان، ئەتراپىدىن كەلگەن تەسىرلەرگە ئوچۇق بىر جانلىقتۇر. ئىنسانلارنىڭ خۇي-مىجەزى بىر-بىرىگە ئۆتىدۇ. چۈنكى روھلار ئارىسىدىكى مەنىۋى مۇناسىۋەت ئىنكار قىلىنمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئېنىرگىيە خاراكتېرلەردە داۋاملىق يۆتكىلىش ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىجابى تەسىر كۈچىگە ئىگە شەخسىيەتلەردىكى روھىي مەيىللەر، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بولغانلارغا ئۆز قابىلىيىتى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سادىقلار بىلەن ئۈلپەت قىلغانلار، ئۇلارغا ئوخشاش سالىھلىشىدۇ. قۇرئاندا ئەھمىيىتىگە بىنائەن **"تەقۋا ئىگىسى بولۇش"** بىلەن **"سادىقلار بىلەن بىللە بولۇش"** ئارقا-ئارقىدىن بۇيرۇلغان:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ

**"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.** " (تەۋبە، 119)

قەلب جەۋھىرىنى مۇھاپىزەت قىلالماسلىق ئىنسانلىق ۋە كىشىلىك نامىغا بۇيۈك بىر جىنايەتتۇر. قەلبىنى شەيتانى ئارزۇلىرىغا قۇربان قىلغانلار، جەھەننەمگە كىرىدۇ. قەلب ئەسلىدە بىر ھەق ۋە ھەقىقەت كومپاسىدۇر. قۇلنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۆلچىگۈچى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قايسى تەرەپكە يۆلۈنۈپ ئەمەل قىلسا، ئىنسان قۇللۇق نومۇرىنى ئۇنىڭغا ئاساسەن ئالىدۇ. ھەدىس شەرىپتە:

"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا، سىلەرنىڭ سۈرەت ۋە ماللىرىڭلارغا ئەمەس بەلكى قەلب ۋە ئەمەللىرىڭلەرگە قارايدۇ!" دېگەن. (مۇسلىم، بىرر، 34)

قەلبلەر مەنىۋى جەھەتتىن بەش قىسمغا بۆلىنىدۇ:

**1. تامغۇلانغان ۋە قۇلۇپلانغان قەلبلەر**

ھېچ بىر مەنىۋى ئۈستۈنلىكى بولمىغان بۇ قەلبلەر، ھەيرانى بىر ھاياتقا پېتىپ دۇنيانى پەقەت يېمەك-ئىچمەك ۋە ئويۇن-تاماشاغا ئوخشاش بەدەن پىلانىدىكى تۇراقسىز ھەۋەسلەردىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. بۇنداق قەلب ئىنسان ۋە كائىناتتا بولغان ئىلاھىي سىرلارنى كەشىپ قىلالايدىغان پاراسەتتىن يىراقتۇر. پەيغەمبەر ۋە ئاللاھ دوستلىرىنىڭ قەلبلىرىگە زىت بولغان بۇنداق قەلبكە ئىگە بولغان بەدەنلەرنىڭ مازاردىن ھېچقانداق پەرقى يوقتۇر. جەسەتلەر قانداق

سېبىسپ تۈگىسە، بۇ تۈر قەلبلەرمۇ ئىنكار قاراڭغۇلۇقىدا شۇنداق يوقۇلۇپ كېتىدۇ. زالالەتكە دۇچار بولغان بۇ قەلبلەر يالغۇز ئۆزىنى ئەمەس بەلكى ئۇلارغا يېقىن بولغانلارنىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا

**"ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)"** (مۇھەممەد، 24 )

ئۇلار دۇنيادا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدە ياشاپ، ئۇ نېمەتلەرنىڭ ھەققى ئىگىسىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا پەرۋا قىلماسلىققا ئوخشاش ئەخلاقسىزلىق ئىچىدە. ئاللاھ تائالا بۇ تۈر ئىنسانلار ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ:

صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لاَ يَرْجِعُونَ

**" ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، ئەمادۇر (يەنى ئەما بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ."** (بەقەرە، 18)

إِنَّكَ لَا تُسْمِعُ الْمَوْتَى وَلَا تُسْمِعُ الصُّمَّ الدُّعَاء إِذَا وَلَّوْا مُدْبِرِينَ وَمَا أَنتَ بِهَادِي الْعُمْيِ عَن ضَلَالَتِهِمْ إِن تُسْمِعُ إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ

**"سەن ئۆلۈكلەرگە ۋە يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغا (يەنى دىللىرىنىڭ ئۆلۈكلىكىدە ئۆلۈكلەرگە ۋە ھەقنى ئاڭلىماسلىقتا گاسلارغا ئوخشايدىغان كۇففارلارغا) دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن [80]. سەن (دىلى) ئەمالارنى گۇمراھلىقتىن ئايرىپ، ھىدايەت قىلالمايسەن، سەن (دەۋىتىڭنى)پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن. "** (نەمل، 80 - 81)

ئاللاھ تائالا بۇ سۈپەتتىكى قەلبلەرنىڭ قۇلۇپلانغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

خَتَمَ اللّهُ عَلَى قُلُوبِهمْ وَعَلَى سَمْعِهِمْ وَعَلَى أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ عظِيمٌ

**ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىمانىنىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ."** (بەقەرە، 7)

ئايەتتە دېيىلگەن قۇلۇپلانغان قەلبكە ئىگە بولغانلار، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق ئىشىكلىرىنى ئېتىۋەتكەن، ئىنسانى ۋە مەنىۋى ھايات بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن كىشىلەردۇر. قەلبىدىكى مۆھۈر ۋە قۇلۇپلارنى ئېچىش، ئۇلار ئۈنۈتقان ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

بۇ ئەھۋال پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى دەھشەت بىلەن تىترىتىدىغان ئىلاھىي سىر ۋە ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادا قەلبى قۇلۇپلىنىپ، ھىدايەت ئىشىكلىرى ئېتىلگەن كىشىلەرنى بىلىش بىز ئەمەس بەلكى يالغۇز ئاللاھقا ئائىت بىر ئىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا، خالىغان قۇللىرىغا ئۆلىمىدىن بۇرۇن ھىدايەت بېرىشى مۇمكىن.

قۇرئان كەرىم قەلبى قۇلۇپلانغان كىشىلەر ھەققىدە توختۇلۇش بىلەن بىرگە، بۇلارنى بىر-بىرلەپ مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاقىۋەت مەجھۇلدۇر. پىرئەۋننىڭ قول ئاستىدىكى سېھىرگەرلەردەك ئازغۇنلۇقتا ياشاپ ئاخىرقى ئۆمرىدە ھىدايەتكە ئېرىشكەندەك، قارۇن ۋە بەلئام ئىبنى بائۇرادەك ھىدايەت ئۈستىدە ياشاپ ئاخىرىدا دەپتىرىنى زىيانكارلىق بىلەن تولدۇرغانلارمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنى خاتا چۈشىنىپ ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ قىلىشقا سەل قارىماسلىقى لازىم. باشقا جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر-بىر قۇل ئۆزىنىڭمۇ مۇنداق بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىش قورقۇسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن قەلبىنى دائىم ئىمان ئۈستىدە سابىت قىلىشنى تەلەپ قىلىشى ۋە ھوشيار ھايات كەچۈرۈشكە تىرىششى كېرەك. چۈنكى قەلبكە سەل قارالغاندا ھىدايەتتىن يىراقلىشىپ، ئاللاھ زىكرىنى ئۇنتۇپ، قەلبى تاشقا ئايلىنىدۇ، ھەتتا تاشتىنمۇ قاتتىق ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەت قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الأَنْهَارُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ الْمَاء وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ اللّهِ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ

**"(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر. "** (بەقەرە، 74)

بۇ سەۋەپتىن قەلبىنىڭ قۇلۇپلىنىپ كېتىشتىن مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇللىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ نَسُوا اللَّهَ فَأَنسَاهُمْ أَنفُسَهُمْ أُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ

**"سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر."** (ھەشىر، 19)

### 2. كېسەل قەلبلەر

بۇلار ساق قەلبلەر بىلەن مۆھۈرلەنگەن قەلبلەر ئارىسىدىكى بىر ئورۇندا. قۇرئان كەرىم كېسەل قەلبلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللّهُ مَرَضاً وَلَهُم عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ

**"ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ."** (بەقەرە، 10)

قۇرئاندا قەلبىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن بۇ كىشىلەر، پەقەت ئېغىزىدا ئىمان ئېيتقان لېكىن نەپسانىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن سالىھ بىر ھاياتى بولمىغان كىشىلەردۇر. ئىمان بۇلارنىڭ قەلبىگە تېخى تولۇق يەرلەشمىگەن بولۇپ، بۇ تۈر قەلب ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالى، بەدىنى كېسەل ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دۇنيا ھاياتىدا بولسۇن ياكى ئىچكى ئالەمدە بولسۇن ھېچ بىر ھۇزۇر بولمايدۇ. ئىچ دۇنياسىدىكى مۇجمەللىك

سىرىتقى دۇنياسىغا، سىرىتقى دۇنياسىدىكى تەرتىپسىزلىك ئىچ دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ كىشىلەرنىڭ قانداق بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

أُوْلَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُاْ الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ

**"ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى."** (بەقەرە، 16)

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىدراك قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىللەتلەر؛ ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ھەسەتخورلۇق ۋە دۇنيا سۆيگۈسىگە ئوخشاش قەلبى كېسەللىكلەردۇر. بۇ كىشىلەر مەنىۋى تەربىيە كۆرۈپ نەپسلىرىنى پاكلىمىغىچە، ئاللاھ رازى بولغان مۇئامىلە ۋە گۈزەللىكلەرگە يېتىشەلمەيدۇ، قۇرئاننىڭ سىرلىرىدىن نىسىۋىسىنى ئالالمايدۇ. قۇرئاندا:

سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ

**"يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن."** (ئەئراف، 146) شەكىلدە كەلگەن ئىلاھىي تەھدىد بۇنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

دېمەككى، قەلب مەنىۋى تەربىيە بىلەن تەرەققى قىلمىغۇچە، قۇرئان، كائىنات ۋە ئىنساننىڭ سىرلىرىدىن لايىقىدا نىسىۋىسىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. قۇرئاندا ئاللاھ تائالا:

أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ

**"ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا ئەما بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر ئەما بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي ئەمالىق كۆزنىڭ ئەمالىقى ئەمەس، دىلنىڭ ئەمالىقىدۇر، ئەما ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)."** (ھەج، 46)

بۇ ئايەت كائىنات ۋە ھادىسەلەرگە كۆڭۈل كۆزى ۋە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قاراپ، ئىلاھىي ئىنتىقام تەجەللى قىلغان ئۇ قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشنىڭ قەلبنى تىرىلدۈرۈپ، شىپا بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇنۇ ھەدىس قەلبنى ھەر تۈرلۈك كېسەللىكتىن مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەڭ گۈزەل ئىپادىلەيدۇ:

"خەۋىرىڭىز بولسۇنكى، بەدەندە بىر گۆش پارچىسى بار. ئۇ ياخشى بولسا، پۈتۈن بەدەن ياخشى بولىدۇ، ئۇ بۇزۇق بولسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇق بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر" (بۇخارى، ئىمان، 39)

ئالىملار قەلبى كېسەللەرنى ئېتىقادى ۋە ئەخلاقى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىغان. بۇنىڭغا قارىغاندا ئىنكار، مۇناپىقلىق، شېرىك، جاھىللىق ۋە شەك قىلىشقا ئوخشاش ئېتىقادى بۇزۇقلۇقلارنى "ئېتىقادى كېسەللىكلەر" شەھۋەتپەرەسلىك، گۇناھقا مەيلى ئېتىش، قورقانچاقلىق، رىياكارلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە مال-دۇنيانى دوست تۇتۇش قاتارلىق ئىللەتلەرنى "ئەخلاقى كېسەللىك" دەپ بايان قىلغان.

قەلبتىكى كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى جاھالەت ۋە ئېتىقادنىڭ ئاجىزلىقىغا تايانغان، نەپسىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىشتۇر. يامانلىقنىڭ كۆپىيىشى كېسەللىكنىڭ كۆپىيىشى، بەلكىدە قەلبنىڭ قۇلۇپلىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

سەلبى تۇيغۇ، چۈشەنچە بىلەن پەردىلەنگەن قەلب، ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ، كۆرگەن تەقدىردىمۇ كەمچىل ياكى خاتا كۆرىدۇ. بۇ قەلبنىڭ ھەق ۋە ھەقىقەتكە نىسبەتەن شەككە چۈشۈپ قېلىشىغا ۋە ئەمەلىششىغا يول ئاچىدۇ. ئىماننىڭ يېرى بولغان قەلب بۇ شەكىلدە جاراھەتلىنىپ، ئىمان كۈچ-قۇۋۋىتىنى يۇقۇتۇپ، سالىھ ئەمەل قىلالمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. بۇنداق بىر قەلب ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە قارىتا كېرەكلىك مۇھەببەتنى كۆرسىتەلمىگىنىدەك، ئىنسانلارغىمۇ ھۆرمىتى قالمايدۇ.

خۇلاسىلىساق، كېسەل ۋە غاپىل قەلب بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ، ئاللاھ دەرگاھىدا ھېچ بىر قىممىتى يوقتۇر. قەلب ھەق نۇرى بىلەن ئايدىڭلانمىغاندا ئەمالىشىدۇ. كائىناتتىكى ئىلاھىي سىرلار بىلەن ئىشلەنگەن مىڭ بىر نەقىشنى كۆرەلمەس ھالغا كېلىدۇ.

### 3. غاپىل قەلبلەر

قەلبتىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى غاپىللىقتۇر. غەپلەت قەلبنى ئورىۋېلىپ ئىنساننى مەنىۋى يۈكسىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا

**"بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن."** (كەھف، 28)

باشقا بىر ئايەتتە:

وَاذْكُر رَّبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعاً وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ
الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ وَلاَ تَكُن مِّنَ الْغَافِلِينَ

**"پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن."** (ئەئراف، 205) دەپ، قەلبنىڭ زىكىردىن يىراقلاشقانلىرى غەپلەت باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. غەپلەت ئاشقانسىرى قەلبتە قاتتىقلىق پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَوَيْلٌ لِّلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

**"ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر."** (زۇمەر، 22)

باشقا بىر ئايەتتە زىكىردىن يىراقلاشقان بىر ئىنساننىڭ، شەيتاننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ ئازىدىغانلىقى، نەتىجىدە ئىنسانلىق شەخسىيىتىنى يوقۇتۇپ، شەيتاننىڭ ئويۇنچىقى ھالىغا كېلىدىغانلىقىنى مۇنداق بىلدۈرىدۇ:

وَإِخْوَانُهُمْ يَمُدُّونَهُمْ فِي الْغَيِّ ثُمَّ لاَ يُقْصِرُونَ

**"شەيتانلار (كۇففار) بۇرادەرلىرىنى بولۇشچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ."** (ئەئراف، 202)

غاپىل قەلب بىلەن قىلىنغان ئەمەللەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماي، زايا بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ تۈر كېسەلگە دۇچار بولغان قەلبلەر، ھەقىقەتەن داۋالىنىشقا موھتاج بولۇپ، مەنىۋى تەلىم-تەربىيەگە موھتاجدۇر. بۇلار داۋالىنىشى ئۈچۈن بەزى نوقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

1) ھالال رىزىق

ئىبادەتنى ۋۇجۇدىمىزنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن قىلىمىز. ھالال رىزىق بەدەن قۇرلىشىمىزغا پەيىز، رۇھانىيەت بەرسە، ھارام ۋە شۈبھىلىك ئوزۇق قايغۇ ۋە سىقىلىش بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئەھلى قەلبى ھاياتىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىككى نوقتىغا دىققەت تارتىدۇ:

"يېگەندە ئاغزىڭغا كىرگەن نەرسىگە، سۆزلىگەندە ئاغزىڭدىن چىققان نەرسىگە دىققەت قىل، بۇ ئىككى نەرسىگە ئالاھىدە دىققەت قىل!" دەيدۇ. ئابدۇل قادىر جەيلانى ھەزرەتلىرىمۇ لوقمىنىڭ قەلب پاكلىقىغا كۆرسىتىدىغان ئەھمىيىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"ئەۋلادىم! ھارام لوقما قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ. لوقما بار، قەلبنى نۇرلاندۇرىدۇ؛ لوقما بار، ئۇنى قاراڭغۇلۇققا بۇغىدۇ. يەنە لوقما بار، سېنى دۇنيا بىلەن مەشغۇل قىلىدۇ. لوقما بار، سېنى ھەر ئىككى دۇنيانىڭ زاھىدى قىلىدۇ. كۆڭلۈڭنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خالىقىغا يۈزلەندۈرىدۇ. ھارام يېمەك سېنى دۇنيا بىلەن مەشغۇل قىلىپ يامانلىقلارنى گۈزەل كۆرسىتىدۇ. مۇباھ يېمەك سېنى ئاخىرەت بىلەن مەشغۇل قىلىپ، ئىبادەتلەرنى ساڭا ياخشى كۆرسىتىدۇ. ھالال يېمەك بولسا قەلبىڭنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئوزۇقلۇقنىڭ خارەكتېرى ۋە تەسىرى پەقەت مەرىپەتۇللاھ بىلەن بىلىنىدۇ. مەرىپەتۇللاھ بولسا قەلبتە بولۇپ، كىتاب ۋە دەپتەردە ئەمەس. ئىلاھىي مەرىپەت، خالىقتىن قەلبكە ئېھسان قىلىنىدۇ، مەخلۇقتىن ئەمەس. بۇ بولسا ئىلاھىي تەۋھىدنى تەسدىق ۋە ئىلاھىي ئەھكام بىلەن ئەمەل قىلغاندىن كېيىن ئەمەللىشىدۇ."

ھالال نېمەتنى ئىشلەتكەندە نورمال ئىشلىتىپ، ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. قۇرئاندا:

وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلاَ تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا
إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِرَبِّهِ كَفُورًا

**"تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن [26]. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى."** (بەنى ئىسرائىل، 26-27)

بىر ھەدىس شەرىپتە:

"كۆڭلى خالىغانلىكى نەرسىنى يېيىش شۈبھىسىز ئىسراپتۇر! (ئىبنى ماجە، ئەتئىمە، 51) دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان.

مېھمانلارغا ھالال نەرسىلەردىن سېخىلىق بىلەن بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ، بۇنىڭ ئىسراپ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

2) قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش

قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش، يەنى بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپ، قىسسىلەردىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك. قەلبىمىز قانچىكى تازلانسا، قۇرئان كەرىمنىڭ پەيزى، بىزنى شۇنچىلىك تەسىرلەندۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبتىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرگە شىپا ئىكەنلىكىنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاء وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلاَ يَزِيدُ الظَّالِمِينَ إَلاَّ خَسَارًا

**"بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ).** (بەنى ئىسرائىل، 82)

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا بىر نەرسە ئۆگەت" دېدىم.

"ساڭا تەقۋالىقنى تەۋسىيە قىلىمەن، چۈنكى تەقۋالىق ھەر نەرسىنىڭ بېشىدۇر." دېدى.

مەن قايتا:

"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا يەنە بىر ئاز نەسىھەت قىلساڭ" دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"قۇرئان ئوقۇشقا ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا ئادەتلەن، چۈنكى قۇرئان يەر يۈزىدە سېنىڭ ئۈچۈن بىر نۇر، ئاسماندا بىر ئۇزۇقتۇر." دېدى. (ئىبنى ھىببان، سەھىھ، 2، 78)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

قۇرئاننى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئەگە چىققان كىشىگە (ئاخىرەتتە)، "ئوقۇ ۋە ئۆرلە، دۇنيادا قانداق ئاستا-ئاستا ئوقۇغان بولساڭ شۇنداق ئوقۇ! چۈنكى سېنىڭ دەرىجەڭ، ئوقۇغان ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىڭنىڭ سەۋىيەسىندە" دېدى. (ئەبۇ داۋۇت، ۋىتر، 20)

3) ئىبادەتلەرنى خۇشۇ ۋە خۇزۇ بىلەن (چىن كۆڭۈلدىن) ئادا قىلىش

قەلبىنىڭ كېسەللىكلەردىن تازىلىنىشى ئۈچۈن، ئىبادەتلەرنى چىن كۆڭۈلدىن قىلىشقا غەيرەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا چىن كۆڭۈلدىن قىلىنمىغان ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ

**"شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ."** (مائۇن، 4-5)

مۇپەسسىر ئەلمالىلى ھامدى يازىر، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"ئۇلار نامازنىڭ ئەھمىيىتىدىن غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىدەك شەكىلدە ئادا قىلمايدۇ:

- نامازنى ئوقىدىمۇ، ئوقمىدىمۇ ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەيدۇ،
- ناماز ۋاقتىغا دىققەت قىلماي نامازنى كېچىكتۈرىدۇ،
- نامازنى تەرك ئېتىپ ئۇنىڭدىن ھېچ غەم قىلمايدۇ،
- ناماز ئوقۇغان ۋاقتىدا ئاللاھ ئۈچۈن خالىس نىيەت بىلەن ئوقۇماي، بەلكى دۇنيەۋى بىر قىسىم مەقسەت ئۈچۈن ئوقۇيدۇ،
- ئىنسانلار بىلەن بىللە بولغاندا ناماز ئوقۇپ، يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا ئوقۇمايدۇ؛ ناماز ئوقۇغان بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا چىن كۆڭۈلدىن ئەمەس بەلكى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ." (ھەق دىنى قۇرئان تىلى، 9، 6168)

مۇئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ

**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى [1]. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.** (مۆئمىنۇن، 1-2)

باشقا بىر ئايەتتە نامازنى خۇشۇ بىلەن ئوقۇشنىڭ قانداق مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلاَّ عَلَى الْخَاشِعِينَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلاَقُوا رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ

**"سەبىر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر [45]. ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ."** (بەقەرە، 45-46)

خۇشۇنى بەزىلەر قورقۇ، ئەيمىنىشقا ئوخشاش قەلبى پېئىللەردىن بىرى دەپ تەرىپلىگەن. بەزىلەر كېرەكسىز ھەرىكەتلەرنى تەرك ئېتىش ۋە كەم سۆز بولۇشقا ئوخشاش ئەزالارغا ئائىت ھەرىكەتلەر دەپ كۆرسەتكەن. توغرىسى خۇشۇ ئەسلىدە قەلبتە، كۆرۈنىشى بەدەندە بولۇپ، ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەلبكە ئائىت تەرىپى، رەببىنىڭ ئەزىمەت ۋە جالالى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېچ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، نەپسىنى ھەقنىڭ ئەمرىگە باش ئەگدۈرۈش، ئەدەپ، تەزىم ۋە ھۆرمەت ھېس قىلىشتۇر. سىرتتىقى كۆرۈنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپى بولسا ۋۇجۇت ئورگانلىرىدا تۇيغۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بىر جىمجىتلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى، نامازدا كۆزنىڭ ئەتراپقا ئەمەس ئالدىغا ۋە سەجدە يېرىگە قاراشتۇر.

دىققەت قىلساق ئايەتتە، نامازنى خۇشۇ بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن كىشىنىڭ "ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تۇرغىنىدەك" ۋە "ئۇنىڭ يېنىغا قايتىۋاتقاندەك" بىر روھى ھالەت بىلەن تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. ناماز بەدەن ۋە قەلب بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئوقۇلىشى كېرەك. بۇنداق بىر ناماز مۆمىننى يامانلىقلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ.

باھائەددىن نەقشبەندى ھەزرەتلىرىدىن سورىدى:
- بىر قۇل نامازدا قانداق خۇشۇغا ئېرىشىدۇ؟
- ئۇ جاۋابەن:
- تۆت نەرسە بىلەن. بۇلار:
- ھالال رىزىق،
- تاھارەت ئالغاندا غەپلەتتىن يىراق تۇرۇش،
- نامازغا تۇرۇپ تۇنجى قۇلاق قاققاندا ئۆزىنى ئىلاھىي ھۇزۇردا دەپ بىلىش،
- نامازنىڭ سىرتىدىمۇ ئاللاھ تائالانى ھېچ ئۇنۇتماسلىق.
چۈنكى قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

الَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ

**پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.** (مەئارىج، 23)

ئىبادەتتە خۇشۇنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىبادەت سىرتىدىمۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندەك روھى ھالەت ئىچىدە بولۇش ئۈچۈن جانلىق بىر قەلب بىلەن كېرەكسىز سۆز-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ

**"ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر."** (مۇئمىنۇن، 3)
باشقا ئىبادەتلەرمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوا وَّقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ

**سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر."** (مۇئمىنۇن، 60)

ئايەتتە سەدىقىنىڭمۇ نامازغا ئوخشاش رىيادىن يىراق ۋە خۇشۇ ئىچىدە بېرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىنچىكىلىك ھەدىس-شەرىپتە "ئوڭ قولنىڭ بەرگىنىدىن سول قولنىڭ خەۋىرى بولمىسۇن" شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. (بۇخارى، ئەزان، 36)

4) زىكرۇللاھ (ئاللاھنى زىكىر قىلىش)نى داۋاملاشتۇرۇش

قۇرئان كەرىمدە 250 كە يېقىن يەردە "زىكىر" كەلىمىسى بار. زىكىر، قۇلنىڭ رەببىنى ھەر دائىم خاتىرلەپ ۋە ئۇنى ھېچ ئەستىن چىقارماسلىقىدۇر. ئايەتتە ئاللاھ تائالا قۇللىرىغا ئەتىگەن ـ ئاقشامدا، ئۆرە تۇرغاندا، ئولتۇرغاندا، ياتقاندا، يەنى داۋاملىق ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى بۇيرىغان. بۇ ئىلاھىي بايانلارنىڭ بىر قىسمى مۇنداق:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا

**ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار [41]. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ).** (ئەھزاب، 41 - 42)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ "ھېچ كىم بولمىغان يەردە يالغۇز ئاللاھنى زىكىر قىلىپ، كۆز يېشى تۆككەنلەر"نىڭ، قىيامەت كۈنى ھېچ بىر سايە بولمىغان ئەھۋالدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سالقىنلايدىغانلىق خوش خەۋىرىنى بەرگەن.

قەلبىنىڭ پاكلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۆمىنلەر زىكىرنىڭ ئەھمىيىتىنى قىيامەتتە تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى جەننەتكە كىرگەن مۆمىنلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

"جەننەت ئەھلى باشقا بىر نەرسە ئۈچۈن ئەمەس پەقەت دۇنيادا ئاللاھنى زىكىر قىلماي ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاقىتلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ!" (ھەيسەمى، 10، 73 - 74)

5) كېچىلەرنى ئىھيا قىلىش (كېچە ئىبادەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇش)

كېچە دۇنيا ۋە بەدىنىگە لايىق پىچىلغان ھۇزۇر ۋە نېمەت كىيىمىدۇر. ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يۇشۇرۇنۇشنى خالىغانلار ئۈچۈنمۇ مۇكەممەل بىر پەردىدۇر. كېچىنىڭ بۇ سۈپىتى نەبەئە سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ لِبَاسًا

**"كېچىنى لىباس قىلدۇق."** (نەبە، 10)

كېچىنىڭ سالامەتلىك، ئىجتىمائى، ئەخلاقى ۋە بەدىئى بىر كىيىم ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەتتۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قايتىشى ۋە كۈندۈزنىڭ

ماددى، مەنىۋى قىيىنچىلىقنى ئۇستىدىن ئېتىپ تاشلاش پەقەت كېچىنىڭ جىم-جىتلىقىغا چۆكۈش بىلەن مۇمكىندۇر. چۈنكى كۈندۈزلەر، كېچىنىڭ تىببى ۋە روھى جەھەتتىكى ھۇزۇرىنى بېرىشتىن يىراقتۇر. كېچىنىڭ نېمىتىنى بىلمىگەنلەر ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلاش مۇمكىن ئەمەستۇر. كېچىنى ناچار ۋە يامان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، كۈندۈزنىڭ سالامەت ۋە بەرىكىتىنى زايا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

قەلب ئەھلى ئۈچۈن كېچىنىڭ جىم-جىتلىقىدىنمۇ پەيىزلىك بىر ۋاقىت يوقتۇر. كېچىنىڭ مەلۇم بىر مىقدارىنى ئويغاق ھالدا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ پەيىز ۋە بەرىكىتىدىن پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ

فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاء بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

**"ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ [16]. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. "** (سەجدە، 16-17)

وَمِنَ اللَّيْلِ فَاسْجُدْ لَهُ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا

**"كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت."** (ئىنسان، 26)

كېچىنىڭ ئىلاھىي ۋە مەنىۋى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى غايە ۋە مەخسەت بىلەن قوللىنىش لازىم.

كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ

**"ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى [17]. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى."** (زارىيات، 17-18)

وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَى أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا

**"ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر."** (بەنى ئىسرائىل، 79)

كېچە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇش، بۇ ئايەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز، بىز ئۈممەتكە بولسا مۇئەككەد سۈننەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈننەتنى داۋاملاشتۇرغانلارنى مۇنداق ماختايدۇ:

وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا

**"ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ."** (فۇرقان، 64)

باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

الَّذِي يَرَاكَ حِينَ تَقُومُ وَتَقَلُّبَكَ فِي السَّاجِدِينَ

**"ئاللاھ سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ [218]. ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ."** (شۇئەرا، 218 - 219)

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە قازى بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ:

"ئۈممەت ئۈچۈن بەش ۋاقىت ناماز پەرز بولۇپ، كېچە نامىزى سۈننەت ھالىتىگە كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزۈتۈش ئۈچۈن كېچە ۋاقتى ھوجرىسىدىن سىرتقا چىقىپ، ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئارىسىدا ئايلانغان. ئۇ ئۆيلەردىن، قۇرئان تىلاۋىتى، زىكىر ۋە تەسبىھ ئاۋازلىرى بىلەن ئۇۋۇسىدىكى ھەرىلەرنىڭ غۇڭۇلدىغىنىدەك ئاۋاز چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئەھۋالدا كۆرگەن." (ئەنۋارۇتتەنزىل، 4، 111)

6) سالىھ ۋە سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇش

قەلبىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن سالىھ ۋە سادىقلار بىلەن بىللە بولۇش كېرەك. قەلب ھەر زامان يېنىدا بولغان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. روھى جەھەتتىن كۈچلۈك بولغانلار مەنىۋى تەرەپتىن ئاجىز بولغانلارغا

تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىلھام مەنبەسى بولىدۇ. يەنى سادىقلار ۋە سالىھلەرنىڭ، مېھرى ـ شەپقەت، مەرھەمەت ۋە ئارتۇقچىلىقى ئەتراپىدىكىلەرگە تارايدۇ. ساھابىنىڭ ئۈممەتنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىلىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيزىدىن نېسىۋە ئېلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ

**"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار."**

(تەۋبە، 119)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سادىقلار بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق ئەڭ گۈزەل ئىپادىلەپ بەرگەن:

"ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ مىسالى، ئەتىرە ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەتىرە ئىگىسى ئەتىردىن ھەدىيە قىلىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن.

تۆمۈرچى سېنىڭ بەدىنىڭنى ياكى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى سېسىق پۇرىغى كېلىپ بىئارام قىلىدۇ." (بۇخارى، سودا ـ سېتىق، 38)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھاياتتا بولغىنىدەك ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سالىھلەر بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

"سىلەردىن ئۆلگەنلەرنى سالىھ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا دەپنە قىلىڭلار" (دەيلەمى، مۇسنەد، 1، 102) دېيىش ئارقىلىق سالىھ ئىنسانلار بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

سالىھ ئىنسانلار بىلەن بىللە بولغانلار، مەلۇم بىر زاماندا قابىلىيىتى نىسبىتىدە سالىھ ئىنسانلاردىن بولىدۇ. پاسىقلار بىلەن بىللە بولغانلار پاسىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل ئىجابى ۋە سەلبى بولۇپ قېتىلغان ھەر مەنىۋى ئىقلىمنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالىدۇ. چۈنكى ھەر ئەزادا بىر ئىرادە بولسىمۇ، يالغۇز قەلبتە ئىرادە يوق ۋە قەلب ئەتراپىدىن كەلگەن تەسىرلەرگە ئاسان مايىل بولىدۇ.

لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان شۇ تەۋسىيەسى، قەلبنىڭ بۇ ئىنچىكىلىكىگە ئىشارەت قىلىپ سالىھ ئىنسانلار بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ:

"ئى ئوغلۇم! ئالىم كىشىلەر بىلەن بىللە بول ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئايرىلماسلىققا تىرىش! چۈنكى ئاللاھ تائالا، يامغۇر بىلەن تۇپراقنى جانلاندۇرغىنىدەك، ھېكمەت نۇرى بىلەن قەلبلەرنى جانلاندۇرىدۇ." (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، زۇھد، نومۇرى: 551)

ساھابە خانىملار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشكە كېچىككەن، بۇ ئىشقا سەل قارىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن زامان كۆرۈشمىگەن ئەۋلاتلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىرقانچە كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلەلمىگەنلىكى ۋە سۆھبىتىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئانىسى تەرىپىدىن ئازارلانغان. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىبرەتلىك ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئانام مەندىن سوردى:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەڭ ئاخىرى قاچان كۆرۈشتۈڭ؟

مەن جەۋابەن:

- بىر قانچە كۈندىن بېرى كۆرىشەلمىدىم. دېدىم.

ماڭا ئىنتايىن ئاچچىقلاندى ۋە مېنى قاتتىق ئازارلىدى. مەنمۇ:

- توختا، ئاچچىقلانما! دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باراي، ئۇنىڭ بىللە شامنى ئوقۇي، كېيىن مەن ۋە سەن ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىشنى تىلەي. دېدىم. (تىرمىزى، مەناقىب، 30؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 5، 2-391)

## 4. زاكىر (زىكىر قىلغان) قەلبلەر

بۇ سەۋىيەدىكى قەلب، زىكىر بىلەن نۇرلانغان، نەپسگە روھانىيەت ھاكىم بولغان، ئىمان جەۋھىرى قەلب جەۋھىرى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە ئىمان ئىتمىنان (خاتىرجەملىك) دەرىجىسىگە ئۇلىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا زىكىرنىڭ ئۇلۇغ ئىبادەتلەردىن ئىكەنلىكى ۋە ئىمان ئېيتقان كىشلەرنىڭ زىكىرنى داۋاملاشتۇرىشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ

**"ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر."** (ئەنكەبۇت، 45)"

وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا

**"پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن."** (مۇززەممىل، 8)

فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُواْ لِي وَلاَ تَكْفُرُونِ

**"مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار."** (بەقەرە، 152)

ئاللاھ تائالا زىكرىنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەن ۋە ئۇنى پانى لەززەتلەرنىڭ ئۈستىدە كۆرگەن قۇللىرىنى مەدھىيلەپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا زىننىتىگە ئالدانمىغانلىقى ۋە قەلبىنىڭ زىكىر بىلەن ھۇزۇرغا ئېرىشكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ

**"ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ."** (نۇر، 37)

ئاللاھ تائالا:

أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ

**"بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ."** (رەئد، 28)

وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ

**"...ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا..."** (ئەھزاب، 35) دېگەن ئايەتتە زىكرىنى داۋاملاشتۇرغان ئەرلەر ۋە ئاياللارنى ئايرىم ئايرىم مەدھىيلىگەن.

ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئاللاھقا بولغان مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، ئۇنى پانى مۇناسىۋەتلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالامىتى، ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرۈشتۇر."(سۇيۇتى، جامىئۇسسەغىر، 11، 52)

بۇ سەۋەپتىن ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن يىراق تۇرغان كىشىلەر، ئاللاھ سۆيگۈسىدىن يىراق قالغانلىقى ئۈچۈن ئىلاھىي تەھدىت ئاستىدا. قۇرئان زىكىردىن يىراقلىششنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ

وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ  حَتَّى إِذَا جَاءنَا ق

اَلَ يَا لَيْتَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ بُعْدَ الْمَشْرِقَيْنِ فَبِئْسَ الْقَرِينُ

**"كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ [36]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ [37]. كاپىر ئادەم (ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا): "كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن. (سەن) نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ)" دەيدۇ."** (زۇخرۇف، 36 - 38)

ئىنسان ئۆزىنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ھالاكەت گىرداۋىغا ئېلىپ بارىدىغان شەيتاندىن قەلبىنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولۇشقا تىرىششى كېرەك. گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل خىسلەتلەر بولسا ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىش، ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈش ۋە داۋاملىق زىكىر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زىكىر سورۇنلىرىنى ماختاپ، مۇنداق دېگەن:

"زىكىر ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى خاتىرلاش ئۈچۈن يېغىلغان سورۇندىنمۇ پەزىلەتلىك بىر يەر بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھالقا ـ ھالقا شەكلىدە يېغىپ، ئاللاھنى زىكىر قىلاتتى."

زىكىرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن تەسىرى بولغىنىدەك ماددى جەھەتتىنمۇ تەسىرى بار. قۇرئان كەرىمدە:

فَكُلُواْ مِمَّا ذُكِرَ اسْمُ اللّهِ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ بِآيَاتِهِ مُؤْمِنِينَ

**ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار.** (ئەنئام، 118) دەپ بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلغان.

زىكىرنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى بار. ئاللاھنى شۇنداق ياكى مۇنداق زىكىر قىلىڭ دېگەن بىر بۇيرۇق يوق. ھەر زىكىردە ئايرىم ئايرىم تەجەللىلەر بار. قىممىتى، دەرىجىسى ۋە نەتىجىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا زىكىرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئىسمى ئەزەم زىكرى بولۇپ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئىسمى-جالال، يەنى **"لەفزەتۇللاھ"** (اللّهُ) تۇر. بۇ ئىسىم پۈتۈن ئىسىملىرىنى ئۆزىدە جەملىگەن. بۇ سەۋەپتىن ئىسمى جالالنىڭ باشقا ئىسىملارغا قارىغاندا مۇستەسنا بىر ئالاھىدىلىگى بار. مەسىلەن، بېشىدىكى ئېلىپ (ا) ئېلىۋېتىلسە لىللاھ (لله) بولىدۇ. بىرىنچى لام ئىلىۋېتىلسە لەھۇ (لهُ) بولىدۇ. ئىككىنجى لام ھەرپى ئېلىۋېتىلسە ھۇ (هُ) قالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئاللاھ تائالاغا ئىشارەت قىلىدۇ.

بىر ھەدىس شەرىپتە كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭمۇ زىكرۇللاھ (ئاللاھنى زىكىر قىلىش) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن:

"يەر يۈزىدە ئاللاھ، ئاللاھ دېگەن بىرسى بار ئىكەن قىيامەت بولمايدۇ."
(مۇسلىم، ئىمان، 234 \ 148)

لەفزى-جالال (اللّهُ) تاللانغان ۋە مۇخلىس بەندىلەر ئەھمىيەت بەرگەن بىر زىكىردۇر. بۇ زىكىرنى داۋاملاشتۇرغان قۇللار ھاياتتا ئىكەن قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ قۇللار شۇنداق قۇللاركى، ئاللاھ تائالا دىننى ئۇلار ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇلار قايسى مەملىكەتتە ۋە ماكاندا بولسا ئۇ يەر مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

كەلىمە تەۋھىد (لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ ) مۇ زىكىردە ھەدىس شەرىپلەردە تەۋسىيە قىلىنغان. بۇلاردىن بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

" (تەۋھىد كەلىمىسى) (لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ) زىكرىنى كۆپ تەكرارلاش ئارقىلىق ئىمانىڭلارنى يېڭىلاڭلار!" دېگەن. (ھاكىم، مۇستەدرەك، 4، 285 \ 7657)

دۇنيا سەلتەنىتى بېرىلگەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاممۇ:

"مېنىڭ سەلتەنىتىم ۋاقىتلىقتۇر. بىر تەۋھىد زىكرىنىڭ كەلتۈرىدىغان سەلتەنىتى مەڭگۈلۈكتۇر." دېگەن.

زىكرلەر ئىچىدە پەقەت تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ توپلانغان ھالدا زىكىر قىلىنىشىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى بار. ساھابىلەردىن شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستە بۇنىڭغا ئىشارەت بار:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز يېنىدا ئىكەن، بىزگە خىتاپ قىلىپ:

"ئاراڭلاردا سىلەردىن بولمىغانلار بارمۇ؟ دەپ سورىدى. بۇيەردىكى سىلەردىن بولمىغانلار كەلىمىسى، يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلارنى كۆرسىتىدۇ.

بىز:

"يوق، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!" دېدۇق.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىكلەرنى تاقاشنى بۇيرۇپ، مۇنداق دېدى:

"قوللىرىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار ۋە (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) دەڭلار!"

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ زىكىر مەجلىسىنىڭ داۋامىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"قوللىرىمىزنى مەلۇم بىر مۇددەت كۆتۈرۈپ پەيغەمبەرنىڭ دېگىنىدەك (لائىلاھە ئىللەللاھ!) دەپ زىكىر قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى چۈشۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

"ئى ئاللاھىم! ساڭا كۆپ ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! رەببىم مېنى "بۇ سۆز" بىلەن ئەۋەتتىڭ. ئۇنى (سۆزلەشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى) ماڭا بۇيرۇدۇڭ. بۇنىڭ ئورنىغا ماڭا جەننەتنى ۋەدە قىلدىڭ. سەن ۋەدەڭدىن ھېچ يېنىۋالمايسەن!"

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى:

"سىلەرگە خوش-خەۋەر بولسۇن! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنى مەغپىرەت قىلدى." (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 4، 124)

بىر باشقا ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

"لائىلاھە ئىللەللاھ" سۆزى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئورنى ۋە قىممىتى ئىنتايىن چوڭ بولغان بىر كەلىمىدۇر. كىمكى چىن كۆڭلىدىن، ئىخلاس بىلەن ئۇ كەلىمىنى سۆزلىسە ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. كىمكى ئىشەنمىگەن ھالدا پەقەت تىلىدا دەپ قويسا، جېنى ۋە مېلى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. لېكىن ئاخىرەتتە ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھېسابقا تارتىدۇ." (ھەيسەمى، مەجمەئۇززەۋائىد، 1، 26)

ھەر زامان ئاللاھنى زىكىر قىلىش تۇيغۇسىدا بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلىگەن مۇنۇ ھەدىسمۇ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ:

"ئاللاھنى ئۇنۇتقان ھالدا كېرەكسىز سۆزلەرنى قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھنى ئۇنۇتقان ھالدا قىلىنغان كېرەكسىز سۆزلەر قەلبنى قاتتىقلاشتۇرىدۇ. ئاللاھتىن ئەڭ يىراق بولغان كىشى قەلبى قاتتىق كىشىدۇر." (تىرمىزى، زۇھد، 62)

كەلىمە تەۋھىد زىكرى ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

"كىمنىڭ (ھايات چېغىدا سۆزلىگەن) ئەڭ ئاخىرقى كەلىمىسى (لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ ) لائىلاھە ئىللەللاھ بولغان بولسا جەننەتكە كىرىدۇ." (ئەبۇ داۋۇد، جىنازە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبى تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا ساھابىلەرنىڭ قابىلىيىتىگە قارىتا زىكىر تەلىمى بېرەتتى. ئۇممۇ ھانى بىلەن قىلىنغان دىئالوگ بۇنىڭ مىسالىدۇر:

ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناجات قىلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ياشىنىپ قالدىم ۋە ئاجىزلاشتىم. ماڭا ئولتۇرغان يېرىمدە قىلالايدىغان بىر ئىبادەت تەۋسىيە قىلساڭ، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

يۈز قېتىم "سۇبھانەللاھ"، يۈز قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ" ۋە يۈز قېتىم "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېگىن! دېدى. (ئىبنى ماجە، ئەدەپ، 56؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 6، 344)

خۇلاسىلىغاندا، زىكرۇللاھ قۇلنىڭ مەنىۋى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ ھەقىقەتكە ئېرىشىشىنىڭ يېگانە ئامىلى بولغان مۇھەببەتۇللاھ بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

دۇنيا ھاياتىدا رەببىمىزنى قانچىلىك زىكىر قىلالىساق، ئاخىرەتتە ئاللاھقا ئېرىشىشىمىزمۇ شۇنچىلىك ئاسان بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن دىنىمىزدىكى زىكىر ۋە تەسبىھكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ زىكىرنىڭ بەرىكىتى كۆڭۈللەردە رىئاللىققا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن ئەھلۇللاھ "ھەر كېچىنى قەدىر، ھەر كۆرگىنىنى خىزىر بىلىش" دەستۇرىغا دىققەت قىلغان. چۈنكى زىكىر بىلەن تولغان كۆڭۈللەر، ھەر بىرى ئايرىم تەجەللىلەر ئىچىدە ھەقىقە ئېچىلغان مۇھەببەت ۋە ۋۇسلات دېرىزىلىرىدۇر. نەتىجىدە ھەققە بارىدىغان يوللار، مەخلۇقاتنىڭ نەپەسلىرى قەدەر كۆپتۇر.

## 5. تىرىك قەلبلەر

بۇ قەلبلەر پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قەلبلىرىدۇر. بۇ كىشلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى تەجەللى بولغان. تىرىك قەلبلەر، ئاللاھ جەللە جالالۇھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان ئەخلاقى بىلەن كامالەتكە يەتكەن كىشلەردۇر.

ھىجرى سەككىزىنچى ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ۋەلىلەردىن نەجمەددىن كۇبرا ھەزرەتلىرى، تالىبلىرى بىلەن بىرلىكتە سالىھ بىر زاتىنىڭ جىنازىسىگە قېتىلغان. ۋاپات ئەتكەن سالىھ كىشىنى يەرلىكىدە قويۇپ دۇئا قىلىنغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە نەجمەددىن كۇبرا ھەزرەتلىرى، تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرىگەن. تالىپلىرى ئۇستازىنىڭ بۇنداق بىر ۋاقىتتا كۈلۈمسىرىگەنلىكىدىن ھەيران بولغان ھالدا بۇنىڭ ھېكمىتىنى سورىغان. ھەزرەت بىر نەرسە دېيىشنى خالىمىغان. لېكىن مەجبۇرلانغانلىقتىن مۇنداق دېگەن:

"دۇئانى تىرىكلەر ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ يەردە دۇئا قىلغان كىشلەرنىڭ قەلبى غاپىل، مازارغا كىرگەن ئۆلۈكنىڭ قەلبى بولسا تىرىكتۇر. غاپىل بىرىنىڭ قەلبەن تىرىك بولغان كىشگە دۇئا قىلىشىدىن ئەجەپلەندىم."

ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن بولغان قەلبلەر، ئۇنىڭ ھىمايە ۋە مۇھاپىزىتى ئاستىغا كىرىدۇ. ئۇ زامان قەلب، ئىلاھي سىر ئالەمگە قاراپ قەدەم بېسىشقا باشلايدۇ. ئىلاھي ئالەمنىڭ سىرلىرى، نەرسلەرنىڭ ھەقىقتى، ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ سىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قۇل قەلبى سەلىم تەجەللىلىرىگە نائىل بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُم بِالَّتِي تُقَرِّبُكُمْ عِندَنَا زُلْفَى إِلَّا مَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا
فَأُوْلَئِكَ لَهُمْ جَزَاء الضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا وَهُمْ فِي الْغُرُفَاتِ آمِنُونَ

**ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ.** (سەبەئ، 37)

باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ  إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ

**"ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ."** (شۇئەرا، 88 - 89)

دىمەككى، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش، پەقەت تازلانغان پاك قەلب بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. پۈتۈن ئىبادەتلەردە، بۇ ھەقىقەت ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا ئايەت كەرىمىدە قۇربان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق دېيىلگەن:

لَن يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِن يَنَالُهُ التَّقْوَى

**ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر.** (ھەج، 37)

ئىلاھىي خەزىنە ۋە سىرلار، ئىنسانغا ھەدىيە قىلىندى. ئاللاھ تائالا مەۋجۇدلۇقنى، ئىنساننىڭ مۇقەددەس قۇرلىشىدا تۇنۇتۇشنى ئىرادە قىلدى. بۇ سەۋەپتىن ئىنسان، شان-شەرىپى، كىشىلىكى ۋە مۇكەممەللىكىنى ئويلاپ يەتكەن ۋاقىتتا ھەقىقى مەنىدە ئىنسان ھالىغا كېلىدۇ.

ئىمان بىلەن ئۆلۈشنىڭ، ئىلاھىي خۇشاللىق ۋە ھۇزۇرغا يېتىشنىڭ يولى، تىرىك قەلب بىلەن داۋاملىق ئېھسان تۇيغۇسى ئىچىدە ياشاشتىن ئۆتىدۇ.

**ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ئۆلۈمدىن بۇرۇن شۇنداق بىر قەلب ئىگىسى بولۇشنى ۋە بۇنىڭ بىلەن رەببىمىزنى ھەر زامان زىكىر قىلىشنى نېسىپ قىلسۇن!**

**ئامىن!**

ئىدرىس ئەلەيھسسالام




نۆح ئەلەیهسسالام

## توپان بىلەن يەر يۈزىنى تازىلىغان
## نۇھ ئەلەيھىسسالام

نۇھ ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەشھۇر پەيغەمبەرلەردىن بىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ھەر خىل ۋەسىلە بىلەن 43 يەردە ئىسمى زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ سۈرە 28 ئايەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە 71 - سۈرىدۇر. تارىختا مەشھۇر بولغان توپان ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئىنسانىيەتنىڭ "ئىككىنچى ئاتىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ بۇت ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى.

ھەزرىتى نۇھنىڭ ئەسلى ئىسمى "يەشكۇر"، "ساكىن" ياكى "ئابدۇل غاپپار" ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. لەقىمى " نەجىيۇللاھ" (ئاللاھ قۇتۇلدۇرغان) ۋە "شەيخۇل ئەنبىيا" (ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پەيغەمبەر)دۇر.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەردىن ۋەد، سۇۋا، يەغۇس، يەئۇك، نەسرلەر دىنى ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى خاتىرلەش ئۈچۈن شەيتاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياسىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن خەلق بۇتپەرەسلىككە قايتىپ، بۇ ھەيكەللەردە بىر ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەندى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

"نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدە مەۋجۇت بولغان بۇتلار كېيىن ئەرەپلەرگە سىڭىپ كىردى. شۇنداقكى، ۋەد دەپ ئاتالغان بۇت دۇمەتۇل جەندەلدە بولۇپ، كەلب قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. سۇۋا ناملىق بۇت ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ ئىدى. يەغۇس نامىدىكى بۇت مۇراد قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. كېيىن بەنۇ گۇتايفنىڭ بولدى، سەبە دېگەن يەرگە يېقىن جۇرف ئىسىملىك يەردە ئىدى. يەئۇق ناملىق بۇت ھەمەدانغا ئائىت ئىدى. نەسر بۇتى ھىميەرنىڭ ئەڭ ئالى بىر بۇتى (زىل كەلانى) ئىدى. بۇ بۇتلارنىڭ ئىسىملىرى ئەسلىدە نۇھ قەۋمىدىكى

سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. شەيتان بۇ سالىھ كىشىلەر ئۆلگەن چاغدا كىشىلەرگە مۇنداق ۋەسۋەسە قىلدى: " بۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغان يەرلىرىگە (ئۇلارنىڭ خاتىرلىرى ئۈچۈن) ھەيكەل تىكلەڭلار ۋە بۇلارغا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇڭلار." خەلق بۇ تەكلىپكە ئاساسەن شەيتاننىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. باشتا ئۇلارغا چوقۇنمىدى. لېكىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن نەسىل، ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇنۇتتى. نەتىجىدە بۇ جاھىل خەلق بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. (بۇخارى، تەپسىر، 71\1)

يالغۇز كۆپە ئەتراپىدا بۇتپەرەس بولمىغان ۋە تەۋھىد ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بىر قەۋم بار ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ قەۋمدىن ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بەزىدە پادىچىلىق، بەزىدە تىجارەت قىلدى. قەۋمىنىڭ بېشىدا قابىلنىڭ نەسلىدىن كەلگەن دەرمەسىل ئىسىملىك بىر زالىم بار ئىدى. ھەر قەبىلىنىڭ ئايرىم بۇتلىرى بولۇپ، ھەر بۇتنىڭ بىردىن خىزمەتكارى بار ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇلارنى كۆلكىلىك بىر ئىش دەپ قارايتتى. ئۇ زاماندا بۇتپەرەسلىك ۋە ئەخلاقسىزلىق ئىنتايىن چېكىدىن ئاشقان ئىدى.

**نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئەھۋالى**

1) بۇتپەرەس ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَالُوا لَا تَذَرُنَّ آلِهَتَكُمْ وَلَا تَذَرُنَّ وَدًّا وَلَا سُوَاعًا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسْرًا

**"ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەدنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى."** (نۇھ، 23)

بۇتلار ۋە بۇتپەرەسلىك ئىنسانلار تارىخىدا، ئىنسانلارنى دائىم ھەق يولدىن ئازدۇرۇپ باتىل يولغا ئېلىپ بارغان. ھۆرمەت ۋە خاتىرلاش ئۈچۈن ياسالغان بۇتلار، چوقۇنىدىغان ھالەتكە كەلگەن.

ئىنسان ئىشەنگەن، قۇللۇق قىلغان ئىلاھنى، ماددى بىر قىسىم شەكىللەرگە تەمسىل ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشى "ئانتروپومورفىست" ئەقىدە دېيىلىدۇ. بۇ ئەقىدە ئىنسانلارنى جىسمانى شەكىللەرگە چوقۇنۇشقا، نەتىجىدە بۇتپەرەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. تەۋھىد دىنلىرىدە بولسا "مۇتەئال" يەنى پۈتۈن ئالەم ۋە تەسەۋۋۇرلاردىن ئۈستۈن بىر ئاللاھ ئەقىدىسى بار. بۇ ئەقىدە ئىنسان زېھنىنى ماددىدىن

يىراقلاشتۇرۇپ ئابستىراكىت مەنىلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ. ماددىنىڭ ئارقىسىدىكى مەنىۋى ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن ئىنسان زېھنىيىتى بۇ دەرىجىگە يېتىشنىڭ ئورنىغا، ئاسان تەرەپكە قېچىپ، ئاۋال ئاللاھنى جىسىملەشتۈرۈش يەنى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا تەسەۋۋۇر قىلىشتەك خاتالىققا چۈشىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىنسانىيەتنىڭ بۇتپەرەس بولۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان.

ئىسلام ئىنساندىكى بۇ مەيلىتىشنى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەپ، ئىنسان زېھنىنىڭ ئاللاھ تائالانى ھەر قانداق بىر جىسىمگە ئوخشىتىشنى چەكلىگەن. ئىنسانلارنىڭ تەۋھىد ئېتىقادىدىن جىسىملارغا چۈقۇنىدىغان باتىل ئەقىدىلەرگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى جائىز كۆرمىگەن. رەسىم ۋە ھەيكەلنىڭ يەنە بىر زىيىنى بولسا ئىنساننىڭ خىيال كۈچىنى تەھدىت قىلىپ، ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئىشلىمەس قىلىۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرە زىيارىتىدىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇش ئىنسانلارنى بۇتپەرەسلىككە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن بۇرۇن چەكلىگەن، لېكىن تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ھەقىقى ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مۇنۇ ھەدىسى بىلەن بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان:

"سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ" (مۇسلىم، جىنازە، 106)

"قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنى خالىغانلار زىيارەت قىلسۇن. چۈنكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ." (تىرمىزى، جىنازە، 60)

قەبرى زىيارەتلىرى ئۆلۈمنىڭ خاتىرلىنىشى، مەيىتكە بىر ھەدىيە ئەۋەتىلىشى، يەنى قۇرئان ئوقۇلۇشى ۋە ئاخىرەتنىڭ تەپەككۇر قىلىنىشى تەۋسىيە قىلىنغان.

مۇتتەقى زاتلارنىڭ قەبرى يېنىدا قىلىنغان دۇئا-تەلەپلەرنى ئۆلاردىن ئەمەس، ئاللاھ تائالادىن تىلەش لازىم. چۈنكى ئۇلاردىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىش شېرىكتۇر. شۇنىڭدەك نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ شۇنداق بولغان.

ئاللاھ تائالا يارىتىلغان پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا ئوخشىمىغانلىقى يەنى **"مۇخالىفەتۇل ھەۋادىس"** سۈپىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇت ۋە شەكىللەرگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن خالىدۇر. شەيخ شىبلى مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ تائالانى خىيالىڭلاردا ئويلاپ، ئەقلىڭلاردا بىر پۈتۈن شەكىلگە ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلغان چېغىڭلاردا بۇ تەسەۋۋۇرلار سىلەرگە قايتىدۇ. چۈنكى

بۇنىڭغا ئوخشاش چۈشەنچىلەر سىلەرنىڭ توقۇپ چىقارغان ۋە سىلەرگە ئوخشاش كېيىن پەيدا بولغان نەرسىلەردۇر"

بۇ يەردە شىبلى ھەزرەتلىرى كېيىن پەيدا بولغان (مۇھدەس) بىلەن قەدىمنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، ئىنسانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ يېگانە يولىنىڭ، ئۇنىڭ بىلدۈرگەن سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن باشقا بىر يولىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرگەنلەرنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنى جىسىملاشتۇرۇشقا تىرىشىش ئەلبەتتە ئىنساننى ئىنتايىن پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن ناھايىتى يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالىملىرىمىز مۇنداق بىر جۈملە سۆز ئېيتقان:

"ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئەقلىڭگە قانداق بىر چۈشەنچە كەلسە كەلسۇن، شۇنى بىلكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن باشقىسىدۇر."

ئەقىل مۇھدەس (يارىتىلغان)تۇر. ئاللاھ تائالانى بۇ يارىتىلغان نەرسە بىلەن ئىدراك قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا قاتتىق لەززەت ئالغان ۋە بۇ لەززەتنىڭ ئىشتىياقى بىلەن ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ ئارزۇسىدا چىڭ تۇرغان. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَن تَرَانِي وَلَكِنِ انظُرْ إِلَى
الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي

**"پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرىۋالاي" دېدى. ئاللاھ تائالا: "مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن" دېدى.** (ئەئراف، 143)

ئاللاھ تائالانى كۆرۈش، دەرىجىسىگە قاراپ جەننەت ئەھلىنىڭ بىر قىسمىغا نېسىپ بولىدۇ.

2) نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇچچىغا چىققان زالىم ۋە ئازغۇن ئىنسانلار ئىدى. ئايەتنە ئۇلارنىڭ بۇ زالىملىقى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ إِنَّهُمْ كَانُوا هُمْ أَظْلَمَ وَأَطْغَى

**"ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلغان ئىدى)، شۇبھىسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ سەركەش ئىدى."** (نەجم، 52)

3) پاسىق ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ

**"ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى."** (زارىيات، 46)

4) ئەخلاقسىزلىقتا چوكقىغا چىققانىدى. ئايەتتە بۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمَ سَوْءٍ

**"...ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى... "** (ئەنبىيا، 77)

4) ۋىجدانسىز ئىدى.

قۇرئاندا مەرھەمەت ۋە شەپقەت تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم بولغان نۇھ قەۋمىنىڭ بۇ ئىللەتلىرى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّهُمْ كَانُواْ قَوْماً عَمِينَ

**"...شۇبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى) ئەما قەۋم ئىدى.** " (ئەئراف، 64)

5) ئىنتايىن كاج ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ تەبىئىتى كۇپۇر ۋە گۇناھقا پېتىپ كەتكەن، دۇنيادا كاجلىقنى پرىنسىپ قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ كاجلىقنى ئاخىرەتتىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە بىر پەيغەمبەرنىڭ كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"نۇھ ۋە ئۈممىتى قىيامەت كۈنى كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى نۇھقا: "تەبلىغ قىلدىڭمۇ؟" دەپ سورايدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام:

"شۇنداق ئى رەببىم، تەبلىغ قىلدىم." دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا نۇھنىڭ ئۈممىتىگە خىتابەن:

"نۇھ سىزگە تەبلىغ قىلدىمۇ؟" دەپ سورىغان چاغدا، ئۇلار:

"ياق بىزگە ھېچ بىر پەيغەمبەر كەلمىدى" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا نۇھقا:

"سېنىڭ توغرىلىقىڭغا كىم گۇۋاھچى بولىدۇ؟ دېگەندە، نۇھ ئەلەيھىسسالام: "ھەزرىتى مۇھەممەت ۋە ئۈممىتى گۇۋاھلىق بېرىدۇ." دەيدۇ. ئۇلار نۇھنىڭ تەبلىغ قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ."

ھەدىس شەرىپنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇمچە قىلىدۇ:

ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۈممىتىنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان:

وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ
وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا

**"شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق."**

(بەقەرە، 143) (بۇخارى، تەپسىر، 2 \ 13، ئەنبىيا، 3؛ تىرمىزى، تەپسىر، 2 \ 2965)

ئاللاھ تائالا ئىبزىپ كەتكەن بۇ قەۋمگە نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّا أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ أَنْ أَنذِرْ قَوْمَكَ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِيَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

**"بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: "قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن" دەپ ئەۋەتتۇق. "** (نۇھ، 1)

**ئۇزۇن يىللىق تەبلىغ**

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەللىك ياشقا كىرگەندە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:

"دەرمەسىل قەۋمىگە بار، ئۇلارغا تەۋھىد ئەقىدىسىنى تەبلىغ قىل!" دېدى.
نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەۋھىد ئەقىدىسىنى تەبلىغ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ أَخَذْنَا مِنَ النَّبِيِّينَ مِيثَاقَهُمْ وَمِنكَ وَمِن نُّوحٍ وَإِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى
وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَاقًا غَلِيظًا

**ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق.** (ئەھزاب، 7)

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ إِنِّي لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ أَن لاَّ تَعْبُدُواْ
إِلاَّ اللّهَ إِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ أَلِيمٍ

**شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: "مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن [25]. بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈنىنىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن" دېدى.** (ھۇد، 25-26)

نۇھ ئەلەيھىسسالام باشتا تەبلىغنى مەخپى قىلىپ، كېيىن ئاشكارا قىلدى. ياش ۋاقتىدا ھەممەيلەن ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئىنسان ئەگەشتى.

قەۋمىنىڭ پادىشاھى بولغان دەرمەسىل، ھەزرىتى نۇھنىڭ تەبلىغىدىن خەۋەر تېپىپ، يېنىدىكىلەرگە:

"ئۇ كىم؟" دەپ سورىدى. ئۇلار:

"بىزنىڭ قەۋمىمىزدىن بولسىمۇ بىزگە بويسۇنمىغان بىرى. ئىسمى نۇھ ئىبنى لامەك. باشتا ئەقىللىق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويدى. ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىۋاتىدۇ!" دېدى. ئاندىن كېيىن:

"بۇتلارغا قارشى چىقىۋاتىدۇ" دېگەندە، دەرمەسىل، ھەزرىتى نۇھنى يېنىغا چاقىرتىپ:

"ئىست ساڭا! سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ئىنكار قىلىۋاتامسەن؟" دەپ، ئازار بەردى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا يوقسۇل ئىنسانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. كاپىرلار، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا:

قَالُوا أَنُؤْمِنُ لَكَ وَاتَّبَعَكَ الْأَرْذَلُونَ

**"ئۇلار: "(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟" دېدى."** (شۇئەرا، 111)

بۇ جاھىل، زالىم قەۋم، كىبىر ۋە چوڭچىلىقى تۈپەيلىدىن يوقسۇل-غېرىپلارنى خور كۆرەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام تەبلىغ داۋاسى قەدەر ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنىمۇ قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئىنكارچىلارنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە جاۋاب بەردى:

وَمَا أَنَا بِطَارِدِ الْمُؤْمِنِينَ

**"مەن مۆمىنلەرنى قوغلىۋەتمەيمەن."** (شۇئەرا، 114)

وَيَا قَوْمِ لا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مَالاً إِنْ أَجْرِيَ إِلاَّ عَلَى اللّهِ وَمَآ أَنَاْ بِطَارِدِ الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّهُم مُّلاَقُو رَبِّهِمْ وَلَكِنِّيَ أَرَاكُمْ قَوْمًا تَجْهَلُونَ وَيَا قَوْمِ مَن يَنصُرُنِي مِنَ اللّهِ إِن طَرَدتُّهُمْ أَفَلاَ تَذَكَّرُونَ

**"ئى قەۋمىم! سىلەرگە (دىنىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل - مال تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن، (چۈنكى) ئۇلار، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرىمەن [29]. ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ باقمامسىلەر؟"** (ھۇد، 29-30)

دەرمەسىل ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى نەۋلىن تەختكە چىقتى. ئۇ تېخىمۇ زالىم ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ زامانىدىمۇ تەبلىغنى داۋاملاشتۇردى. قەۋمى بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ئۈستىگە تۈپا چاچتى، بەزىدە

قاتتىق ئۇردى. ھەتتا بەزىدە ھوشىدىن كەتكۈچە كانىيىنى سىقىپ ئۆلدى دەپ ئويلاپ، كېتەتتى، بۇ ۋاقىتتا نۇھ ئەلەيھىسسالام:

"ئى رەببىم! مېنى ۋە قەۋمىمنى مەغپىرەت قىل. چۈنكى ئۇلار نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ" دەيتتى. غۇسلى قىلىپ يۇيۇنغاندىن كېيىن، تەكرار ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ بۇنداق ئەزىيەتلەرنى چەككەن بولسىمۇ يەنىلا سەبىر قىلدى. بىر ئىلاھىي مەرھەمەت بولۇپ يارىسىنى بەزىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تېڭىپ قويىدى. مۇشرىكلار:

"ئىسىت ساڭا ئى نۇھ! بۇ تايىقىمىز ۋە ھاقارەتلىرىمىز ئالدىدا تېخى داۋاپىڭدىن ۋاز كەچمىدىڭمۇ" دەيتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام:

"مەن مەجنۇن ئەمەس. ئاتىلىرىڭلار ئازاپ تارتىۋاتىدۇ! ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىڭلار!" دەپ ئۇلانى ئاگاھلاندۇراتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

"دەۋىتىمدىن يۈز ئۆرىسەڭلار ماڭا ھېچ قانداق بىر زىيان يوق" دەيتتى. چۈنكى ئىنسان ئىككى نەرسىدىن قورقىدۇ:

1) باشقىلارنىڭ زىيان يەتكۈزىشىدىن،

2) مەنپەئەتىنىڭ كېسىلىشىدىن.

لېكىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قورقىغا جاۋابەن:

مەن سىلەرنىڭ ئەزىيىتىڭلاردىن قورقمايمەن! چۈنكى مەن تەۋەككۈل قىلدىم!"

ئىككىنچى قورقىغا جاۋابەن:

سىلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن!" دېگەن.

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ

**"تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن [109]. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار."** (شۇئەرا، 109 - 110)

ئۇنىڭ بۇ دەۋىتىگە قۇلاق بەرگەن بولمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىدىن ئاز بىر قىسىم ئىنسان ئىمان ئېيتتى. ئوغۇللىرى ئىچىدە سام، ھام، يافەس ئىمان

ئېيتتى، يەنە بىر ئوغلى كەنئان ئىمان ئېيتمىدى. قەۋمى ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن تارتىپ ئىنتايىن زۇلۇم قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ زۇلۇملارغا 950 يىل بەرداشلىق بەردى. نەتىجىدە بۇ چېكىدىن ئاشقان ئەزىيەت ۋە زۇلۇمغا تاقىتى قالمىغاندا ئاللاھ تائالاغا ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، دۇئا قىلدى.

تارىخ بويىچە بەزى قەۋملەرنىڭ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلماي ھىدايەتتىن مەھرۇم قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ھەقىقى دىنلاردا دۇنيادا قىلىنغان ئەمەللەرگە قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغانلىقىغا دائىر "ئاخىرەت" ئەقىدىسى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار خالىغانچە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. دىنى ئەھكاملارغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇردۇر.

ئىسلامنىڭ مەيدانغا كىلىشى بىلەن بۇتپەرەسلەرنى ئەندىشىگە سالغان تۇنجى خەۋەر "ئاخىرەت" بولغان. بۇنىڭغا "بۈيۈك بىر خەۋەر" دەپ ئۇنىڭدىن ناھايىتى بىئارام بولغان. قۇرئاندا بۇ راھەتسىزلىك مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

عَمَّ يَتَسَاءلُونَ عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ الَّذِي هُمْ فِيهِ مُخْتَلِفُونَ

**"(مۇشرىكلار ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ؟ [1] ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ [2]. ئۇلار شۇ (يەنى قىيامەت) توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر."** (نەبە، 1-3)

بۇتپەرەس قەۋملەردە كۈچلۈكلەر دائىم ئاجىزلارنى ئېزىپ، ئۇلارنى نەپسىگە قارىتا قوللاشتۇرغان. بۇ قەۋملەردە ئاجىزلارنىڭ ھوقوقىنى قوغدايدىغان بىر ھوقۇق يوق ئىدى. جەمئىيەتتە پۈتۈن مەنپەئەت كۈچلۈكلەرگە ئائىت ئىدى. ئۇلار قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە بىر بەدەل تۆلىمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ سەۋەپتىن ھەقىقى دىنلاردىكى ئاخىرەت ئەقىدىسى ئۇلارنى قاتتىق بىئارام قىلغان.

2. ھەقىقى دىنلاردا تەرتىپلىك ۋە مېتوتلۇق بىر ئىبادەت ھاياتى بار. بۇتپەرەسلىكتە بۇنىڭغا ئوخشاش تەرتىپ ۋە نىزام يوق. بۇتپەرەسلەر بۇتلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار نەپسانى ئارزۇسى ئۈچۈن ھەق دىنلاردىكى قائىدە-قانۇنىيەتكە ئىگە بولغان ئىبادەت ھاياتىغا بويۇن ئەگمەيدۇ.

3. ھەق دىنلاردا پەيغەمبەرلەر جەمئىيەتكە ئۆرنەك (ئۈسۋەئى ھەسەنە) بولىدۇ. بۇتپەرەسلىكتە ئۆرنەك بولۇش غايىسى يوق. نەپسانى ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كۆپ ئەرلىك خۇتۇنلار بۇنىڭ ئۆرنەكلىرىدۇ.

ئىشىنىش ئىنساندىكى تەبئىي ئېھتىياجدۇر. ئىنسان ھەقىقەتنى تاپالمىغان ياكى ھەقىقەت ئۇنىڭغا قىيىن كەلگەن چاغدا، ھەقتىن باتىلغا مەيلىتىدۇ. ئىشەنچى ھېسسى تۇيغۇلار ئاستىدا قېلىپ ھەقىقەتنى تاپالمىغاندا كۈپۈر ھاكىم بولىدۇ. لېكىن ئىشەنچ ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن بۇ ھېسسى تۇيغۇلار ئاستىدىن قۇتۇلۇپ، كامالەتكە يەتكەندىلا ھەقىقى ئىمان ھاسىل بولىدۇ.

4. بۇتپەرەسلەرنىڭ ئابرويلۇق كىشلىرى، جەمئىيەتتە ئاددى ـ ساددا ھايات كەچۈرگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ساھابىلىرىنى چوڭچىلىقى سەۋەبىدىن خور كۆرگەن. چۈنكى ئۇلار ئىمان ئېيتقان ئاجىز كىشلەر بىلەن بىللە بولسا جەمئىيەتتىكى قەدىر ـ قىممىتىنى يوقۇتۇپ قويىمىز دەپ ئويلايتتى.

5. بۇتپەرەسلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان سەۋەپلەردىن بىرى، مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاتقا ئوخشاش دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە قەلىپ كۆزىنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا پەردىلىنىشىدۇر.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاء وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ
مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ
مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ

**ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) نەرسىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك).** (ئال ئىمران، 14)

نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەس قەۋمىنىڭ يامان نىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى مەيدانغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ نُوحٍ إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ إِن كَانَ كَبُرَ عَلَيْكُم مَّقَامِي وَتَذْكِيرِي بِآيَاتِ اللّهِ فَعَلَى اللّهِ تَوَكَّلْتُ فَأَجْمِعُواْ أَمْرَكُمْ وَشُرَكَاءكُمْ ثُمَّ لاَ يَكُنْ أَمْرُكُمْ عَلَيْكُمْ غُمَّةً ثُمَّ اقْضُواْ إِلَيَّ وَلاَ تُنظِرُونِ

**"ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: "ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن قورقۇتۇشۇم ئېغىر كەلگەن بولسا، مەن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدىم (يەنى ئاللاھقا يۆلەندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار، ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي، مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار."**
(يۇنۇس، 71)

شۈبھىسىزكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرى، ئۇنىڭ رەببىگە بولغان تەۋەككۈلىنى كۆرسىتىدۇ.

**بەدبەخ قەۋمنىڭ ئازاب تەلەپ قىلىشى**

نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋىتىنى باشلىغان تۇنجى يىللىرىدا ئۇنىڭغا ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا ۋە مۆمىنلەرگە قىلغان زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ، جاھىللەرچە جاسارەت بىلەن ئىلاھىي ئازاپنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتەك ئازغۇنلۇققا يەتتى:

قَالُواْ يَا نُوحُ قَدْ جَادَلْتَنَا فَأَكْثَرْتَ جِدَالَنَا فَأْتَنِا بِمَا تَعِدُنَا إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ

**"ئۇلار(يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): "ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن" دېدى."** (ھۇد، 32)

نۇھ ئەلەيھىسسالام زالىم قەۋمىنىڭ ئۇنى كىچىك كۆرۈپ تەبلىغىنى يالغانغا چىقىرىشى ۋە "قېنى ۋەدە قىلغان ئازاپنى كەلتۈرۈپ باقمامسەن!" دېگىنىدە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى خاتىرلاتتى:

قَالَ إِنَّمَا يَأْتِيكُم بِهِ اللّهُ إِن شَاء وَمَا أَنتُم بِمُعْجِزِينَ  وَلاَ يَنفَعُكُمْ نُصْحِي إِنْ أَرَدتُّ أَنْ أَنصَحَ لَكُمْ إِن كَانَ اللّهُ يُرِيدُ أَن يُغْوِيَكُمْ هُوَ رَبُّكُمْ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ

**"نۇھ ئېيتتى: "ئۇنى (يەنى ئازابنى) ئەگەر خالىسا ئاللاھلا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر [33]. مەن سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر."** (ھۇد ،33، 34)

ئاللاھ تائالا قەۋمىنىڭ ئازغۇنلىقى تۈپەيلىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن:

وَأُوحِيَ إِلَى نُوحٍ أَنَّهُ لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلاَّ مَن قَدْ آمَنَ فَلاَ تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ

**"نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيى قىلىندى: "قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن."** (ھۇد ، 36)

نەتىجىدە ئىلاھىي ئازاپنىڭ باشلانغۇچ خەۋىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھۆشنى بىلمىگەن ئازغۇن قەۋمنى قىرىق يىل يامغۇرسىز قويدى، ھايۋانلىرى ئۆلدى، ئاياللىرى تۇغمىدى. چارىسىز قالغان ھالدا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مۇناجات قىلدى. ئۇ بولسا:

"شېرىكتىن قايتىڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلاي!" دېدى.

فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا  يُرْسِلِ السَّمَاء عَلَيْكُم مِّدْرَارًا  وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَارًا

(ئاندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇنداق مۇناجات قىلدى: ئى رەببىم مەن قەۋمىمگە ئېيتتىم) **(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [10]. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ [11]، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ.** (نۇھ، 10- 12)

مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيمان رەھمەتۇللاھى ئەلەي مۇنداق دەيدۇ:
"بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، يامغۇر دۇئالىرىدا ئىستىغپار ئوقۇش مەشھۇر بولدى."
ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن:
"كىمكى كۆپ ئىستىغپار ئېيتسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ھەر غەمدىن قۇتقۇزىدۇ! ھەر قىيىنچىلىقتىن ئۇنىڭغا چىقىشنى نىسىپ قىلىدۇ. ئۇنى ھېچ ئويلىمىغان يەردىن رىزىقلاندۇرىدۇ! (سۇيۇتى، ئەل جامىئۇسسەغىر، 11، 141)
نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا وَقَدْ خَلَقَكُمْ أَطْوَارًا أَلَمْ تَرَوْا كَيْفَ خَلَقَ اللَّهُ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقًا وَجَعَلَ الْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجًا وَاللَّهُ أَنبَتَكُم مِّنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا ثُمَّ يُعِيدُكُمْ فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ بِسَاطًا لِتَسْلُكُوا مِنْهَا سُبُلًا فِجَاجًا

**"نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ [13] ھالبۇكى ئاللاھ سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى [14]، سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، ئاللاھ قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى [15]، ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى [16]. ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى) [17]. ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ [18]. زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى."** (نۇھ، 13-20)

بۇ بۇتپەرەس قەۋم، ھېكمەت بىلەن تولغان بۇ نەسىھەتلەرگە قۇلاق بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن:

قَالَ نُوحٌ رَّبِّ إِنَّهُمْ عَصَوْنِي وَاتَّبَعُوا مَن لَّمْ يَزِدْهُ مَالُهُ وَوَلَدُهُ إِلَّا خَسَارًا وَمَكَرُوا مَكْرًا كُبَّارًا وَقَالُوا لَا تَذَرُنَّ آلِهَتَكُمْ وَلَا تَذَرُنَّ وَدًّا وَلَا سُوَاعًا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسْرًا * وَقَدْ أَضَلُّوا كَثِيرًا وَلَا تَزِدِ الظَّالِمِينَ إِلَّا ضَلَالًا

**نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى [21]. ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۈتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى [22]. ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەدنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى [23]. ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن."** (نۇھ، 21 - 24)

بىر كىشى ئوغلىغا نۇھ ئەلەيھسسالامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

"قارا بۇ ئادەمگە، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچ ئىشەنمە!" دېدى.

ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ قولىدىكى ھاسىسىنى ئېلىپ نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، يېرىۋەتتى. نۇھ ئەلەيھسسالام بولسا:

"ئى رەببىم! ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولساڭ ھىدايەت قىل! ياكى سەن ئۇلارغا ھۆكۈم بەرگىچىلىك ماڭا سەبىر ئاتا قىل! چۈنكى سەن ھۆكۈم بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەن!" دېدى.

زۇلۇم بارغانسىرى ئاشتى. باشقا قىلىدىغان ھېچ بىر نەرسە قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇھ ئەلەيھسسالام:

فَدَعَا رَبَّهُ أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانتَصِرْ

**"ئۇ پەرۋەردىگارىغا: "ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن" دەپ دۇئا قىلدى."** (قەمەر، 10)

نۇھ ئەلەيھسسالام ئۇزۇن يىللار تەبلىغ قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئىنسان ئىشەندى. بىر نەسىل ئۆلۈپ تۈگەشتىن بۇرۇن، كېيىن كېلىدىغان نەسىللەرگە ئۇلار نۇھ ئەلەيھسسالامغا ئىمان ئېيتماسلىقنى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشنى ۋەسىيەت قىلدى. ئاتا-ئانىلار بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرىغا:

"ئۆمۈر بويى نۇھقا ئىشەنمەڭلار" دەپ ۋەسىيەت قىلدى. تەبىئىتى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، ئىمان ۋە ھەققە ئەگىشىشتىن ئۈمىد قالمىدى. بۇ سەۋەپتىن نۇھ ئەلەيھسسالام شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى الْأَرْضِ مِنَ الْكَافِرِينَ دَيَّارًا إِنَّكَ إِن تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوا إِلَّا فَاجِرًا كَفَّارًا رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَلَا تَزِدِ الظَّالِمِينَ إِلَّا تَبَارًا

**"نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن [26]. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ [27]. پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن."** (نۇھ، 26 - 28)

بۇ دۇئادىن كېيىن ئالاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بىر كېمە ياساشنى بۇيرىدى:

وَاصْنَعِ الْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا وَلاَ تُخَاطِبْنِي فِي الَّذِينَ ظَلَمُواْ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ

**"بىزنىڭ كۆز ئوڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ".** (ھۇد، 37)

قەۋمى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كېمە ياساۋاتقان ۋاقىتلىرىدىمۇ مەسخىرە قىلدى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَيَصْنَعُ الْفُلْكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ مَلأٌ مِّن قَوْمِهِ سَخِرُواْ مِنْهُ قَالَ إِن تَسْخَرُواْ مِنَّا فَإِنَّا نَسْخَرُ مِنكُمْ كَمَا تَسْخَرُونَ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ

**نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: "ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز [38]. خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش)نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە**

**كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب (يەنى جەھەننەم ئازابى) نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر".** (ھۇد، 38 - 39)

ھەق ۋە ھەقىقەت ئالدىدا قەلبى ئەمالاشقان خەلق، كېچە كىلىپ كېمىگە ئوت قويۇپ بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندا:

"بۇ سېنىڭ سېھرىڭدۇر" دېدى. كېمىنى كىرلەتتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن قىچىشقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. داۋالىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گەندىسىنى يۇزىگە سۈرتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ ئالامەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئويغانمىدى.

### تۇپان بالاسى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتقانلار بىلەن بىللە ياسىغان كېمىسى، قىيىن شەرتلەرگە چىدامىلىق بولغان قاتتىق ياغاچلاردىن ياسالدى. ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ئىككى ياكى تۆت يىلدا پۈتكەنلىكى، ئىچىدە ئوت يېقىلىپ پار بىلەن ھەرىكەتلەنگەنلىكىگە دائىر رىۋايەتلەر بار.

ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، كىمگە سەكسەن كىشى چىققان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋۇتى جىبرائىل تەرىپىدىن كىمگە ئېلىنىپ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان. (ئىبنى سەئد، 1، 41)

ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

حَتَّى إِذَا جَاء أَمْرُنَا وَفَارَ التَّنُّورُ قُلْنَا احْمِلْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلاَّ مَن سَبَقَ عَلَيْهِ الْقَوْلُ وَمَنْ آمَنَ وَمَا آمَنَ مَعَهُ إِلاَّ قَلِيلٌ

**(تۇپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: "كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن" دېدۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى.** (ھۇد، 40)

ئايەتتە ئۆتكەن "تەننۇر" كەلىمىسى لوغەتتە تونۇر دېمەكتۇر. باشقا مەنىلىرىمۇ بار. بۇ يەردىن يولغا چىققان بەزى ئالىملار، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ

ئوتتا قايىنىغان بىر قازانغا ئىگە، پار بىلەن ھەرىكەتلەنگەن بىر كېمە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

باشقا بىر ئايەتتە كېمىگە چىققانلار ھەققىدە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ:

فَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِ أَنِ اصْنَعِ الْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا فَإِذَا جَاء أَمْرُنَا وَفَارَ التَّنُّورُ فَاسْلُكْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيْهِ الْقَوْلُ مِنْهُمْ وَلَا تُخَاطِبْنِي فِي الَّذِينَ ظَلَمُوا إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ

**"بىز نۇھقا: "بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، ھايۋانلاردىن (ئەركەك ـ چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھالاك بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ" دەپ ۋەھيى قىلدۇق."** (مۆئمىنۇن، 27)

كېمىگە ھايۋانلارمۇ ئېلىنىدى. رىۋايەتكە قارىغاندا، نۇھ ئەلەيھىسسالام يىلان ۋە چاياننى كېمىگە ئېلىشنى خالىمىغان. لېكىن ئۇلارمۇ:

"سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلغانلارغا چېقىلمايمىز" دەپ ۋەدە بەرگەن.

بۇنىڭغا بىنائەن يىلان ۋە چايان تەھلىكىسى ئالدىدا قالغان كىشى:

سَلَامٌ عَلَى نُوحٍ فِي الْعَالَمِينَ

**"خالايىقلار نۇھقا سالام يوللايدۇ."** (سافقات، 79)

ئايىتىنى خالىس نىيەت بىلەن ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ زىيان زەخمىتىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن كېمىگە چىقىدىغانلارنى چىقىرىپ تەييارلىغىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۇپاننىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئايەتتە بۇ باشلانغۇچ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَفَتَحْنَا أَبْوَابَ السَّمَاء بِمَاء مُّنْهَمِرٍ وَفَجَّرْنَا الْأَرْضَ عُيُونًا

فَالْتَقَى الْمَاء عَلَى أَمْرٍ قَدْ قُدِرَ

**"ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قويۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق [11]. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە) قوشۇلدى."** (قەمەر، 11 - 12)

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى كەنئان كېمىگە چىقمىغانلار قاتارىدىن ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ھېچ پايدا بەرمىدى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَنَادَى نُوحٌ ابْنَهُ وَكَانَ فِي مَعْزِلٍ يَا بُنَيَّ ارْكَب مَّعَنَا وَلاَ تَكُن مَّعَ الْكَافِرِينَ قَالَ سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاء قَالَ لاَ عَاصِمَ الْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ اللّهِ إِلاَّ مَن رَّحِمَ

**"نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: "ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن" دەپ توۋلىدى [42]. ئۇ: "مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن" دېدى. نۇھ: "بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ" دېدى."** (ھۇد، 42 - 43)

ئوغلىغا قىلغان بۇ نەسىھەت پايدا بەرمىگىنىدە نۇھ ئەلەيھىسسالام رەببىگە بۇرۇلۇپ:

وَنَادَى نُوحٌ رَّبَّهُ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ابُنِي مِنْ أَهْلِي وَإِنَّ وَعْدَكَ
الْحَقُّ وَأَنتَ أَحْكَمُ الْحَاكِمِينَ

**"نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: "پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن"** (ھۇد، 45) دەپ يېلىندى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەددۇئا قىلغاندىن كېيىن ئوغلىغا دۇئا قىلىشى، ئۇنىڭ بىر زەللىسى بولدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى زالىملار ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىن توسقان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئالدىدا جاھىللاردىن بولماسلىقى ئۈچۈن ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى:

قَالَ يَا نُوحُ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ إِنَّهُ عَمَلٌ غَيْرُ صَالِحٍ فَلاَ تَسْأَلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنِّي أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ قَالَ رَبِّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِي أَكُن مِّنَ الْخَاسِرِينَ

**"ئاللاھ ئېيتتى: "ئى نۇھ! ئۇ(مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن" [46]. نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن"** (ھۇد، 46-47)

رىۋايەت قىلىنىشىچە نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ زەللىسى تۈپەيلىدىن كۆپ يىغلاپ كۆز يېشى تۆككەنلىكى ئۈچۈن "نۇھ" دېيىلگەن.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىستىغپار ئېيتىپ، خاتالىقىدىن قايتتى. ئەمما ئوغلى كۇپۇردىن قايتمىدى. نەتىجىدە:

وَحَالَ بَيْنَهُمَا الْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ الْمُغْرَقِينَ

**"...ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى."** (ھۇد، 43)

بۇ يەردە نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار ۋە كېمىگە ئېلىنغان مەخلۇقاتلار ئىلاھىي ئامانلىققا نائىل بولدى. بۇ كېمە تاغلاردەك سۇ دولقۇنى ئارىسىدا ئۈزۈپ كەتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَهِيَ تَجْرِي بِهِمْ فِي مَوْجٍ كَالْجِبَالِ

**"كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى،"** (ھۇد، 42)

**سۇنىڭ تارتىلىشى**

نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە ئۆگۈتىلگەن مۇنۇ دۇئا بىلەن سالامەت قالدى:

فَقُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي نَجَّانَا مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ وَقُل رَّبِّ أَنزِلْنِي
مُنزَلًا مُّبَارَكًا وَأَنتَ خَيْرُ الْمُنزِلِينَ

**"جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا خاستۇر" دېگىن [28]. ھەمدە: "ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن" دېگىن.** (مۆئمىنۇن، 28 - 29)

رىۋايەت قىلىنىشچە توپان، رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى باشلىنىپ بولۇپ كىمە ئالتە ئاي سۇدا ئۈزگەن. كېيىن ئاللاھ تائالا يەر ۋە ئاسمانغا ئەمر قىلدى:

وَقِيلَ يَا أَرْضُ ابْلَعِي مَاءكِ وَيَا سَمَاء أَقْلِعِي

**"ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇت، ئى بۇلۇت تارقال" دېيىلدى.** (ھۇد، 44)

بۇ ئىلاھىي ئەمر بىلەن سۇلار تارتىلدى. 10 مۇھەررەم ئاشۇرا كۈنى جۇدى تېغىغا چۈشتى. كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن:

قِيلَ يَا نُوحُ اهْبِطْ بِسَلاَمٍ مِّنَّا وَبَركَاتٍ عَلَيْكَ وَعَلَى أُمَمٍ مِّمَّن مَّعَكَ
وَأُمَمٌ سَنُمَتِّعُهُمْ ثُمَّ يَمَسُّهُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٌ

**ئېيتىلدى (يەنى ئاللاھ ئېيتتى): "ئى نۇھ !ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەت بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتىي دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ".** (ھۇد، 48)

نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەر نىجاتلىققا ئېرىشتى. بۇھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

فَأَنجَيْنَاهُ وَمَن مَّعَهُ فِي الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ

**"بىز ئۇنى ۋە (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق."** (شۇئەرا، 119)

وَجَعَلْنَاهُمْ خَلاَئِفَ وَأَغْرَقْنَا الَّذِينَ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا فَانظُرْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُنذَرِينَ

**"ئۇلارنى (يەنى بىز قۇتقۇزغان كىشلەرنى) (غەرق بولغانلارنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدۇق، بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى (توپان بالاسى بىلەن) غەرق قىلدۇق، (ئى مۇھەممەد!) ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلار (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى يالغانچى قىلغانلار)نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن."** (يۇنۇس، 73) دۇنيادا پالاكەت، ئاخىرەتتە دەرتلىك ئازاپ.

ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلدۇ:

مِمَّا خَطِيئَاتِهِمْ أُغْرِقُوا فَأُدْخِلُوا نَارًا فَلَمْ يَجِدُوا لَهُم مِّن دُونِ اللَّهِ أَنصَارًا

**"ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاخقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى."** (نۇھ،25)

قۇرتۇبى تەپسىرىدە ھەزرىتى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دەيدۇ:

" ئۈممىتىم كىمىگە چىققاندا بىسمىللاھ دەپ:

بِسْمِ اللّهِ مَجْرَاهَا وَمُرْسَاهَا إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ

**"كىمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر."** (ھۇد، 41) ئايىتى بىلەن:

وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّماوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ

**"ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر."** (زۇمەر، 67) ئايىتىنى ئوقۇسا سۇدا بوغۇلۇشتىن ئامان قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققاندا ھايۋىنىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ:

لِتَسْتَوُوا عَلَى ظُهُورِهِ ثُمَّ تَذْكُرُوا نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا اسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ

**"ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: "بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز" دېگەيسىلەر."** (زۇخرۇپ، 13-14) ئايىتىنى ئوقۇپ، مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

"ئى رەببىم! بۇ سەپىرىمىزدە سەندىن ياخشىلىق، تەقۋالىق ۋە بىزنى سېنىڭ رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمىز. ئى رەببىم! بۇ سەپىرىمىزنى ئاسان قىل ۋە يىراقنى يېقىن قىل! ئى رەببىم! سەپەردە ياردەمچىم سەن، ئارقىدا قالدۇرغان ئەۋلاتلىرىمنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سەن. ئى رەببىم! سەپەرنىڭ قىيىنچىلىقىدىن، غەم قايغۇسىدىن ۋە قايتىشىمىزدا ماللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىزدا يامان ئەھۋاللار بىلەن ئۇچرىشىمىزدىن ساڭا سېغىنىمەن."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتقان چېغىدا ئوخشاش دۇئانى ئوقۇپ ئۇنىڭغا مۇنۇ جۈملىنى قوشاتتى:

"بىز سەپەردىن قايتقان، تەۋبە قىلغان، قۇللۇق قىلغان ۋە رەببىمىزگە ھەمدۇ ئېيتقان كىشىلەر بىز." (مۇسلىم، ھەج، 245؛ ئەبۇ داۋۇد، جىھاد، 72)

ئالىملارنىڭ قارىشىچە تۇپان، ئومۇمىدۇر. پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ قاپلىغان. نىشانجىزادىلىك مۇھىيددىن مەھمەد ناملىق زات، "مىرئاتى كائىنات" ئىسىملىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

"كېمە توختىغاندا سەكسەن كىشى (مەدىنەتۇسسەمانىن) شەھرىنى قۇردى. بۇ شەھەر (سۇكئى سەمانىن) دەپمۇ ئاتىلىدۇ."

ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى قېتىم كۆپىيىشى بۇ سەكسەن كىشىدىن باشلىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى سام، ئەقىللىق ۋە سالىھ بىر زات ئىدى. دادىسىدىن كېيىن سام ۋەكىل بولدى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيرلىك دۇئاسىغا نائىل بولدى. سالىھ ئىنسانلار ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلدى. ئەرەپ ۋە پارىسلار ئۇنىڭ نەسلىدىن كۆپەيدى.

يەنە بىر ئوغلى هامدىن هىند، هەبەش ۋە ئافرىقىلىقلار مەيدانغا كەلدى. ياپەستىن رۇس، سلاۋ، تۈرك مىللەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئاسىيالىقلار ۋە بەرىنگ بوغىزىدىن كىچىپ ئۆتكەنلىكى تەخمىن قىلىنغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ يەرلىك ئىنسانلىرى (قىزىل تەنلىكلەر)مۇ ئۇلاردىن كۆپەيگەن.

زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن دىنى هەقىقەتلەر يەنە ئۇنۇتۇلدى. ئىنسانلار يۇلتۇز، قۇياش ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى.

مۇپەسسىر پەخرىددىن رازىنىڭ بايان قىلىشىچە، قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيهىسسالام، ئۆز قەۋمىدە 950 يىل جاپا ـ مۇشەققەتلىك هايات كەچۈرگەنلىكىنىڭ خەۋەر قىلىنىشى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا تەسەللى ئۈچۈندۇر. نۇھ ئەلەيهىسسالام جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇزۇن مۇددەت چىدامچانلىقى بىلەن ئۈممەتكە سەبىر ئۆرنىكى بولدى.

**ئاشۇرا كۈنى**

نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ كېمىسى، ئاشۇرا كۈنى دەپ بىلىنگەن مۇهەررەم ئېيىنىڭ 10- كۈنى جۇدى تېغىدا توختاپ ساق سالامەت هالدا كىمىدىن چۈشتى. هەزرىتى نۇھ ۋە مۆمىنلەر، ئاللاهقا شۈكۈر قىلىپ ئۇ كۈن رۇزا تۇتتى. ئېشىپ قالغان ئوزۇقلار بىلەن تاماق تەييارلاپ يېدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ كۈن (مۇهەررەم ئېيىنىڭ 10- كۈنى) سەدىقە بېرىش، تاتلىق نەرسىلەرنى تارقىتىش ۋە رۇزا تۇتۇش سۈننەتتۇر.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"رامىزان ئېيىدىن باشقا ئەڭ ساۋاپلىق روزا تۇتۇش، ئاللاهنىڭ ئېيى بولغان مۇهەررەمدە تۇتۇلغان روزىدۇر." (مۇسلىم، روزا، 202)

هەزرىتى ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

" بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن سورىدى:

(ئى ئاللاهنىڭ ئەلچىسى! رامىزاندىن كېيىن قايسى ئايدا رۇزا تۇتۇشقا بۇيرۇيسەن؟)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جاۋابەن:

"ئەگەر رامىزاندىن كېيىن رۇزا تۇتىدىغان بولساڭ، مۇھەررەمدە تۇت! چۈنكى ئۇ ئالالاھقا ئائىت بىر ئايدۇر. ئۇنىڭدا بىر كۈن باركى، ئاللاھ بىر قەۋمنىڭ تەۋبىسىنى ئۇ كۈندە قوبۇل قىلغان. باشقا قەۋملەرنىڭ تەۋبىسى ۋە دۇئاسىنىمۇ ئۇ كۈندە قوبۇل قىلىدۇ." دېگەن. (تىرمىزى، روزا، 40 \ 741)

ئۇ كۈن، ئاشۇرا كۈنى. ئۇ قەۋم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەنى ئىسرائىلدۇر.

يەھۇدىلار بۇ سەۋەپتىن ئاشۇرە كۈنى بايرام قىلىدۇ. ئۇ كۈندە ئەر-ئايال ھەممەيلەن گۈزەل ياسىنىدۇ.

ئۇ كۈندە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا شۈكۈر نىيىتى بىلە رۇزا تۇتقان. بۇنىڭغا بىنائەن بىر قىسىم يەھۇدىلار پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىپ ئاشۇرا كۈنىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

**بۇ كۈننىڭ پەزىلىتىدىن** ئېيتقاندا: ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى بۇ كۈندە قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنى بۇ كۈندە "سەپىيۇللاھ" قىلغانلىقى،

ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغ بىر ماكانغا (ئاسمانغا) بۇ كۈندە ئېلىپ چىققانلىقى،

نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بۇ كۈندە كېمىدىن چىقارغانلىقى،

ھەزرىتى ئىبراھىمنى ئوتتىن بۇ كۈندە قۇتقۇزغانلىقى،

تەۋراتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇ كۈندە چۈشۈرگەنلىكى،

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى بۇ كۈندە زىنداندىن قۇتقۇزغانلىقى،

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىنى بۇ كۈندە ئاچقانلىقى،

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىگە بۇ كۈندە شىپا بەرگەنلىكى،

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى بېلىقنىڭ قارنىدىن بۇ كۈندە قۇتقۇزغانلىقى،

بەنى ئىسرائىل ئۈچۈن قىزىل دېڭىزنى يېرىپ بۇ كۈندە ساق-سالامەت دېڭىزدىن ئۆتكۈزگەنلىكى،

داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى بۇ كۈندە مەغپىرەت قىلغانلىقى،

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بۇ كۈندە مال-مۈلك ۋە سەلتەنەت بەرگەنلىكى،

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ بۇ كۈندە ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا يەھۇدىيلارنىڭ رۇزا تۇتقانلىقىنى كۆرگەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا يەھۇدىيلار:

"بۈگۈن خەيرلىك بىر كۈندۇر. ئاللاھ بۇ كۈندە مۇسا ۋە قەۋمى بەنى ئىسرائىلنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پىرئەۋىن ۋە ئەسكەرلىرىنى دېڭىزغا غەرق قىلغان. مۇسا بۇ سەۋەپتىن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىپ بۇ كۈن رۇزا تۇتقان. شۇڭا بىزمۇ تۇتىۋاتىمىز" دېگەن.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"بىز مۇساغا ئەگىششتە سىلەردىن تېخىمۇ لايىق. چۈنكى ھەق دىنلارنىڭ ئاساسىدا ئايرىمچىلىق يوق ۋە ئۇنىڭغا كەلگەنلەرگىمۇ ئىشىنىمىز." دېگەن. ئاندىن كېيىن باشتا ئۆزى بولۇپ مۆمىنلەر بىلەن بىللە ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقان." (بۇخارى، روزا، 69، ئەنبىيا، 22؛ مۇسلىم، روزا، 127 \ 1130)

باشقا بىر ھەدىستە يەھۇدىيلارگە ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ رۇزىنى مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى كۈنى ياكى ئون ۋە ئونبىرىنچى كۈنى بولۇپ ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى كۈن تۇتۇشقا بۇيرىغان. بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىبادەتتە بولسىمۇ غەيرى مۇسلىملەرگە ئوخشاپ قالماسلىق كېرەك.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

"قۇرەيش جاھىلىيە دەۋرىدە ئاشۇرا كۈنى رۇزا تۇتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن رۇزا تۇتقان." (بۇخارى "روزا"، 69، مەناقىبۇل ئەنسار، 26، تەپسىر، 2، 24)

بىر مۇددەت مەدىنىدە بۇ ئاشۇرا رۇزىسى داۋاملاشتى. رامىزان رۇزىسى پەرز بولغاندىن كېيىن ئاشۇرا رۇزىسى ئىنسانلارنىڭ تاللىشىغا قېلىپ، نەپلە ئىبادەت ھالىغا كەلدى. رامىزاندىن بۇرۇن ئاشۇرا رۇزىسىغا ۋۇجۇبەن داۋاملاشقانلىقى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەتلىرىدىن بىلىنىدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رامىزان روزىسى پەرز بولۇشتىن بۇرۇن ئاشۇرا روزىسى تۇتىلاتتى. رامىزان روزىسى پەرز بولغاندىن كېيىن ئاشۇرا روزىسنى خالىغانلار تۇتتى، خالىمىغانلار تۇتمىدى." (بۇخارى، روزا، 69، مۇسلىم، روزا، 115)

ھەدىس شەرىپتە ئۇ كۈننى رۇزا بىلەن ئۆتكۈزۈش ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

"كىمكى ئەتىگەندە بىر نەرسە يېگەن بولسا، ئۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىنى يېمەي ئۆتكۈزسۇن! يەنى بىر نەرسە يېمىسۇن! كىمى رۇزا ئۈچۈن نىيەت قىلغان

بولسا رۇزىسىنى تاماملىسۇن." دېيىش ئارقىلىق سۈننەت بولغان بۇ رۇزىنىڭ قانچىلىك پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. (بۇخارى روزا، 69)

**نۇھ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرى**

1. كۇپۇر ئىچىدە بولۇپ ئىمان ئېيتمىغان ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان.
2. بۇتپەرەس بولۇپ بۇتلارغا چوقۇناتتى ۋە شېرىككە تەشۋىق قىلاتتى.
3. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى خور كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان.
4. تەكەببۇر ۋە ھاكاۋۇر ئىدى. پەقىرلەرگە "رەزىللەر" دەپ خىتاپ قىلاتتى. ھېكمەت ئىگىلىرىنى كىچىك كۆرەتتى. ھەقىقەتەن كىبىرلىرى سەۋەبىدىن يوقسۇللار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشنى ئەيىپ دەپ قاراش، ھالاك بولغان قەۋملەرنىڭ ئاساسلىق ناچار ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى.
5. ئاياللاردا ئەدەپ ئەخلاق ۋە ھايا دەيدىغان نەرسە قالمىغان.
6. دۇنيا لەززەتلىرىگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن.
7. شۈكۈر قىلمايتتى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشنى ۋە نان كۆرلۈك قىلماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. بىر ھەدىس شەرىپتە شۈكۈر ۋە سەبىر ئەھلى مۇنداق سۈپەتلەنگەن:

" ئىككى خسلەت باردۇركى، بۇلار كىمدە تېپىلسا ئاللاھ ئۇنى شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەبىر قىلغۇچى دەپ يازىدۇ. بۇ ئىككى خسلەت تېپىلمىغان كىشى ئۈچۈن بولسا شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەبىر قىلغۇچى دەپ يازمايدۇ:

"كىمكى دىنىي ساۋاتتا ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغانلارغا قاراپ ئۇنىڭغا بوي سۇنسا ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۆزىدىن تۆۋەن بولغانلارغا قاراپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلەرگە ھەمدۇ ئېيتسا، بۇنداق كىشلەرنى ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەبىر قىلغۇچى دەپ يازىدۇ. دىنىي ساۋاتلاردا ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرگە، دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۆزىدىن يۇقىرى بولغانلارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئېرىشەلمىگەنلىرىگە كۆڭلى يېرىم بولۇپ رازى بولمىغانلار ئۈچۈن ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەبىر قىلغۇچى دەپ يازمايدۇ."

نۇھ ئەلەيھىسسالام كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بىر قۇل ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگىنى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىلاھىي نېمەتلەر ئالدىدا شۈكۈر قىلغۇچى بولۇشقا تەشۋىق ئۈچۈن مۇنداق خاتىرلىتىدۇ:

إِنَّهُ كَانَ عَبْدًا شَكُورًا

**"نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى."** (بەنى ئىسرائىل، 3)

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە يەپ ئىچىش ۋە كىيىنىشكە قەدەر پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە، داۋاملىق ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ئېيتاتتى. بىر نەرسە يېگەن ۋە كىيىم كەيگەندە "بىسمىللاھ" دەيتتى يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايتتى. يېمەك يىگەندىن كېيىن ۋە كىيمنى سالغاندا "ئەلھەمدۇ لىللاھ" دەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا "ئەبدەن شەكۇرا: شۈكۈر قىلغۇچى بىر قۇل" ئىسمىنى بەرگەن. (ئىبنى ھەمبەل، زۇھد، س، 50)

شۈكۈر؛ بىر قۇلنىڭ ئۆزىگە ئېھسان ۋە بەخش ئېتىلگەن نېمەتلەر ئالدىدا خۇرسەنلىك بىلەن ئۇلارنى ئېھسان قىلغان رەببىگە سۆز-ھەرىكىتى بىلەن خالىسانە قۇللۇق قىلىشىدۇر. يەنى شۈكۈر، نېمەتنىڭ ھەقىقى ئىگىسىنى تونۇشتۇر.

سەرىييۇسسەقەتى ھەزرەتلىرى مۇنداق دېگەن:

"كىمكى بىر نېمەتكە ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلمىسا، ئۇ نېمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ!"

چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

لَئِن شَكَرْتُمْ لأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ

**"نېمىتىگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر(كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ" دەپ جاكارلىدى."** (ئىبراھىم، 7)

**نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى**

1. خىزمەت ئەھلى بولۇشى،
2. دېڭىزغا ئېچىلىشى ۋە دېڭىزدىن پايدىلىنىشى،
3. كۆپ شۈكۈر قىلغان ۋە سەبىرچان بىر قۇل بولۇشى،
4. كۆپ ئىستىغپار ئېيتىشى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى 950 يىل سۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۇزۇن بىر ئۆمۈردىن كېيىن ۋاپات بولغان. ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئەۋلاتلىرىغا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. كېيىن ئوغلى سامغا:

"ئوغلۇم قەلبىڭدە زەررە مىقدارىچىلىك شېرىك بولغان ھالەتتە قەبرىگە كىرمە! (يەنى بۇ ھالدا ۋاپات قىلما) چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا مۇشرىك پېتى كەلگەن كىشىگە ھىچ بىر ئۆزۈر يوقتۇر.

ئوغلۇم، قەلبىڭدە زەررە مىقداردا كىبىر بولغان ھالدا قەبرىگە كىرمە! چۈنكى كىبىر ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يۇپۇقىدۇر. ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان بىر سۈپەتنى ئۆزىگە لايىق كۆرگەن كىشىنى، ئاللاھ تائالا جازالايدۇ.

ئوغلۇم، قەلبىڭدە زەررە مىقداردا يەئىس (رەھمەتتىن ئۈمىد ئۈزگەن) ھالدا قەبرىگە كىرمە! چۈنكى ئازغۇنلۇقتا چۈشكەن كىشىلەردىن باشقىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ.

ئوغلۇم، ساڭا "لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ" شاھادەت كەلىمىسىنى بۇيرۇيمەن. چۈنكى يەتتە قات ئاسمان ۋە يەتتە قات يەر تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە، كەلىمە شاھادەتنى يەنە بىر تەرىپىگە قويسا كەلىمە شاھادەت ئېغىر كېلىدۇ" (ئىبنى ھەمبەل، مۇسنەد، 11، 170، زۇھد،س 51، ھەيسەمى، 4، 219)

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭدىن:

"ئى ئەبۇل بەشەر (ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى)، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پەيغەمبەر! دۇنيانى قانداق كۆردۈڭ؟ دەپ سورالغاندا،

نۇھ ئەلەيھىسسالام:

"دۇنيانى ئىككى ئىشىكلىك بىر ئۆيدەك كۆردۈم. بىر ئىشىكتىن كىردىم، يەنە بىر ئىشىكتىن چىقتىم." دەپ جاۋاب بەرگەن. (ئىبنى ئەسىر، ئەل كامىل، 1، 73)

نۇھ ئەلەيھىسسالام قۇمۇشتىن بىر ئۆي (كەپە) ياسىغان، ئۇنىڭغا:

"كاشكى، ئۆزەڭگە بۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئۆي ياسىغان بولساڭچۇ، دېيىلگەندە:

ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشى ئۈچۈن بۇمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ!" دېگەن. (ئەبۇ نۇئەيم، ھىلىيە، 8، 145)

شېرىك، كۇپۇر ۋە ھەرخىل زۇلۇم ئاستىدا 950 يىلغا يېقىن بۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە خەلقىگە كۆرسەتكەن بۇ سەبىر-تاقەت بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى پەيغەمبەر ۋە ئۈممەتلىرىگە ئۆرنەك بولۇپ ئىلاھىي ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن بىزگە قالغان ئەڭ گۈزەل مىراس "سەبىر"دۇر.

**ئەلەيھىسسالام! (ئۇنىڭغا سالام بولسۇن)**

## سەبىر

سەبىر: نۇرماللىقنى ساقلاش، چىدامچان، غەيرەتلىك بولۇش، ئاچچىقنى يوتۇش، كۆكسىنى كىرىش، جاپا-مۇشەققەتنى يېڭىش، ئەقىل ۋە دىن كۆرسەتكەن يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش قاتارلىق مەنىلىرى بار.

پۈتكۈل ئەخلاقى گۈزەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، سەبىرنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى. سەبىر (ئىلاھىي رىزانى ۋاجىپ قىلغان) ئاللاھ رىزاسىنى قازىنىشنى (قولغا كەلتۈرۈشنى) لازىم قىلغان مۇبارەك بىر سۈپەتتۇر.

دىن ۋە ئەخلاقتىكى سەبىر، ياخشى كۆرمىگەن ۋە ئېغىرچىلىق ئېلىپ كەلگەن ۋەقەلەر ئالدىدا ئەس-ھۇشنى يۇقاتماي، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ھەققە تەسلىم بولۇشتۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ:

"سەبىر، نەپسنى ئەمر قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىشتۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ مۇشەققىتىگە، ئىنسانىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەتلەرگە ۋە گۇناھ بولمىغان زىيان-زەخمەتلەرگە چىداپ، بەرداشلىق بېرىش بىلەن ئەمەللىشىدۇ."

سەبىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا، روھانى سۈپەتلەردىن بولغان، ئەپۇ قىلىش، مۇلايىم، كەمتەرلىك، ئىپپەت، قانائەت، شەپقەت، مەرھەمەت ۋە كەڭ قۇساقلىققا ئوخشاش ئەخلاقى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان خاراكتېرىمىزنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

سەبىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىدۇر. ئىماننىڭ يېرىمى، شات-خۇرام ۋە بەخت سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. جەننەت نېمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئۇلۇغ پەزىلەتتۇر. ھەر تۈرلۈك ياخشىلىق ۋە پايدا " سەبىر" دە بولغانلىقى ئۈچۈن باشتا پەيغەمبەرلەر، ئەنبىيالار، ئەۋلىيا، ئالىملار سەبىرنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرگەن.

قۇرئان كەرىم 70 يەردە سەبىر توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە پۈتۈن ئۈممىتىگە سەبىر تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ ئايەتلەردىن بەزىلىرى مۇنۇلاردۇر:

وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلاَّ بِاللّهِ وَلاَ تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلاَ تَكُ فِي ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ

**"(ئى مۇھەممەد!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەبىر قىلغىن، غەلىبە پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن."** (نەھل، 127)

وَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ فَإِنَّكَ بِأَعْيُنِنَا وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ حِينَ تَقُومُ

**"پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى تەخىر قىلىش (ھۆكمىگە سەبىر قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن، (ئۇيقۇدىن) تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن."** (تۇر، 48)

وَاصْبِرْ حَتَّىَ يَحْكُمَ اللّهُ

**...ئاللاھ (سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارغۇچە (دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە) چىدىغىن، ئاللاھ ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.** (يۇنۇس، 109)

وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ

**"سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەبىرچان بىللە بولغىن..."** (كەھف، 28)

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى، تەبلىغ يولىدا دۇچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا، تىللاردا داستان بولغان سەبىر ئۆرنەكلىرى بىلەن تولغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام تاياق ـ توقماق ۋە ئىنسانلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدەك ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتكە 950 يىل سەبىر قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا:

اسْتَعِينُوا بِاللّهِ وَاصْبِرُواْ

**"ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، سەبىر قىلىڭلار."** (ئەئراف، 128) دەپ تەۋسىيە قىلغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلغان.

إِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِرًا نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ

**"...بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەبىرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (ئاللاھقا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر."** (ساد، 44) **دېگەن** ئىلاھىي ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن. ئايەتتە دېيىلگەنىدەك لوقمان ئەلەيھىسسالاممۇ ئوغلىغا:

يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ

**"ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل-ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەبىر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر."** (لوقمان، 17) دەپ نەسىھەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ۋە تائىپ خەلقىنىڭ قاتتىق زۇلمى ئالدىدا سەبىر قىلغان، بىر مۇددەتتىن كېيىن بۇ ئىنسانلار ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن.

ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار سەبىر بىلەن ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار بىزنىڭ ئۆرنەك ئالىدىغان كىشىلىرىمىز بولۇشى كېرەك. سەبىرنىڭ دۇنيالىق تەرىپى ئاچچىق، ئاخىرەت تەرىپى لەززەتلىكتۇر. سەبىرنىڭ ئاچچىقىغا بەرداشلىق بەرگەنلەر، ئەبەدىلىك يۇرتى بولغان جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

نەپسىمىز قانچىلىك ئارزۇ قىلسا قىلسۇن، ھاراملارغا يېقىن كەلمەي، قانچىلىك ئېغىر بولسا بولسۇن، سەبىر قىلىش مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرى قىيىن كەلسىمۇ، سەبىر بىلەن ئۇرۇندىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەبىرنىڭ تۈرى ۋە پەزىلىتىنى بىلدۈرگەن بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

"سەبىر ئۈچتۇر: مۇسىبەت ئالدىدا سەبىر، قۇللۇقتا سەبىر ۋە گۇناھقا قارشى سەبىر. كىمكى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز دەرىجە يازىدۇ. ھەر ئىككى دەرىجە ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن قەدەر مۇساپە بولىدۇ. كىمكى ئىبادەتتە سەبىر قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئالتە يۈز دەرىجە يازىدۇ. ھەر ئىككى دەرىجە ئارىسىدا يەر يۈزى بىلەن يەتتە قات ئاسمانغا قەدەر مۇساپە بولىدۇ. كىمكى مەسىيەت (گۇناھ)قا قارشى سەبىر قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا

تۇققۇز يۈز دەرىجە يازىدۇ. ئىككى دەرىجە ئارىسىدا يەر بىلەن ئەرشىگە قەدەر مۇساپە بولىدۇ." (سۈيۇتى، جامىئۇسسەغىر، 11، 42؛ دەيلەمى، 11، 416)

ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ ئەمىر-چەكلىمىلىرىدىكى نېمەت، ھېكمەت ۋە ئىلاھىي مۇكاپاتلارنى ئويلاش، سەبىرنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بەزىدە ئۈستىمىزدىن ئاتالمىغان تەبىئى پالاكەتلەرنى، كۆتۈرۈشتىن باشقا چارىمىز بولمايدۇ. ھەر چارىسىزلىقنىڭ يېگانە چارىسى ئاللاھتۇر. شىكايەتلەر، پەرياتلار، ئاھ ئۇرۇشلار ئۆزىنى يۇقۇتۇشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن بېشىمىزغا كەلگەن ھادىسىلەرگە سەبىر قىلىپ ئاللاھ تائالاغا سېغىنىش، ھەر نەرسىنىڭ ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىپ مۇكاپاتىنى ئويلاش ئاقىلانە بىر ئىشتۇر.

ئىنسان بۇ ئىمتىھان دۇنياسىدا ھەر ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن **" ئۇنىڭ بولمىغانلىقى بىز ئۈچۈن خەيرلىكتۇر!"** ياكى **" بولغان نەرسىدە خەير باردۇر!"** دېيىش، قۇللۇق ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ۋە بىزنى مەنىۋى دەرىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان گۈزەل ئادەتتۇر.

سەبىر زورلاش بىلەن ئەمەس، كۆڭۈل خوشلىقى بىلەن قۇلنىڭ، رەببىگە بولغان تەسلىمىيىتىدۇر. كۈچى يەتكەن ھالدا سەبىر قىلىپ ئىنتىقام ئالماسلىق ئۇلۇغ پەزىلەتتۇر.

**سەبىرنىڭ بىرىنچى شەرتى مۇسىبەت بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سەبىر قىلىشتۇر. ۋاقتى ئۆتكەن سەبىرنىڭ مۇكاپاتى يوقتۇر.**

بۇ سەۋەپتىن ئەۋلاد ياكى يېقىنلىرىدىن ئايرىلغان كىشىنىڭ تۇنجى قېتىمقى سەبىرى مۇھىمدۇر!

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئوغلىنىڭ قەبرى بېشىدا پەريات چېكىپ يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا:

"ئاللاھتىن قورق ۋە سەبىر قىل!" دېدى.

ئۇ ئايال:

"مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن پالاكەت سېنىڭ بېشىڭغا كەلمىدى!" دېدى.

ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇمىدى. ئۇنىڭغا ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇ ئايال بۇنى ئاڭلاپلا پەيغەمبەر

ئەلەيهسسالامنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرگەن پېتى كەلدى. ئۇيەردە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچ بىر كىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ، ئۆزرە بايان قىلغان ھالدا:

- ئى رەسۇلۇللاھ، سىزنى تونىيالمىدىم. دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام:

"ھەقىقى سەبىر، مۇسىبەت تۇنجى قېتىم كەلگەندە كۆرسىتىلگەن سەبىردۇر!" دېدى. (بۇخارى، جىنازە)

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى "ئەسسەبۇر"دۇر. يەنى ئاللاھ تائالا، قۇللىرىغا مۆھلەت بېرىپ، بۇ زامان ئىچىدە تۈزكورلۇق قىلغانلارغىمۇ رىزىق بېرىدۇ. ئەگەر رەببىمىز دۇنيادا گۇناھكارلاردىن دەرھال ئىنتىقام ئالغان بولسا ئىدى، كائىنات قانداق ئەھۋالغا قالغان بولاتتى؟ بۇنى ئويلاپ بېقىش كېرەك!

ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّهُ النَّاسَ بِمَا كَسَبُوا مَا تَرَكَ عَلَى ظَهْرِهَا
مِن دَابَّةٍ وَلَكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى

**"ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن ئاللاھ ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش)نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)."** (فاتىر، 45)

**"سابۇر"** ئىسمى - شەرىپىنىڭ ئەخلاقتا ئەڭ گۈزەل تەجەللى قىلغان قۇللىرى، پەيغەمبەرلەر ۋە ئاللاھنىڭ مۇتتەقى بەندىلىرىدۇر. شۇنىڭدەك كەڭچىلىك ۋە تارچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان سەبىر، ئۇلاردىن بىزگە كەلگەن ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدۇر.

**كەڭچىلىك ۋاقىتلاردا سەبىر:** غۇرۇر ۋە كىبىردىن ساقلىنىش، ئىنتىقام ئالماسلىق، شەھۋەتكە مەغلۇپ بولماسلىق، بېخىللىق، ئىسراپتىن يىراق تۇرۇش، پېقىرلەرنى خور كۆرمەسلىك ۋە قىلغان ياخشىلىقنى يۈزىگە سالماسلىقتا ئوخشاش گۈزەل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشتۇر. چۈنكى نەپس، ئىنساننى داۋاملىق ناچار

ئىللەتلەرگە زورلايدۇ. بۇلارغا سەبىر قىلىپ ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالماسلىق كېرەك.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى، كەڭچىلىكتىكى سەبىرگە گۈزەل ئۆرنەكتۇر. ئۇ دۇنياغا ئائىت ھېچ بىر نەرسىگە مەيلەتمىگەن. ئەكسىچە دۇنياغا ئائىت ھەر نەرسىنى، رەببىنىڭ ئامانىتى دەپ بىلگەن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىمكانلار بەخشەتكەن بولسىمۇ، سەبىر كۆرسىتىپ نەپسى ئارزۇ قىلغان ھەر نەرسىدىن يىراق تۇرغان ۋە "خەلىل" سۈپىتىگە ئېرىشكەن.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاممۇ، ئاللاھ تائالا بەخىش ئەتكەن دۇنيا سەلتەنىتىگە مايىل بولماي، بۇ سەلتەنەتنى قەلبىنىڭ سىرتىدا توشىغان. ئۇ پات-پات پېقىرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتىن لەززەت ئېلىپ:"مىسكىن مىسكىنلەرگە يارىشىدۇ" دېگەن. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا سەلتەنىتى ئىچىدە كەمتەرلىكىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھالىتىنى ياشىغان.

**تارلىقتىكى سەبىر:** شىكايەت، ھەسەت، سىرنى پاش قىلىش، غەزەپلىنىش، ئۆچ ئېلىشقا ئورۇنۇش، ئائىلە كىشىلىرى ۋە يېقىنلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتمەسلىككە ئوخشاش يامان سۈپەتلەردىن يىراق تۇرۇشتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا سەبىر قىلىپ، يامان ئىش ۋە خىياللاردىن يىراق تۇرۇشقا غەيرەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ كەڭچىلىك ۋە تارلىقتىكى ئەھۋاللىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۇلارنى ئۆرنەك قىلىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ بىر مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۈمىدسىزلەنمەي، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىشى ئۈچۈن مۇنداق دېگەن:

"ئۆزىگە بىر مۇسىبەت كەلگەن مۇسۇلمان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىدەك:"بىز ئاللاھقا ئائىت ۋە ئۇنىڭغا قايتىمىز. ئى ئاللاھ! ماڭا بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن ئەجىر بەر ۋە بۇنىڭدىنمۇ خەيرلىسىنى ئېھسان قىل!" دېسە ئاللاھ ئۇ مۇسىبەتنى كۆتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ." (مۇسلىم، جىنازە، 3)

كەڭچىلىك، تارچىلىقتىكى قەلبى ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇش ۋە ئىلاھىي رازىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، سەبىر قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى تارلىقتىكى سەبىرگە ئەڭ گۈزەل مىسالدۇر:

ئايالى رەھىمە، ئۇنىڭغا:

"سەن بولساڭ بىر پەيغەمبەر، دۇئايىڭ مەقبۇلدۇر. سېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭ ناھايىتى خەتەرلىك، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ شىپالىققا ئېرىشكىن" دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

"ئاللاھ ماڭا سەكسەن يىل سالامەتلىك بەردى. كېسىلىمگە تېخى سەكسەن يىل بولمىدى. كېسىلىمگە بىر قانچە يىل بولدى. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن خىجىل بولىمەن!" دېدى.

نەتىجىدە بۇ ئۇلۇغ يارىتىلىشقا ئىگە پەيغەمبەر، تىللاردا داستان بولغان سەبرىنىڭ نەتىجىسىدە بۇرۇنقى سالامەتلىك، ياشلىق ۋە بايلىققا ئېرىشتى.

مولچۇلۇقتا قولىدا ھەر تۈرلۈك ئىمكان بولغان ھالدا سەبىر قىلغانلارغا **"ئەغنىيائى شاكىرىن"** دېيىلىدۇ. يوقلۇقتا كۆڭلىنى رەببىگە باغلاپ شىكايەت قىلماي، شۈكۈر قىلغانلارغا **"فۇقرائى سابىرىن"** دېيىلىدۇ. ئەغنىيائى شاكىرىن ۋە فۇقارائى سابىرىن ئۈچۈن سان-ساناقسىز مۇكاپاتلار بار.

روزا تۇتقان بىر كۈنى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن ئىنتايىن كاتتا بىر ئىپتارلىق تەييارلاندى. لېكىن ئۇ بۇ يېمەكلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

"مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئوھوت ئۇرۇشىدا شەھىد بولدى. ئۇ مەندىنمۇ پەزىلەتلىك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كېپەنلىكى ئۈچۈن بىر يەكتەكتىن باشقا بىر نەرسىسى يوقتى. ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۆگىسەك ئايىغى، ئايىغىنى يۆگىسەك بېشى ئېچىلىپ قالدى. ھازىر بىزگە دۇنيالىق ھەر نەرسە بېرىلدى. توغرىسى ياخشىلىقىمىزنىڭ مۇكاپاتىنىڭ بۇ دۇنيادا بېرىلىشىدىن قورقىمەن."

كېيىن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلىدى ۋە تاماقنى يېمەي چىقىپ كەتتى. (بۇخارى، جىنازە، 27)

ئالدىن قاتاردىكى ساھابىلەردىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىنتايىن يوقسۇل ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ سەدىقە بېرىشتىن ئارقىدا قالمايتتى ۋە ئۆمرى شۈكۈر ئىچىدە ئۆتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

"ئى ئەبۇ زەر! يېمىكىڭگە ئازراق سۇ قات ۋە قوشناڭغا بەر" دېگەن.

كۆڭۈل ئىقلىمىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈسىنى ھاكىم قىلغان، بىرسى باي، باشقا بىرى يوقسۇل ئىككى بۈيۈك سەبىر ئابىدىسى بولغان ساھابە!... ئۇلار ئەينى روھ ھالى ئىچىدە، بىرى مولچۇلۇقتا يەنە بىرى يوقلۇقتا ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ۋە ئىسلامنى ياشاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن سەبرىنىڭ

گۆزەللىكىنى نەقەدەر مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرگەن. بىزمۇ بۇ تۇيغۇلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، زىكىر، سۆھبەت، نەپەقە، سەدىقە ۋە چىن كۆڭۈلدىن قىلىنغان دۇئالارغا موھتاج!..

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ

**ئى مۆمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار.** (ئال ئىمران، 200)

يەنە ئاللاھ تائالا:

وَالْعَصْرِ  إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ  إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا
وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ

**"زامان بىلەن قەسەمكى [1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەبىرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. "** (ئەسر، 1-3)

ھەقنى ۋە سەبىرنى باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ئۆزىمىز بۇلارنى ئەمىلىيەتكە تەتبىقلىشىمىز كېرەك.

**ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى سەبىر تاقەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن! پۈتۈن ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سەبىر غەيرىتىدىن بىر ھېسسە نىسىپ قىلىپ، تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان ئىمتىھانلاردىن بىزنى مۇھاپىزەت قىلسۇن! ئامىن!**

N


ئەیلە
ئاق دێگز
لازقیە
دمەشق
ھەلەب
دیەرباقیر
ئەرزورۆم
خابور دەریاسی
فرات
ئەرمەنیە
مۆسول
دیجلە
نینوا
بابل
بەغداد
ئیراق
ئور
ھەمەدان
نهاوەند
فارس دییاری
ئەرەب قولتۇقى
شیمال
شەرق
جەنوب
کاسپی دێگزی



# هوٌد ئەلەیهسسالام

بۇران-چاپقۇن بىلەن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئاد قەۋمىنىڭ پەيغەمبىرى

## ھۇد ئەلەيھىسسالام

ھۇد ئەلەيھىسسالام سامنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولۇپ، ئاد قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

ھۇد؛"ھەۋادەت" كەلىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ يۇمشاملىق، ئېغىر بېسىق ۋە سۈكۈنەتكە ۋەسىلە بولۇش ئۈمىد قىلىنغان دېگەندەك مەنىلىرى بار. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئابىر، لەقىمى بولسا نەبىيۇللاھتۇر.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئەھقاپ دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئاد قەۋمى ئىچىدە شەرەپلىك بىر كىشى ئىدى. پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قويۇق چاچلىق، گۈزەل يۈزلۈك ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايتتى. زاھىد، مۇتتەقى، ئىبادەتكە ھېرىسمەن، سېخى ۋە شەپقەتلىك ئىدى. يوقسۇللارغا كۆپلەپ سەدىقە بېرەتتى.

### ئاد قەۋمى

قۇرئان كەرىمدە ئەئراپ، ھۇد، مۇئمىنۇن، شۇئارا، پۇسسىلەت، ئەھقاپ، زارىيات، قەمەر، ھەققە، فەجىر سۈرىلىرى ئاد قەۋمى ھەققىدە توختىلىدۇ.

ئاد قەۋمى يىگىرمە ئۈچ قەبىلىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئەرەپ قەۋمىدۇر. قەۋمگە ئىسمى بېرىلگەن ئاد، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرىدۇر. زامانى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تەخمىنەن سەككىز يۈز يىل كېيىندۇر.

ھالاك بولۇشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولغان ئاد قەۋمى ياشىغان ئەھقاپ دىيارى، يەمەن، ئادەن ۋە ئۇممان ئارىسىدا. ئاد قەۋمى ئەرەبۇل ئارىبە دەپ ئاتالغان ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا تۇنجى يەرلەشكەن قەۋملەردىن بىرىدۇر. مۇنبەت تۇپراقلارغا ئىگە بولغان بۇ قەۋم، نېمەتلىرى مول، باغۇ-بوستانلىق بىر يەردۇر. يەر ئۈستىدە شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق-ئۆستەڭلىرى، باغ ۋارانلىرى، تۇقاي-تۇقاي چارۋىلىرى؛ يەر ئاستىدا تۈرلۈك سۇ ئامبارلىرى، ئايۋان سارايلىرى ۋە قەسىرلىرى بار ئىدى. ھەتتا ئەھقاپ رايۇنى، **"ئىرەم"** ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەشھۇر **"ئىرەم باغلىرى"** تەبىرى بۇنىڭدىن كېلىدۇ. بۇ قەۋمنىڭ ئىنسانلىرى كۈچ-قۇۋۋەتلىك، قاۋۇل، ئۇزۇن بوي ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك ئىدى. ئاد قەۋمى خادا

تاشلارنى قىرىپ ئۇنىڭدىن ئۆي ياساپ، كۆركەم بىنالار بىنا سالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە باغۇ- بوستان ۋە گۈزەل كۆللەر بار ئىدى. ھەر تەرەپ كۆز قاماشتۇرغۇدەك گۈزەللىكلەر بىلەن تولۇپ تاشاتتى.

ئاد قەۋمى نۇھ توپانىدىن كېيىن بۇتپەرەسلىككە قايتقان تۇنجى قەۋم ئىدى. بۇ قەۋم، زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن دۇنيا نېمەتلىرىگە غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئاللاھتىن غاپىل قالدى. پىتنە- پاسات بىلەن دىنىدىن يىراقلاشتى. نۇھ توپانىنىڭ دەھشىتىنى ئۇنتۇپ، دۇنياغا غەرق بولدى. نېمەتنىڭ كۆپلىكىگە ئالدىنىپ، كىبىرلىنىپ پەخىرلەندى. ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېدى:

فَأَمَّا عَادٌ فَاسْتَكْبَرُوا فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَقَالُوا مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّ اللَّهَ الَّذِي خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يَجْحَدُونَ

**"ئاد بولسا زېمىندا (ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: "كۈچ - قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟" دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى."** (فۇسسىلەت، 15)

ئۇلار ئىلاھى يولدىن شۇنداق يىراقلاشتىكى، سەمەد، سامۇد، سادا، ھەبا ناملىق بۇتلار ياساپ، چوقۇنۇشقا باشلىدى. زالىم ۋە شەپقەتسىز بولدى. بىچارە، ئاجىز، يېتىملەرنى ئەزدى. ئاجىز- بىچارىلەرنى ئېگىز بىنالارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تۆۋەنگە تاشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ پارچىلانغان جەسىتىنى تاماشا قىلىپ ھۇزۇرلاندى. يەنى قەلبلىرى بۇ قەدەر قېتىپ كەتتى. زالىملىقتا ھەددىدىن ئاشتى. ئاجىز قەۋملەرگە ھۇجۇم قىلىپ ماللىرىنى تالان- تاراج قىلدى. شۆھرەتۋازلىقتا ئۇچىغا چىقتى. بۇ سەۋەپلەردىن نۇھ توپانىدىن كېيىن تۇنجى ھالاك بولغان قەۋم ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدۇر.

لېكىن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قەۋم بىلەن يالغۇز نەسىل جەھەتتىن ئالاقىسى بولۇپ، ھايات شەكلى جەھەتتىن ئۇلار بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇ ساپ ۋە شەرەپلىك بىر ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئاد قەۋمى ئازغۇنلۇقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيي قىلدى:

**"ئى ھۇد! قەۋمىڭ ئىچىدىن سېنى تاللىدىم، ئۇلارنىڭ يېنىغا بار؛ ئۇلاردىن قورقما! مەن ئۇلارغا سەن ئۈچۈن مۆجىزىلىرىمنى كۆرسىتىمەن."**

هۇد ئەلەيھىسسالام ۋەھيىدىن كېيىن قەۋمىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارى ھالجان، ئالتۇندىن ياسالغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. هۇد ئەلەيھىسسالام يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

"ئى قەۋمىم! ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان يالغۇز ئاللاھتۇر. ئۇنىڭغا شېرىك قوشماڭلار! ئويلاپ كۆرۈڭلار، نۇھ قەۋمى بۇ سەۋەپتىن ھالاك بولدى!"

ئايەتتە هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەبلىغى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاء عَلَيْكُم مِّدْرَارًا
وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ وَلاَ تَتَوَلَّوْاْ مُجْرِمِينَ

**"ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار."** (هۇد، 52)

ھالجان غەزەپلىنىپ:

"ئى هۇد! جېنىڭغا ۋاي! بىز بۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە كۆپ تۇرغان يەردە، سەن بىزگە غالىپ كېلىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئۆزەڭنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىڭنى بىلمەمسەن؟ ھەم شۇنىمۇ بىلمەمسەن، بىزدىن ھەر كۈنى مىڭ دانە بوۋاق دۇنياغا كېلىدۇ" دېدى.

نەتىجىدە ھالجان ۋە ئاد قەۋمى ئەۋلات، مالغا مەغرۇرلىنىپ هۇد ئەلەيھىسسالامنى كىچىك كۆرۈپ ئىمان ئېيتمىدى. بۇ ۋەقە قۇرئاندا مۇنداق زىكىر قىلىنىدۇ:

وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُوداً قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ أَفَلاَ تَتَّقُونَ قَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي سَفَاهَةٍ وِإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ الْكَاذِبِينَ قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي سَفَاهَةٌ وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ

**ئاد (قەۋمى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى هۇدنى ئەۋەتتۇق، هۇد: "ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق)**

**يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟" دېدى [65]. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: "بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز" دېدى [66]. ھۇد ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.** (ئەئراف، 65 - 67)

قەۋمىنىڭ ھۇد ئەلەيھىسسالامغا بولغان قارشىلىقى ۋە ئىنكارلىرى ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

قَالُواْ يَا هُودُ مَا جِئْتَنَا بِبَيِّنَةٍ وَمَا نَحْنُ بِتَارِكِي آلِهَتِنَا عَن قَوْلِكَ
وَمَا نَحْنُ لَكَ بِمُؤْمِنِينَ  إِن نَّقُولُ إِلاَّ اعْتَرَاكَ بَعْضُ آلِهَتِنَا بِسُوَءٍ قَالَ إِنِّي أُشْهِدُ اللّهِ
وَاشْهَدُواْ أَنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ

**"ئۇلار ئېيتتى: "ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزۈڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز [53]. بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز" ھۇد ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. "** (ھۇد، 53 - 54)

ئاد قەۋمىنىڭ ھۇد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئېتىرازى، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى ئىلگىرى سۈرگەن ئېتىرازلاردىن پەرىقلىق ئەمەس ئىدى. كۈنىمىزدىكى مۇنكىرلارنىڭ ئېتىرازلىرىمۇ ئۇلاردىن پەرقى يوق. بۇ ئېتىرازلار ھەر زامان بولغىنىدەك كۆپىنچە ھاللاردا قەۋمىنىڭ ئالدىدا كەلگەنلەردىن كېلىدۇ. بۇ ئېتىرازلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ تەھلىكىگە ئۇچرىشىدۇر. ھۇد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئېتىرازلارنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاش مۇمكىن:

1. ھۇد ئەلەيھىسسالامنى مەجنۇنلۇق ۋە ئەقىلسىزلىك بىلەن ئەيىپلىگەن بولۇپ، قۇرئاندا ئىپادىلەنگەندەك:

إِنَّا لَنَرَاكَ فِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ

**..."بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرۈمىز"** (ئەئراف، 60)

إِنَّا لَنَرَاكَ فِي سَفَاهَةٍ وِإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ الْكَاذِبِينَ

**..."بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز"** (ئەئراف، 66) دېگەندەك بەدبەختلىكى ئىدى.

2. ئاتىلىرىنىڭ دىنىنىڭ ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا مۇتەئەسسىپلىك بىلەن باغلانغان. ئايەتتە ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالُواْ أَجِئْتَنَا لِنَعْبُدَ اللّهَ وَحْدَهُ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعْبُدُ آبَاؤُنَا

**ئۇلار: "(ئى ھۇد) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟"** (ئەئراف، 70)

3. ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ھۇد تەرىپىدىن ئۆزىگە بىر زىيان كەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

فَأَمَّا عَادٌ فَاسْتَكْبَرُوا فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَقَالُوا مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً

**"ئاد بولسا زېمىندا (ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: "كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟" دېدى.** (فۇسسىلەت، 15)

4. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىپ ھاياتنىڭ پەقەتلا دۇنيا ھاياتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ غاپىلانە ۋە جاھىلانە چۈشەنچىلىرىگە رەببىمىز قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:

إِنْ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ

**"بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز."** (مۆئمىنۇن، 37)

5. ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانىدى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالَ الْمَلَأُ مِن قَوْمِهِ الَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِلِقَاءِ الْآخِرَةِ وَأَتْرَفْنَاهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا مَا هَذَا إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يَأْكُلُ مِمَّا تَأْكُلُونَ مِنْهُ وَيَشْرَبُ مِمَّا تَشْرَبُونَ وَلَئِنْ أَطَعْتُم بَشَرًا مِّثْلَكُمْ إِنَّكُمْ إِذًا لَّخَاسِرُونَ

**"ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغان، ئاخىرەت مۇكاپاتىنى يالغان چىقارغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان كاتتىلىرى ئېيتتى: "بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ. [33]. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر."** (مۆئمىنۇن، 33 - 34)

**ئىبرەتلىك ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش**

قەۋمىنىڭ ئەدەبسىزلىگى ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن رەنجىتتى. ئۇ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلدى. بۇ سەۋەپتىن قەۋمىنىڭ ئاياللىرى تۇغماس بولدى. بۇ ئەھۋال ئون يىل داۋاملاشتى.

ئۇنىڭ قەۋمى مەجبۇر قالغان ھالدا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. لېكىن ئۇلار تېخىچە غەپلەتتە ئىدى. بۇ رۇشەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە: **"سەن بىزگە بىر مۆجىزە كۆرسەت!"** دېدى.

ھەددىدىن ئاشقان ھالدا، ئەھقاپ سۈرىسىنىڭ 22 - ئايىتىدە ئېيتىلغىنىدەك ئاللاھ تەرەپتىن بىر ئازاپ كەلتۈرىشنى تەلەپ قىلدى:

قَالُوا أَجِئْتَنَا لِتَأْفِكَنَا عَنْ آلِهَتِنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَا إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ

**ئۇلار: "(ئى ھۇد!) سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرگىن" دېدى.** (ئەھقاف، 22)

بۇ سەۋەپتىن بۇلاق، كۆل ۋە ئېرىق-ئۆستەڭلەر قۇرىدى. باغۇ-بوستانلار ساغىرىپ، ئۇ گۈزەل "ئىرەم باغلىرى" يوقالدى. قاۋۇل ئىنسانلار بىر لوقمىغا موھتاج ھالغا كەلدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قايتا يېغىپ، تەبلىغ قىلىپ: "ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار!" دېدى ۋە كۆپۈردا چىڭ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ جاھىللىقنى تەنقىتلەپ مۇنداق دېدى:

قَالَ إِنِّي أُشْهِدُ اللهِ وَاشْهَدُواْ أَنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ * مِن دُونِهِ فَكِيدُونِي جَمِيعًا ثُمَّ لاَ تُنظِرُونِ * إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ رَبِّي وَرَبِّكُم مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلاَّ هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا إِنَّ رَبِّي عَلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

**ھۇد ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار [54 - 55]. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ، ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ).** (ھۇد ، 54 - 56)

فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقَدْ أَبْلَغْتُكُم مَّا أُرْسِلْتُ بِهِ إِلَيْكُمْ وَيَسْتَخْلِفُ رَبِّي قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلاَ تَضُرُّونَهُ شَيْئًا إِنَّ رَبِّي عَلَىَ كُلِّ شَيْءٍ حَفِيظٌ

**ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار(يۈز ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ ماڭا زىيىنى يوق)، سىلەرگە مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم (پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر)، پەرۋەردىگارىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، (شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسىنى كۈزىتىپ تۇرغۇچىدۇر".** (ھۇد ، 57)

بۇ ئايەتلەردە دېيىلگەندەك، ھۇد ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنى ئەگەر كۈچى يەتسە ئۆزىگە ئۇنىڭغا قارشى دەۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

"مېنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەممىڭلار يىغىلىپ قولۇڭلاردىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىڭلار، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچىلىقمۇ ساقلىماڭلار. مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن. مەن سىلەرنىڭ مېنى قانداق قىلىۋېتىشىڭلارنى خىيالمۇ قىلمايمەن ۋە سىلەرگە ھېچ قاراپمۇ قويمايمەن. چۈنكى مەن پەقەت ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا تاياندىم. ئۇنىڭغا تايانغان ھېچ يامانلىققا يولۇقمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن مەن پەقەت ئۇنىڭغا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمەن"

بۇ سۆز ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى، قارشىدىكىلەرنىڭ ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. ئۇنىڭ بۇ سۆزى قارشىسىدا دۈشمەنلىرى ئۇنىڭغا بىر يامانلىق قىلالمىدى ۋە داۋاسىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ داۋاسىنىڭ ھەق ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاد قەۋمىنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن بۇ تەھدىتلەرمۇ كار قىلمىدى. شۇنچىلىك جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىگە قايتمىدى. چۈنكى بايلىق ئېلىپ كەلگەن غەپلەت، راھەت-پاراغەت ۋە ئازغۇنلۇق، ئۇلارنى ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشتىن يىراقلاشتۇردى. بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن بولسا ئىدى، ھاراملارنى قىلالمىغان ۋە ئاجىزلارنى ئېزەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى ھەق دىن بولغان تەۋھىد دىنى، كۆپلىگەن چەكلىمىلەر قويغانىدى. لېكىن نەپسانى تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان بۇ ئىنسانلار دىنى چەكلىمىلەر ئاستىغا كىرىشنى خالىماي، غاپىللارچە نەپسانى ھاياتتا ياشاشنى ئارزۇ قىلدى.

**ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋەتكەن بوران-چاپقۇن**

ئاللاھ تائالا ھۇد قەۋمى ياشىغان يەرگە ئۈچ يىل يامغۇر ياغدۇرمىدى. ئۇلار يامغۇر ئۈچۈن مەككىگە بىر ھەيئەت ئەۋەتتى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى. ئاد قەۋمى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ:

"يامغۇر كەلدى" دېيىشتى. ھالبۇكى، بۇلار ئازاپ بۇلۇتلىرى ئىدى. ھەزرىتى ھۇد ئاخىرى بىر قېتىم:

"ئىمان ئېيتىڭلار!" دەپ ئازاپتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار يەنە غەپلەت ئىچىدە:

"ئۇنداق ئەمەس! بۇلار يامغۇردىن بۇرۇنقى كەلگەن بۇلۇتلاردۇر!" دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرقى ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشقىمۇ كۆز-قۇلىقىنى ئېتىۋالغان ھالدا سەل قارىدى. نەتىجىدە ۋەزىپىلەندۇرۇلگەن پەرىشتىلەر ئاسماندا پەيدا بولغان بۇلۇتلار بىلەن پۈتۈن قەۋمنى قورشىدى. چارشەنبە ئەتىگىنى شامال كۈچىيىشكە باشلىدى. شامالنىڭ كۈچى دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغىدەك كۈچلۈك ئىدى. بارغانسىرى بۇراننىڭ قاتتىقلىقى ۋە سوغوقلىقى ئاشتى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا فِي أَيَّامٍ نَّحِسَاتٍ لِّنُذِيقَهُمْ عَذَابَ الْخِزْيِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَخْزَى وَهُمْ لَا يُنصَرُونَ

**"ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇ كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ."** (فۇسسىلەت، 16)

إِنَّا أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا فِي يَوْمِ نَحْسٍ مُّسْتَمِرٍّ

**شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى بىز شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان شۇم كۈندە سوغۇق بوران ئەۋەتىپ (ھالاك قىلدۇق)،** (قەمەر، 19)

وَفِي عَادٍ إِذْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ الرِّيحَ الْعَقِيمَ مَا تَذَرُ مِنْ شَيْءٍ أَتَتْ عَلَيْهِ إِلَّا جَعَلَتْهُ كَالرَّمِيمِ

**"ئادنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا يامان بوراننى ئەۋەتتۇق [41]. ئۇ (يەنى بوران) ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما - تالاڭ) قىلىۋېتەتتى."** (زارىيات، 41 - 42)

بۇ قاتتىق بۇراننىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسانلار، چىكەتكىلەردەك ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇچماسلىق ئۈچۈن يەكتىگىنى بىر-بىرى بىلەن باغلاپ

ھالقا شەكلىدە بولدى. لېكىن بۇمۇ چارە بولمىدى. بەزىلىرى تۆگە ۋە تۆگىدەك كىشىلەرنىڭ ھاۋادا ئۇچۇۋشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيلىرىگە قاراپ قاچتى. لېكىن ئوخشاش ئاقىۋەت ئۇ يەردىمۇ ئۇلارنى تۇتتى. ئۇلارنى سامانىنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ ئۆيلىرىدىن سىرتقا ئاتتى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

تَنزِعُ النَّاسَ كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ مُّنقَعِرٍ

**"بوران كىشىلەرنى (ئورۇنلىرىدىن يۇلۇپ كېتەتتى، گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى."** (قەمەر، 20)

ئاللاھ تائالا شامالغا ئەمىر قىلدى. قۇم دۆۋىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يىغدى. بۇ ئەھۋال يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز داۋاملاشتى. ئۇ ئازغۇن قەۋم ناھايىتى قايغۇلۇق بىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَثَمَانِيَةَ أَيَّام حُسُومًا فَتَرَى الْقَوْمَ فِيهَا صَرْعَى كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ خَاوِيَةٍ فَهَلْ تَرَى لَهُم مِّن بَاقِيَةٍ

**"ئاللاھ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن [7]. ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟"** (ھاققە، 7-8)

وَقَطَعْنَا دَابِرَ الَّذِينَ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا وَمَا كَانُواْ مُؤْمِنِينَ

**"بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى."** (ئەئراف. 72)

وَتِلْكَ عَادٌ جَحَدُواْ بِآيَاتِ رَبِّهِمْ وَعَصَوْاْ رُسُلَهُ وَاتَّبَعُواْ أَمْرَ كُلِّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ وَأُتْبِعُواْ فِي هَذِهِ الدُّنْيَا لَعْنَةً وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ أَلا إِنَّ عَادًا كَفَرُواْ رَبَّهُمْ أَلاَ بُعْدًا لِّعَادٍ قَوْمِ هُودٍ

**"ئەنە شۇ ئاد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا،**

**شەپقەتسىز (يەنى ھەققە قارشىلىق قىلىپ جىدەللەشكۈچى)نىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى [59]. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىنىدى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھۇد قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن."** (ھۇد، 59 - 60)

بۇ بۇران كەلگەندە ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىلاھىي ئازاپتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئازاپ ئاسى بولغانلارنىڭ ئۈستىگە كەلدى. ئايەت مۇنداق دەيدۇ:

وَلَمَّا جَاء أَمْرُنَا نَجَّيْنَا هُودًا وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ بِرَحْمَةٍ مِّنَّا وَنَجَّيْنَاهُم مِّنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ

**"بىزنىڭ (ئازابلاش) بۇيرۇقىمىز كەلگەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق."** (ھۇد، 58)

تەپسىر ئالىملىرى بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

"ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى، ئىلاھىي مەرھەمىتى بىلەن ساقلاپ قالدى. پەقەت بۇ يەردە قۇللارغا بېرىلگەن نېمەت ۋە ئېھسان قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ ئەجرى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئىلاھىي رەھمەت بولۇپ بېرىلگەنلىكى بىلىنىدۇ."

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، شامال چىققان ۋە ئاسماندا قارا بۇلۇت كۆرۈنسە قورققان ھالدا يۈزىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرەتتى، بەزىدە بۇلۇتقا قاراپ تۇراتتى ۋە بەزىدە ئۆيگە كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. يامغۇر ياغسا كۆڭلى راھەت تاپاتتى. بۇلار بىر ئەندىشە ئالامەتلىرى ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

"مەن بىلمەيمەن، بەلكىدە بۇ قارا بۇلۇت ئاد قەۋمىگە كەلگىنىدەك بىر ئازاپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئاسماندا قارا بىر بۇلۇتنى كۆرگەندە يامغۇر ياغدۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلىشقان ئىدى؛ ئەمما ئېچىنىشلىق بىر ئازاپ ئېلىپ كەلدى." (بۇخارى، تەپسىر، 46\2؛ مۇسلىم، ئىستىسقا، 14 - 16)

يەنە ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ:

"قاتتىق شامال چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئى ئاللاھ! سەندىن بۇ شامالنىڭ، بۇ شامالنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە سېنىڭ

ئەۋەتكەن نەرسىلىرىڭنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. بۇ شامالنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە سېنىڭ ئەۋەتكەن نەرسىلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن سەندىن پانا تىلەيمەن." (مۇسلىم، ئىستىسقا، 15)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر زامان مۇشۇنداق سەگەك بولغان ۋە ئۈممىتىگىمۇ بۇ رۇھى ھالەتتە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە ئۇسفان ۋادىسىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە:

"ئى ئەبۇ بەكرى! بۇ قايسى ۋادى؟" دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: "ئۇسفان ۋادىسىدۇر" دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىگە بەلۋاغ، بېلىدىن يۇقىرىسىغا رەڭلىك بىر رەخ بىلەن ئۆرۈنگەن ھالدا، ياش، قىزىل، چۈلۋۇرى خورما سويېپىغىدىن تۇقۇلغان چىشى تۆگىگە مىنگەن ھالدا بۇ يەردىن تەلبىيە ئوقۇپ، ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن. (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 1، 232)

ھۇد قەۋمى ھالاك بولغاندا ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەنلەر بىلەن بىللە مەككىگە كېلىپ، ۋاپات بولغۇچە شۇ يەردە قالغان.

**ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى**

1. ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن شامالنى خالىغان تەرەپكە يۆزلەندۈرەتتى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان قەۋمىگە: "قانداق مۆجىزە خالايسىلەر!" دېگەندە، شامالنى خالىغان تەرەپكە يۆتكەشنى تەلەپ قىلغان. ھۇد ئەلەيھىسسالام شامالنى خالىغان تەرەپكە يۆتكىگەن.

نەقەدەر بۈيۈك بىر ھېكمەتتۇركى، ئاد قەۋمى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مۆجىزىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن نەتىجىدە كۈچلۈك شامال بىلەن ھالاك قىلىندى. بۇ شامال قۇرئان كەرىمدە **"رىھۇ سارسار"** (قاتتىق قارا بۇران) دېيىلگەن.

2. يۈگنى يىپەككە ئالماشتۇراتتى. يەنى پارلاق بىر شەكىلگە كەلتۈرەتتى.

3. قاتتىق يامغۇرلاردا سەپەرگە چىقىلمايتتى. ھۇد ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلاتتى، يوللاردا پاناھلىنىدىغان يەر پەيدا بولاتتى. يامغۇر تۇختىغىچىلىق ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى.

تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە قەۋملىرىگە ئائىت قىسسىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنىشى، ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتى ئۆرنەك بىر يولدۇر. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە بۇ مەنىدىن قارىغاندا كۆپلىگەن ئۆرنەكلىرى ئالدىمىزغا چىقىدۇ.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىغا سەمىمىيەت بىلەن ئېسىلغان تەمكىن بىر شەخسىيەتكە ئىگە بولۇپ، سۆزلىگەندە ئويلاپ سۆزلەيتتى. قەۋمى ئۇنى ئەقىلسىزلىق بىلەن ئەيىپلىگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىلسىز ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچى ئىكەنلىكىنى دېيىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. يامانلىققا يامانلىق بىلەن قارشىلىق بەرمەستىن بەلكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى نېمەتلىرىنى خاتىرلىتىپ، بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. بۇلارنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن بىر ھەق تەلەپ قىلمىغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان.

**ئەلەيھىسسالام!**

N

## ھۇد ئەلەيھسسالام





# سالىھ ئەلەيھسسالام

## ئازغۇنلۇقى تۇپەيلىدىن يەر تەۋرەش بىلەن يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلغان سەمۇد قەۋمىنىڭ پەيغەمبىرى

**سالىھ ئەلەيھىسسالام**

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئون توققۇزىنچى نەۋرىسى ھېسابلىنىدۇ. سالىھ ئەلەيھىسسالام سەمۇد قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەردۇر.

بىر رىۋايەتكە قارىغاندا نۇھ، ھۇد، سالىھ ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەبرىلىرى، مەككىدە زەمزەم قۇدۇقى بىلەن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارىسىدا.

**سەمۇد قەۋمى**

سەمۇد قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى تارىختا مەشھۇر بولغان بىر ۋەقەدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن سۈرىلىرىدە، ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە تۇغمەس ئازغۇنلۇقى بىلەن ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغان بۇ قەۋم ھەققىدە توختىلىدۇ.

بۇ قەۋم نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن سەمۇدنىڭ قەۋمىدۇر. ھەزرىتى ھۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سەمۇدنىڭ نەۋرىلىرى ئەرەبىستاننىڭ شىمالى قىسمىدىكى، شام بىلەن ھىجاز ئارىسىدىكى ھىجر دېگەن جايغا يەرلەشكەن. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئاد قەۋمىنىڭ بۆلگىسىگە يەرلەشكەن. سەمۇدنىڭ نەسلى كۆپىيىپ بىر قەۋم ھالىغا كەلگەن. بۇلارغا "ئاد سانى" (ئىككىنچى ئاد) ئىسمى بېرىلگەن. سەمۇد قەۋمىمۇ، ئاد قەۋمى ئىگە بولغان نېمەتلەرگە ئىگە بولغان. لېكىن ئۇلارمۇ ئاد قەۋمىگە ئوخشاش غەپلەت ۋە ئازغۇنلۇققا چۈشكەن. ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشىنى، ئازغۇنلۇقى سەۋەبىدىن كەلگەن ئىلاھىي ئازاپتىن باشقا بىر سەۋەپكە باغلاپ، غەپلەت بىلەن تولغان راھەت-پاراغەت ئىچىدە:

"ئاد قەۋمى چىدامىلىق ۋە بەرداشلىق بىرەلىگىدەك بىنالار سالمىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولدى. چۈنكى ئۇلار ئۆيىنى قۇم ئۈستىگە سالغان. بىز بەرداشلىق بىرەلەيدىغان قاتتىق تاشلار ئۈستىگە سالدۇق. چىققان بوران-چاپقۇنلاردىن ھېچقانداق زىيان زەخمەت كۆرمەيمىز." دېيىشكەن. ئۆزىگە ساراي ۋە قەسىرلەر بىنا قىلغان. تاشلارنى ئويۇپ ئۇلارغا يېڭى شەكىللەر چىقىرىپ ساراي ۋە

قەسىرلىرىنى ھەر تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن زىننەتلىگەن. تەۋھىد ئېتىقادىنى ئۇنۇتۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزلىرى ياسىغان بۇتلارنى ئىلاھلاشتۇرغان.

قەۋمىنىڭ رەئىسى "جەندا" ئىدى. ئاد قەۋمىنىڭ دۇچار بولغان ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمىغان سەمۇد قەۋمى، ئۆز ئىچىدە مەسلەھەتلىشىپ جەندادىن ئۆزىگە ھېچ بىر قەۋمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر بۇت ياساشنى تەلەپ قىلغان. جەندان بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغان. تاققا چىقىپ ئىنتايىن چوڭ بىر خادا تاشنى قىرقىپ بۇ تاشقا كۆز، كالا مەيدىسى ۋە ئاتنىڭ ئاياقلىرىغا ئوخشاش شەكىللەر بېرىپ ئۇنى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە تۈرلۈك ئۈنچە-مەرۋايىت بىلەن بېزىگەندىن كېيىن ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلغان.

بۇ بۇتنى ياسىغاندىن كېيىن سەمۇدلار بىر بۇتخانا ياسىغان. ۋەدد، جەدد، ھەد، شەمس، مەناپ، مەنات، لات دېگەندەك كۆپلىگەن بۇتلارنى ياساپ ئۇلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغان.

بۇ ۋاقىتتا سالىھ ئەلەيھىسسالام، قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئىدى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز كىچىكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئىنسان ئىدى. قەۋمى ئۇنى راستچىللىقى، ياخشىلىقى ۋە قابىلىيىتى تۈپەيلىدىن ياخشى كۆرەتتى. كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈمىدۋار ئىدى. ھەتتا ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەش نىيىتىمۇ بار ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدى.

**تەبلىغ قىلىشقا باشلىشى**

سالىھ ئەلەيھىسسالام قىرىق يېشىغا كەلگەن ۋاقىتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ئېلىپ كەلدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام تارتىندى. ھەزرىتى جىبرىئىل:

"ئى سالىھ! قەۋمىڭنى تەۋھىدكە دەۋەت قىل" دېدى.

ئارقىسىدىن:

" ئى سالىھ! سەن نۇھ ۋە ھۇد زامانىدا بولمىغان ئەھۋاللارنى كۆرىسەن!" دەپ ئاسمانغا ئۆرلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سالىھ ئەلەيھىسسالام، ئاۋۋال قەۋمىنىڭ رەئىسى بولغان جەندانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. جەندا بۇ دەۋەتكە ئىنساپ بىلەن مۇۋاپىق جاۋاب بېرىپ:

"بۇنى قەۋمىمگە ئېيتاي" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەندا، قەۋمىنى يىغىپ ئۇلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە تەۋھىدىنى بايان قىلدى. قەۋمى:

" ئى جەندا، كېلىپ ئۆزى سۆزلىسۇن!" دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن سالىھ ئەلەيھىسسالام كېلىپ تەبلىغ قىلدى. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى سالىھنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُّجِيبٌ

**"سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر".** (ھۇد، 61)

شۇرا سۈرىسىدە ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ئايەتلەر بار:

كَذَّبَتْ ثَمُودُ الْمُرْسَلِينَ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ صَالِحٌ أَلَا تَتَّقُونَ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ

**"سەمۇد (خەلقى) پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى [141]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ ئېيتتى: "(ئاللاھتىن) قورقمامسىلەر؟ [142]. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن [143]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [144]. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن."** (شۇئەرا، 141-145)

سالىھ ئەلەيھىسسالام دەۋىتىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىشقا باشلىغاندىن كېيىن قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەسى شۇ زامان ئۆزگەردى. قەۋمى ئۇنىڭغا قارشى سەپ تۇتۇشقا باشلىدى.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردە بولغاندەك، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر قوبۇل قىلىپ، كۆپىنچىسى قوبۇل قىلمىدى.

قَالُواْ يَا صَالِحُ قَدْ كُنتَ فِينَا مَرْجُوًّا قَبْلَ هَذَا أَتَنْهَانَا أَن نَّعْبُدَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِي شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَا إِلَيْهِ مُرِيبٍ

**"ئۇلار: "ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز" دېيىشتى."** (ھۇد، 62)

قَالَ يَا قَوْمِ أَرَأَيْتُمْ إِن كُنتُ عَلَى بَيِّنَةً مِّن رَّبِّي وَآتَانِي مِنْهُ رَحْمَةً فَمَن يَنصُرُنِي مِنَ اللّهِ إِنْ عَصَيْتُهُ فَمَا تَزِيدُونَنِي غَيْرَ تَخْسِيرٍ

**"سالىھ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (يەنى پەيغەمبەرلىك) گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھقا قارشىلىق قىلسام، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (مېنى ئۆزۈڭلارغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىش بىلەن) ماڭا پەقەت زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلالمايسىلەر."** (ھۇد، 63)

قَالَ يَا قَوْمِ لِمَ تَسْتَعْجِلُونَ بِالسَّيِّئَةِ قَبْلَ الْحَسَنَةِ لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

**"سالىھ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم، سىلەر نېمىشقا رەھمەتتىن بۇرۇن ئازابنىڭ كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟ سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟"** (نەمل، 46)

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھېكمەت ۋە ھەقىقەت بىلەن تولۇپ تاشقان نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، قەۋمى ئۇنى سېھىرلەنگەن بىر يالغانچى دەپ بەدبەخلىق بىلەن ئەيىپلىدى.

قَالُوا إِنَّمَا أَنتَ مِنَ الْمُسَحَّرِينَ

**"ئۇلار ئېيتتى: "سەن ھەقىقەتەن سېھىر قىلىنغانلاردىنسەن."** (شۇئەرا، 153)

كېيىن ئۆز ئارا مۇنداق دېيىشتى:

فَقَالُوا أَبَشَرًا مِّنَّا وَاحِدًا نَّتَّبِعُهُ إِنَّا إِذًا لَّفِي ضَلَالٍ وَسُعُرٍ

**"ئۇلار ئېيتتى: "ئارىمىزدىكى (بىزگە ئوخشاش) بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ (ئۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن گۇمراھلىقتا ۋە ساراڭلىقتا مۇپتىلا بولىمىز."** (قەمەر، 24)

سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

أَؤُلْقِيَ الذِّكْرُ عَلَيْهِ مِن بَيْنِنَا بَلْ هُوَ كَذَّابٌ أَشِرٌ

**"ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىندىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر."** (قەمەر، 25)

سەمۇد قەۋمىنىڭ بۇ جاھالەت بىلەن توشقان ئەيىپلىشىگە ئاللاھ تائالا تەھدىت بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

سَيَعْلَمُونَ غَدًا مَّنِ الْكَذَّابُ الْأَشِرُ

**"ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ."** (قەمەر، 26)

قَالَ عَمَّا قَلِيلٍ لَّيُصْبِحُنَّ نَادِمِينَ

**"ئاللاھ ئېيتتى: "ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي (كاپىر بولغانلىقلىرىغا) نادامەت چېكىدۇ"** (مۆئمىنۇن، 40)

سالىھ ئەلەيھىسسالام سەبىرچان بولۇپ، ھەر زامان ئۈمىدۋار ئىدى. نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرىگەن قەۋمىنى بۇتلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

أَتُتْرَكُونَ فِي مَا هَاهُنَا آمِنِينَ  فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ  وَزُرُوعٍ وَنَخْلٍ طَلْعُهَا هَضِيمٌ وَتَنْحِتُونَ مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا فَارِهِينَ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ  وَلَا تُطِيعُوا أَمْرَ الْمُسْرِفِينَ الَّذِينَ يُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ

**"سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز (دەپ ئويلامسىلەر) [146-148]. خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر [149]. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [150]. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار."** (شۇئەرا، 146 - 152)

سەمۇد قەۋمى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى تۇساپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىشتىن ۋاز كېچىپ سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى يولدىن چىقىرىشقا كىرىشتى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى يالغۇز قويۇشنى ئويلاپ، مۆمىنلەرگە:

أَتَعْلَمُونَ أَنَّ صَالِحًا مُّرْسَلٌ مِّن رَّبِّهِ

**..."سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟"...** (ئەئراف، 75) دېدى.

ئۇ ھەقىقى ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىغان ئىنسانلار بولسا:

إِنَّا بِمَا أُرْسِلَ بِهِ مُؤْمِنُونَ

**..."بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز"** (ئەئراف، 75) دېدى.

ھېچ بىر شەككە يەر قويمىغان بۇ ھەقىقى ئىمان ئالدىدا سەمۇد قەۋمىنىڭ ئىنكارچىلىرى ھەيران قالدى.

إِنَّا بِالَّذِيَ آمَنتُمْ بِهِ كَافِرُونَ

**..."سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز" دېدى.** (ئەئراف، 76) دەپ ئازغۇنلۇق پاتقىقىدىن چىقماسلىق ئۈچۈن چىڭ تۇردى. بۇ ئىنكارچىلار

سالىھ ئەلەيھىسسالامنى بۇزغۇنچىلىق بىلەن تۆھمەت چاپلاپ خەلقنى ئىنكار قىلىشقا زورلىدى.

ئىمان ئېيتىشقا ھېچ يېقىن كەلمىگەن سەمۇد قەۋمى، سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ئەقلىچە بەزى سەۋەبلەر ئىلگىرى سۈردى:

"سېنىڭ نىيىتىڭ بىزنىڭ ماللىرىمىزغا ئىگە بولۇپ، ماللىرىمىزنى قولىمىزدىن ئېلىش ۋە بىزگە باشلىق بولۇشتىن ئىبارەت!" دېدى.

كەينىدىن مەنتىق يۈرگۈزۈپ:

"بىزنىڭ بۇتلىرىمىز بار. بىز ئەمدى كۆرۈنگەنلەرنى تاشلاپ، كۆرۈنمىگەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلامدۇق؟!" دېيىشتى. ئاندىن سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

"كۆرۈلمىگەن ئاللاھ سېنى قانداق پەيغەمبەر قىلغاندۇ؟!"

"ئەگەر سۆزۈڭ توغرا بولسا بىزگە ھېچكىم قىلالمايدىغان بىر ئىش قىل!"

مَا أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا فَأْتِ بِآيَةٍ إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ

**"سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانسەن، ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باققىن"** (شۇئەرا، 154)

**تۆگە مۆجىزىسى**

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ جاھالەت ۋە غەپلىتى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولدى. بىر مۇددەت ئۇلارنى تەرك ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلدى. قايتىشىدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەۋمىگە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھەيۋىتىنى كۆرسەتتى. قەۋمى ئۇنىڭ بۇ ھەيۋىتىدىن قورقتى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ رەئىسىنىڭ يېنىغا باردى. جەندا:

"راس سۆزلىگەن بولسا سەندىن ئىمتىھان ئالىمىز!" دېدى. "ئەل-كاتىبە" دەپ تونۇلغان بىر خادا تاش بار ئىدى. جەندا بۇ تاشنى مەخسەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

"سەن بىلەن بىللە ئۇ يەرگە بارىمىز. سېنىڭ ئىلاھىڭ ئۇ خادا تاشتىن تۇغۇش ئالدىدا بولغان بىر قىزىل چىش تۆگە چىقارسۇن! بالىسىنىڭ رەڭگىمۇ ئانىسىنىڭكىگە ئوخشاش بولسۇن!"

قەۋمىمۇ ئىزاھلىغان ھالدا:

"سۈتى يازدا ئىلمان، قىشتا ئىسسىق بولسۇن! بۇ سۈتتىن ئىچكەن ھەر كېسەل شىپا تاپسۇن، يوقسۇل بىرسى ئىچسە يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلسۇن!" دېدى.

ئۇ دەۋىردە بۇ قەۋم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە قىزىل رەڭلىك تۆگە ئىدى. بۇ سەۋەپتىن سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى خادا تاشتىن قىزىل رەڭلىك بىر تۆگە چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

پۈتۈن سەمۇد قەۋمى يىغىلدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلدى.

خادا تاش چوڭقىيىشقا باشلىدى. سانجىق ئاۋازلار چىقتى ۋە ئىچىدە قىزىل رەڭلىك بىر تۆگە:

**"ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر!"** دېدى.

جەندا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پىشانىسىدىن سۆيدى. يۈز كىشى بىلەن بىللە تەۋھىد ئەقىدىسىگە كىردى. قەۋمىگە مۇنداق خىتاپ قىلدى:

"ئى قەۋمىم! بۇ قارغۇلۇق يېتەر! مەن ئۆزىدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد بولمىغان، تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى بولمىغان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى سالىھقا ئىمان ئېيتتىم!"

بۇتخانىنىڭ رەئىسى:

"سېھرى بىر نەرسىگە نېمىشقا مۇنداق تېز مايىل بولۇپ كېتىسلەر! مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ چوڭىنى كۆرستىمەن!" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن جەندانىڭ قېرىندىشى ۋە يېڭى ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىكى مايىللىقنى ئۆزگەرتىۋەتتى. جەندانىڭ تاجىنى ئېلىپ قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ:

"بۇنىڭدىن كېيىنكى رەئىسىمىز سەن بولىسەن!" دېدى.

جەندا ئۆيىگە قايتتى ۋە ئۇ يەردىكى پۈتۈن بۇتلارنى چېقىپ تاشلىدى. ئۆزىگە ئائىت بولغان ماللىرىنى تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان مۆمىنلەرگە تەخسىم قىلىپ بەردى. كونا ۋە پۈرلىشىپ كەتكەن بىر كىيىم كەيدى. ئۇمۇ تەۋھىدنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ باش ياردەمچىلىرىدىن بىرسى بولدى.

ئىمانسىز بۇتپەرەسلەر جەنداغا:

" ئىست ساڭا! سەنمۇ سالىھنىڭ سېھرىگە ئالداندىڭ!" دېيىشتى. جەندا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋا قىلماي، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

إِنَّا مُرْسِلُو النَّاقَةِ فِتْنَةً لَّهُمْ فَارْتَقِبْهُمْ وَاصْطَبِرْ

**"بىز ھەقىقەتەن سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز، (ئى سالىھ) ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ نېمە قىلارىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەبىر قىلغىن."** (قەمەر، 27)

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن تۆگىسى ئۈچۈن بىر قائىدە قويدى:

وَيَا قَوْمِ هَذِهِ نَاقَةُ اللّهِ لَكُمْ آيَةً فَذَرُوهَا تَأْكُلْ فِي أَرْضِ اللّهِ
وَلاَ تَمَسُّوهَا بِسُوءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابٌ قَرِيبٌ

**"ئى قەۋمىم! بۇ ئاللاھ (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارى ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ."** (ھۇد، 64)

قَالَ هَذِهِ نَاقَةٌ لَّهَا شِرْبٌ وَلَكُمْ شِرْبُ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ
وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابُ يَوْمٍ عَظِيمٍ

**"سالىھ ئېيتتى: "بۇ چىشى تۆگە (سۈيۈڭلاردىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر [155]. ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا سىلەر بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇسىلەر."** (شۇئەرا، 155 - 156)

تۆگە بالىسى بىلەن بىللە ئوتلاپ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتاتتى. باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ قاچاتتى. تۆگە ھال تىلى بىلەن:

"كىم سۈت خالىسا كېلىپ ئالسۇن" دەيتتى. سەمۇدلارمۇ كېلىپ قاچىلىرىنى تولدۇرۇپ كېتەتتى. تۆگە سۇ ئىچكەندە تەسبىھكە داۋام قىلاتتى. سۈتىنى ئىچكەن مۆمىنلەر شىپا تاپاتتى.

### تۈزكورلۇق

بۇ ئۇلۇغ مۆجىزە ئالدىدا ئاجىزلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىمانسىزلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى، لېكىن بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىلاھىي بىر ئازاپنىڭ كېلىشىدىن قورقتى. شۇنداقتىمۇ سەمۇد قەۋمىدە ئىككى ئايال

چارۋىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۈچۈن ئىمانسىزلارنى قىشقىرتتى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى بولسا ئۇنەيزە بىنتى غەنەم ئىسىملىك قېرى بىر ئايال بولۇپ ئۇنىڭ گۈزەل قىزلىرى بار ئىدى. ئىككىنچىسى بولسا مۇيەييا ئىسىملىك باي ۋە گۈزەل بىر ئايال ئىدى. بۇ ئىككى ئايال كاپىرلەردىن بۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ چارۋىلىرى بار بولۇپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى سۇ ئىچكەندە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى سۇ ئىچەلمەيتتى. ھايۋانلىرىنىڭ سۇ ئىچىشى تەرتىپ بىلەن ئىدى. بىر كۈن تۆگە ۋە بالىسى، بىر كۈن باشقا ھايۋانلار ئىچەتتى.

مۇھەييە تاغىسىنىڭ ئوغلى مىستانى چاقىرىپ:

"بۇ تۆگىنى ئۆلتۈرسەڭ، سەن بىلەن توي قىلىمەن! ھەر نەرسەم سېنىڭ بولسۇن!" دېدى.

مىستا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۆزىگە بىر ياردەمچى لازىم ئىدى. قىتار ئىسىملىك بىر بۇتپەرەسنى تاپتى. ئۇنىڭغا ئۇنەيزەنىڭ قىزلىرى تەكلىپ قىلىندى. ئۇمۇ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ بۇ قەبىھ ئىشنى قىلىشقا رازى بولدى.

بۇ ئىككى كىشى بىر قانچىلىغان بەدبەخ كىشلەرنى يېنىغا ئېلىپ توققۇز كىشى بولدى. تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۈچۈن ئىمانسىز بۇتپەرەسلەر ئارىسىدا پىتنە تارقىتىپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَكَانَ فِي الْمَدِينَةِ تِسْعَةُ رَهْطٍ يُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ

**"شەھەردە (يەنى ھىجرىدە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى."** (نەمل، 48)

بۇ توققۇز كىشى يۇشۇرنۇپ ياتتى. مىستا ئوق ئېتىپ تۆگىنى يارىلاندۇردى. قىتار ۋە يېنىدىكىلەر تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلدى:

فَعَقَرُواْ النَّاقَةَ وَعَتَوْاْ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ

**"ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتتى."** (ئەئراف، 77)

تۆگىنىڭ بالىسى قورقۇپ تاققا قاچتى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ئۇنىمۇ بوغوزلاپ گۆشىنى يېدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن

قايغۇردى. تۆگىنىڭ يېنىغا بېرىپ يىغلىدى. قەۋمىنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا قەۋمى بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاپ قىلدى:

وَقَالُواْ يَا صَالِحُ ائْتِنَا بِمَا تَعِدُنَا إِن كُنتَ مِنَ الْمُرْسَلِينَ

**"...ۋە ئى سالىھ: "راستتىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق" دېدى."** (ئەئراف، 77)

فَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَا قَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالَةَ رَبِّي

وَنَصَحْتُ لَكُمْ وَلَكِن لاَّ تُحِبُّونَ النَّاصِحِينَ

**"ئۇ (ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن) ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلدى ۋە: "ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار" دېدى."** (ئەئراف، 79)

قَالُوا اطَّيَّرْنَا بِكَ وَبِمَن مَّعَكَ قَالَ طَائِرُكُمْ عِندَ اللَّهِ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تُفْتَنُونَ

**"ئۇلار ئېيتتى: "(بىزگە كەلگەن قەھەتچىلىك) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى". سالىھ ئېيتتى: "سىلەرگە كېلىدىغان ياخشى، يامانلىق ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ، بەلكى سىلەرنى ئاللاھ سىنايدۇ"."** (نەمل، 47)

سالىھ ئەلەيھىسسالام، "پەقەت سىلەر نەسىھەت قىلغانلارنى ياخشى كۆرمەيسىلەر!" دېيىش ئارقىلىق قەۋمىگە كايىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بەدىردە ئۆلتۈرۈلۈپ قۇدۇقلارغا كۆمۈلگەن قۇرەيشكە ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئى قالىپ (قۇدۇق) ئەھلى! رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ شەك ـ شۈبھىسىز مەن رەببىمنىڭ ماڭا ۋەدە قىلغىنىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆردۈم."

يەنە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

"پەيغەمبىرىڭلارغا بولغان مۇئامىلەڭلار نىمدېگەن يامان. بىر قىسىم كىشىلەر مېنى تەستىق قىلغان بولسا سىلەر مېنى ئىنكار قىلدىڭلار. بىر قىسىم ئىنسانلار مېنى باغرىغا باستى، ئەمما سىلەر مېنى يۇرتۇمدىن قوغلاپ چىقاردىڭلار. بىر قىسىم

ئىنسانلار ماڭا ياردەم قىلسا، سىلەر مەن بىلەن ئۇرۇشتۇڭلار. پەيغەمبىرىڭلارغا بولغان مۇئامىلەڭلار نىمىدېگەن يامان!"

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىز سېسىپ كەتكەن سۆڭەكلەرگە سۆزلەۋاتامسەن!" دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"نەپسىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارغا دېگەن سۆزۈمنى ئۇلار سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ، پەقەت جاۋاب بەرگىدەك ئەھۋالدا ئەمەس" دەپ جاۋاب بەرگەن. (مۇسلىم، جىنازە، 26\932؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 111، 104)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجر دېگەن يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مۇنداق دېگەن:

"مۆجىزە تەلەپ قىلماڭلار. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلىرىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلدى. تەلەپلىرى ئورۇندالدى. (تاشتىن تۆگە چىقتى.) تۆگە شۇ يولدىن سۇغا كېلەتتى، شۇ يولدىن قايتاتتى. ئۇلار رەببىنىڭ ئەمرىگە قارشى ئازغۇنلۇق بىلەن تۆگىنى بوغۇزلىدى. تۆگە بىر كۈن ئۇلارنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى، ئۇلارمۇ بىر كۈن تۆگىنىڭ سۈتىنى ئىچەتتى. ئەمما ئۇلار ئۇ تۆگىنى بوغۇزلىدى ۋە نەتىجىدە قاتتىق ئاۋاز كەلدى. ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلدى. پەقەت مەسجىدى ھەرەمدە بولغان بىر كىشى قۇتۇلۇپ قالدى."

ساھابىلەر:

"ئۇ ئۆلمىگەن كىشى كىم، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى؟" دەپ سورىدى:

" ئۇ ئەبۇ رىغال ئىدى. ھەرەمدىن چىققان زامان قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى." دېدى. (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 111، 296؛ ۋاقىدىق، مەغازى، 111، 1007 - 1008)

**ئازغۇن قەۋمنىڭ قورقۇنچ ئاۋاز ۋە قاتتىق يە تەۋرەش بىلەن ھالاك بولۇشى**

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىر نەتىجە بەرمىدى. بۇ ئاسى قەۋم پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىلاھىي ئازابقا لايىق بولدى. ئۇلارغا ئىلاھىي ئازاپ كېلىشتىن بۇرۇن ئاخىرىدا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىلدى:

فَقَالَ تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمْ ثَلاَثَةَ أَيَّامٍ ذَلِكَ وَعْدٌ غَيْرُ مَكْذُوبٍ

**"...سالىھ ئېيتتى: "ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس."** (ھۇد، 65)

رىۋايەتتە دېيىلىشىچە بۇ ئۈچ كۈن، چارشەنبە، پەرشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى ئىدى. بىرىنچى كۈنى يۈزلىرى ساپ ـ سېرىق؛ ئىككىنچى كۈنى قىپ ـ قىزىل؛ ئۈچىنچى كۈنى قاپ ـ قارا؛ تۆتىنچى كۈنى بولسا ھالاك بولاتتى. ئۇ كېچىنىڭ ئەتىگىنىدە ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەردى. تۆگىنىڭ دەسسىگەن يەرلىرىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى. يۇپۇرماقلار قىزاردى، قۇدۇق سۇلىرى قانغا بويۇلۇپ، بەدبەخ قەۋمىنىڭ يۈزلىرى ساپ ـ سېرىق بولدى. تۆگىنى ئۆلتۈرگەن توققۇز كىشى:

"سالىھ بىزگە سېھىر قىلىۋاتىدۇ! ئۇنى ۋە ئائىلىسىنى ئۆلتۈرەيلى!" دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالُوا تَقَاسَمُوا بِاللَّهِ لَنُبَيِّتَنَّهُ وَأَهْلَهُ ثُمَّ لَنَقُولَنَّ لِوَلِيِّهِ

مَا شَهِدْنَا مَهْلِكَ أَهْلِهِ وَإِنَّا لَصَادِقُونَ

**ئۇلار: "ئۆز ئارا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىڭلار" دېدى. ئۇلار ئېيتتى: "بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن چوقۇم ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنىڭ) ئىگىسىگە، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۇستىدە ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز، دەيلى"** (نەمل، 49)

سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھىلە ـ مىكرى خەۋەر قىلىندى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى ۋە مۆمىنلەرنى يېنىغا ئېلىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھىجرەت ۋەقەسى مەيدانغا كەلدى.

بۇ توققۇز نەپەر ئازغۇن پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كېچىسى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۆيىگە بارغاندا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. بۇ ۋاقىتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنى تاشلار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَكَرُوا مَكْرًا وَمَكَرْنَا مَكْرًا وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ

**"ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق."** (نەمل، 50)

فَأَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دَارِهِمْ جَاثِمِينَ

**"ئۇلارغا قاتتىق ئازاب يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى."** (ئەئراف، 78)

سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ بىرسىمۇ ساق قالماي، شەھەر خارابىلىققا ئايلاندى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار (تەخمىنەن تۆت مىڭ كىشى) ئۇ شەھەرنى تەركەتتى. ئايەتتە بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا جَاء أَمْرُنَا نَجَّيْنَا صَالِحًا وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ بِرَحْمَةٍ مِّنَّا
وَمِنْ خِزْيِ يَوْمِئِذٍ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ الْقَوِيُّ الْعَزِيزُ

**"بىزنىڭ (ئازاب قىلىش) ئەمرىمىز كەلگەندە، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن شۇ كۈننىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر."** (ھۇد، 66)

وَأَنجَيْنَا الَّذِينَ آمَنُوا وَكَانُوا يَتَّقُونَ

**"(سالىھ بىلەن) ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارنى (ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق."** (نەمل، 53)

مۆمىنلەر شەھەرنى تەرك ئەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى كۈنى ئىنكارچىلارنىڭ يۈزلىرى قىپ ـ قىزىل بولدى. ئۈچۈنچى كۈنى بولسا قاپ ـ قارىغا ئايلىنىپ، ئازاپ قايسى تەرەپتىن كېلە دەپ ئەندىشە قىلىشىپ ئەتراپىغا قاراشقان. ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ماختانغان ۋە مەھكەم، پۇختا سالغان بىنالىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋېتىشكە بۇيرىدى. زالىم قەۋمنىڭ يۇرت ماكانلىرى يەر بىلەن يەكسەن بولدى. ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

فَتِلْكَ بُيُوتُهُمْ خَاوِيَةً بِمَا ظَلَمُوا إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِّقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

**"ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (ئادەمزاتتىن) خالى بولۇپ قالدى. ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا (چوڭ) ئىبرەت بار."** (نەمل، 52)

سەمۇد قەۋمىگە شۇنداق بىر ئاۋاز كەلگەنكى، پەخىردىن رازىنىڭ دېيىشچە بۇ ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەممىسىنىڭ ئۆتلىرى يېرىلىپ، ھالاك بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَأَخَذَتْهُمُ الصَّيْحَةُ بِالْحَقِّ فَجَعَلْنَاهُمْ غُثَاء فَبُعْدًا لِّلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

**ئۇلار ھەقلىق رەۋىشتە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى. ئۇلارنى بىز لۆجە قىلىۋەتتۇق، زالىم قەۋم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن.** (مۆئمىنۇن، 41)

وَأَخَذَ الَّذِينَ ظَلَمُواْ الصَّيْحَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دِيَارِهِمْ جَاثِمِينَ

**"زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى"** (ھۇد، 67)

سەمۇد قەۋمى مال ـ دۇنياسى ۋە مەھكەم سالغان بىنالىرىغا ئىشىنىپ قۇتىلىدىغانلىقىنى خام ـ خىيال قىلىشقان ئىدى. لېكىن ئىلاھىي ئازاپ ئالدىدا بۇ خام خىيالى ھېچ پايدا بەرمىدى.

فَأَخَذَتْهُمُ الصَّيْحَةُ مُصْبِحِينَ  فَمَا أَغْنَى عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَكْسِبُونَ

**"لېكىن قاتتىق چۇقان سەھەردىلا ئۇلارنى ھالاك قىلدى [83]. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگەكلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى (يەنى ئۇلارنىڭ سالغان بىنالىرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى)."** (ھىجر، 83 - 84)

سەمۇد قەۋمى ئۆزىدىن بۇرۇنقى، ھالاك بولغان قەۋملەردىن ئىبرەت ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن كېيىنكى قەۋملەرگە ئىبرەت بولدى.

فَأَخَذَهُمُ الْعَذَابُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ

وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ

**ئۇلارغا ئازاب چۈشتى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى [158]. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.** (شۇئەرا، 158 - 159)

تەپسىرلەردە دېيىلىشىچە بىر قىسىم قەۋملەر قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىنغان. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇد، بۇلاردىن بىرىدۇر. شۇنىڭدەك ئاستىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز بىلەن ئىلاھىي غەزەپكە دۇچار بولغان. يەنە بىر قەۋم بولسا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدۇر. بۇلار يۇقىرىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى. باشقا بىر قەۋم بولسا ياسىن سۈرىسىدە بايان قىلىنغان، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتمىغان ئەسھابۇ قەرييەدۇر.

قۇرئان كەرىمدە قىيامەتنىڭ بىر ئاۋاز بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇشى قىيامەتتىن بىر مەنزىرىنى ئەسلىتىدۇ.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھالاكىتىدىن كېيىن، ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارغا مۇنداق دېدى:

"ئى قەۋمىم شەك شۈبھىسىزكى، بۇيەر خەلقىگە ئاللاھتىن ئازاپ كەلگەن يەردۇر. بۇ يەردىن دەرھال كۆچۈپ كېتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ھەرىمىگە بېرىپ ئامانلىققا ئېرىشىڭلار."

شۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي ئازاپتىن قۇتۇلغان مۆمىنلەر ئىھراملىرىنى كىيىپ، مال-چارۋىلىرىنى ئېلىپ، يول بويى تەكبىر ئېيتىپ، مەككىگە يېتىپ كەلدى.

مۆمىنلەر بىر مۇددەتتىن كېيىن، ئۇ خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن شەھەرگە كەلدى. ئازغۇنلۇق ۋە ئىنكارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن كۆپ شۈكۈر قىلىشتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەر بىلەن بىللە تەكرار ھىجرەت قىلغان شەھەرگە قايتىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئۇ يەردە قالدى.

**سەمۇد قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرى**

1. كۆپۈردا چىڭ تۇرۇپ، پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلغان.
2. ۋە ھاكاۋۇرلىقىدىن ئازغۇن نەپسىگە ئەگەشكەن.
3. شەخسى قارىشىنى دىنىي قاراشتىن ئۈستۈن تۇتۇپ، پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق بەرمىگەن.

4. نەسىھەت ئاڭلىمىغان.

5. تۆگىنى ئۆلتۈرگەن توققۇز كىشى بىلەن بىللە بولغان.

6. پىتنە-پاساتچى ئاياللارنىڭ سۆزلىرىگە ئەگەشكەن. قىتار ۋە مىستا بىلەن بىرلىكتە ئۇنەيزە ۋە مۇھەييەنىڭ ئەمرى ئاستىغا كىرگەن، پاساتچى ئاياللارغا بولغان بۇ چۈشكۈنلىكى ئۇلارنى زالالەتكە ئېلىپ بارغان.

7. ياخشى كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان. سالىھ ئەلەيھىسسالامغا:

"سەن پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن بېشىمىزغا مۇنداق ئاپەتلەر كەلمىگەن ئىدى!" دېگەن.

8. مال-دۇنياغا ئالدىنىپ كەتكەن.

9. ئەھدىنى بۇزغان. چۈنكى تۆگە مۆجىزىسىنى تەلەپ قىلىپ ئىمان ئېيتىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن.

10. ئامانەتكە خىيانەت قىلغان. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ بىر ئامانىتى بولغان تۆگىنى ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا ئۆلتۈرگەن.

11. گۇناھكار كىشىلەرنىڭ يامان ئىشلىرىغا رازى بولغان. تۆگىنى توققۇز كىشى ئۆلتۈرگەن، باشقىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقان.

12. تۆگە ھېچكىمنىڭ ئىلكىدە بولماستىن ۋەقىپ مېلىغا ئوخشاش ئىدى. سۈتى بىر سەبىلگە ئوخشايتتى. ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئىدى. لېكىن ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئىشلىگەن.

13. توققۇز كىشىنىڭ پىتنە-پاساتلىرى ئىنتايىن كۆپىيىپ، باشقىلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان.

N

## قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇشى

ئەپسۇسكى، بۇ ئىمتىھان دۇنياسىدا ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭقۇر غەپلەت ئۇيقىسىدا. لېكىن بۇ جاھالەت ۋە غەپلەت ئۇيقىسى، ئۇلارنى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن بىر ئالدىنىش ماكانى بولىدۇ.

ئىجابى ۋە سەلبى مېڭىلغان ھەر يولنىڭ قەبرىگە ئېلىپ بارىدىغان ھەل بېرىلگەن بۇ دۇنيادا ئىمانسىزلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرى: ئويلانماسلىق، جاھىللىق، غاپىللىق، شەھۋەتپەرەسلىك، دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىش، غاپىللارنى تەقلىد قىلىش، ماددىچىلىق زېھنىيتى، ئەخلاقسىزلىق ۋە نەتىجىدە قەلبىنى نەپسكە پىدا قىلىشتۇر.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىمان ۋە ئەخلاق يولىدىن چىقىپ كەتكەن ئازغۇنلارنىڭ بېشىغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئىلاھى ئازاپلارغا شاھىد بولدى. نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ھاكاۋۇر ئىنسانلىرى پەيغەمبەرلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەگرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە بىر چاڭگال سۇدا ھالاك بولغان پىرئەۋن، بىر پاشىغا مەغلۇپ بولغان نەمرۇت، ھايۋاندىنمۇ پەسكەش ھالدا ياشىغان ئەخلاقسىز لۇت قەۋمى ۋە باشقىلار، ھالاك بولغان ھالدا بۇ دۇنيادىن كەتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَلَمْ يَأْتِهِمْ نَبَأُ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَقَوْمِ إِبْرَاهِيمَ وِأَصْحَابِ مَدْيَنَ وَالْمُؤْتَفِكَاتِ أَتَتْهُمْ رُسُلُهُم بِالْبَيِّنَاتِ فَمَا كَانَ اللّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَكِن كَانُواْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ

**"ئۇلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ، نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، كۆمتۈرۈۋېتىلگەن قىشلاقلارنىڭ (يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى قىشلاقلىرىنىڭ) خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلدى (بۇ مۆجىزىلەرنى ئۇلار ئىنكار قىلدى). ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق، لېكىن ئۇلار (كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى."** (تەۋبە، 70)

كۇپرى، ئىسيان، زۇلۇم، ھەقسىزلىق ئىلاھى ئىنتىقامنىڭ دەھشەتلىك ئۆرنەكلىرى بىلەن تولۇپ، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا قارشى چىققانلارنىڭ، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئازابىغا قالىدىغانلىقى ئۆزگەرمەس ئىلاھىي قانۇندۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى، نەپسانى ئارزۇلىرى ئېلىپ كەلگەن يارىلارغا شىپا بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتى. لېكىن ئىنسانلار دۇنيا نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ پەيغەمبەرلەرنىڭ نۇرلۇق يولىدىن يىراقلىشىپ، خانى-ۋەيران بولغان ھالدا ئەبەدى بەدبەختلىككە ئۇچراپ، ھالاك بولدى.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هَلْ تُحِسُّ مِنْهُم مِّنْ أَحَدٍ أَوْ تَسْمَعُ لَهُمْ رِكْزًا

**"ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)"** (مەريەم، 98)

بۇ ئايەت ئىنسانلارنى يەر يۈزىنى كېزىپ ساياھەت قىلىشقا بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىدە قۇدۇق كولاپ سۇ چىقارغان، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئىگىز ئىمارەتلەر بەرپا قىلىپ شەھەرلەر قۇرۇپ چىققان، كېيىن ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلگەندە ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان، ئاد، سەمۇدقا ئوخشاش قەۋملەردىن ئىبرەت ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئىنساندا ئاچلىق تۇيغۇسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بەدەنگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرگە ئېھتىياجىنىڭ بولغانلىقىدۇر. قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنى ئىزدىشى بولسا روھنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر. نەمرۇتنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا ئاتقان ۋاقتىدا، ئوتنىڭ ئۇنى كۆيدۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ؛ "ئۆزەمنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىمدىن ۋاز كەچمەيمەن، لېكىن سېنىڭ تەڭرىڭگە تۆت مىڭ كالا سويۇپ قۇربانلىق قىلىمەن!" دېگەنلىكى ۋە پىرئەۋننىڭ سۇدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ "بەنى ئىسرائىل ئىشەنگەن ئاللاھقا مەنمۇ ئىشىنىمەن!" دېيىشىنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوق. قىيىنچىلىقتا قالغان غاپىللار ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتلەردە تەسەللىسىز، ھىمايىسىز

قالغان ۋاقىتلاردا، ئەس-ھۇشىنى تېپىپ، ئىچكى دۇنياسىغا قايتىشى ئىنسان تەبىئىتىدىكى دىنى تەقەززادىن ئىبارەت.

ئۆمرىنى كۇپۇر ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە قىلغان پۇشايمانلىقى نىمىدېگەن ئېچىنىشلىق! ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ: " بۇنىڭدىن بۇرۇن قەيەردە ئىدىڭ؟" دېيىشى، ئېچىنىشلىق ئازاپنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدۇر.

ئۆلۈم دۇنياغا ئائىت بولغان پۈتۈن لەززەتلەرنىڭ يوق بولۇشى، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن پانى ھاياتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سەۋەپتىن سالىھ ۋە ئارىپ ئىنسانلار ھەر نەپەسنى ، ئۆمۈر بويى تەسبىھ ھالىغا كەلتۈرۈپ ھەقىقەتكە يېقىنلىشىدۇ. بەدىنىنى ئۆلۈم تەربىيىسى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ پانىلىكتىن سىرىلىپ چىقىدۇ. باشقىلار ھەر خىل يەرلەردە، ھەر خىل ئۇيقىدا ئىكەن ئۇلار ئايرىم بىر تەجەللىدە بولىدۇ.

ئەگەر ئۆلۈمدىن قېچىش ۋە قورقۇش كېرەك بولسا، كېچە يېقىنلاشقانسىرى قورققانلىقىمىزدىن تىترىگەن بولاتتۇق. ھالبۇكى كېچىنىڭ سىرلىرىغا غەرق بولغىنىمىزدا ئىچىمىزدىن قورقۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى سەھەرنىڭ كېلىشى، بىر يارىتىلىش قائىدە نىزامىدۇر. ئۇ ھالدا ئۆلۈمنىڭ قوينىدىن بىر ھەقىقەت سەھىرىگە يېتىشىمىزمۇ تەبىئى كۆرىلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ

**"ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار."** (فاتىر، 5)

ئاخىرەتنى تاشلاپ بۇ دۇنيانىڭ بەختـ-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيا زىننەتلىرىگە ئالدىنىپ بۇ پانى لەززەتلەر ئىچىدە ھېرىپـ-چارچىغانلارنىڭ ئەھۋالى نىمە دېگەن ئېچىنىشلىق! ئىسلامىيەت بۇ دۇنياغا ھېكمەت كۆزى بىلەن قاراشقا بۇيرۇپ، توغرا بىر ھايات كەچۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ

فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ

**"ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ [115]. ھەق ـ پادىشاھ ئاللاھ ئۇستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. "** (مۆئمىنۇن، 115 - 116)

أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ

وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ

أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ أَن يَسْبِقُونَا سَاء مَا يَحْكُمُونَ

**"ئىنسانلار "ئىمان ئېيتتۇق" دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ [2]. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ [3]. يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن** (يەنى ئازابىمىزدىن) **قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!"** (ئەنكەبۇت، 2 - 4)

ئىسلام ئىنسانىنىڭ بۇشۇكتىن قەبرىغىچىلىق بولغان ھاياتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇنى ئاخىرەت ئالەمىنىڭ سىرلىرىغا ۋە غەيبى ھەقىقەتلىرىگە تەييارلايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇشۇك بىلەن قەبىر ئارىسىدىكى مۇناسىۋىتىنىڭ تېگى ـ تەگتىگە يەتمەي تۇرۇپ، كائىناتتىكى ئورنىنى ۋە ۋەزىپىسىنى تەيىن قىلمىغان ھالدا كېتىدىغان مازار يولىنىڭ ھېكمىتىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي، غايىسىز ھايات كەچۈرىشى قاتتىق ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ؟! بۇ ئەھۋال كەينىدە ئېچىنىشلىق بىر خاتىرە يېغىپ، ئۆزى ئۆلۈمنىڭ گىرداۋىدا يۇقاپ كېتىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانىي كۈچى تۈگىگەندە ئۇلارغا ئىلاھىي نۇسرەت يېتىشىپ، ئىنكارچىلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ قەھرى ۋە ئىنتىقامى ئەمەلگە ئاشىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ 950 يىللىق سەبىردىن كېيىن تاقىتى تۈگىدى ۋە ئايىتى كەرىمە دېگەندەك:

فَدَعَا رَبَّهُ أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانتَصِرْ

**"ئۇ پەرۋەردىگارىغا: "ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن" دەپ دۇئا قىلدى."** (قەمەر، 10)

ھاياتتا ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ۋە ئىلاھىي تەھدىت بولغان ۋەقەلەر تۇپان، بۇران-چاپقۇن، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، چاقماق چېقىش، گۈلدۈر-مامىلىق ئازاپ بولۇتلىرى، دۈشمەن ئىشغالى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرگە ئوخشاش ئىلاھىي تەجەللىلەردۇر. "تەبىئەت ھادىسلىرى" دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ياخشى ئەمەس بولۇپ، كۆپلىگەن ھېكمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ئىنسانلارنىڭ ئىسيان ۋە گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا زالىم ئەمەستۇر. لېكىن بۇ ئاپەتلەر قۇللارنىڭ ئۇنىڭغا لايىق بولۇشى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. ئىلاھىي نىزام ۋە مۇقەددەس ئاساسلارغا قارشى چىققانلارنىڭ ئىلاھىي ئىنتىقامغا قالىدىغانلىقى ئوچۇق ھەقىقەتتۇر.

دەرەختىن چۈشكەن بىر يوپۇرماقمۇ ئىلاھىي تەقدىر بىلەن چۈشىدىغانلىقى قۇرئاندا بايان قىلىنىدۇ. ئەكسى تەقدىردە كائىناتتا ماددى بىر قالايمىقانچىلىق مەيدانغا كېلەتتى. پۈتۈن ماددى ھادىسەلەرنىڭ ئىچىدە مىڭلىغان مەخپى سىرلار بار. بۇ سىرلار پەيغەمبەرلەر ۋە قەلب ئەھلى ئىنسانلارغا ئاياندۇر.

قۇرئان كەرىمدە قەۋملەرنىڭ ھالاكى، بۇنىڭ سەۋەپ، ھېكمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا زۇلۇم قىلىشتىن مۇنەززەھتۇر ۋە قۇللىرىغا ھېچ زۇلۇم قىلمايدۇ. زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق ئىنسانغا ئائىت بىر سۈپەتتۇر. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ اللّهَ لاَ يَظْلِمُ النَّاسَ شَيْئًا وَلَكِنَّ النَّاسَ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ"** (يۇنۇس، 44)

چەكسىز مەرھەمەت، ھەلىم ۋە سەبىر ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز، ئىنسانلارنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئاشقاندا ئۇلارنى قاتتىق تۇتۇپ خەلق ئالەمگە ئىبرەت قىلىدۇ:

إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ

**"ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر"** (ھۇد، 102)

شۇنداق قاتتىق ھالاك قىلىدۇكى، بۇ ئازاپقا دۇچار بولغانلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئىسلاھ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ ھەقىقەت قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَحَرَامٌ عَلَى قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَاهَا أَنَّهُمْ لَا يَرْجِعُونَ

**"بىز ھالاك قىلغان شەھەر (ئاھالىسى)نىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس."** (ئەنبىيا، 95)

أَلَمْ يَرَوْا كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنْ الْقُرُونِ أَنَّهُمْ إِلَيْهِمْ لاَ يَرْجِعُونَ

**"ئۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى) ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى دۇنياغا ئەبەدى) قايتمايدۇ."** (ياسىن، 31)

قۇرئان كەرىم ئۆتمۈشتىكى قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇشىنى بايان قىلىپ، بۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە كېيىن كەلگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ سەۋەپلەرنىڭ بېشىدا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە قارىتا تۇزكورلۇق قىلىش، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەددىدىن ئېشىش، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق قىلىشقا ئوخشاش چوڭ گۇناھلار كېلىدۇ. تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق دەيدۇ:

وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَرْيَةٍ بَطِرَتْ مَعِيشَتَهَا فَتِلْكَ مَسَاكِنُهُمْ لَمْ تُسْكَنْ
مِّنْ بَعْدِهِمْ إِلَّا قَلِيلًا وَكُنَّا نَحْنُ الْوَارِثِينَ

**"بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇش كۆچۈرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان**

**ئەمەس، ئۇلار (نىڭ مال-مۈلكى ۋە يۇرتىغا) بىز ۋارىسلىق قىلدۇق."** (قەسەس،58)

وَمَا كُنَّا مُهْلِكِي الْقُرَى إِلَّا وَأَهْلُهَا ظَالِمُونَ

**"شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق."** (قەسەس، 59)

فَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَاهَا وَهِيَ ظَالِمَةٌ فَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا
وَبِئْرٍ مُّعَطَّلَةٍ وَقَصْرٍ مَّشِيدٍ

**"نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان."** (ھەج، 45)

ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پۈتۈن مۇسىبەتلەرنىڭ، ئۆز قولى بىلەن خاتالىقنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ:

ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ
لِيُذِيقَهُم بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ

**"ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى."** (رۇم، 41)

ئايەتتە دېيىلگەندەك تەبىئەت ھادىسلىرى ياكى ئىجتىمائى شەرتلەر ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن تەرتىپسىزلىك، قالايمىقانچىلىق، پەرىشانلىق، ئىنسانلارنىڭ ئۆز قولىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇلار شېرىك، ئەخلاقسىزلىق، ھەقسىزلىق ۋە نەپسى ئارزۇلارغا ئەگەشكەن ھالدا قىلىنغان چېكىدىن ئاشقان سەۋەبلەردىن بولغان. ئاللاھ تائالا، تەۋبە قىلىپ شېرىكتىن ۋاز كېچىپ ئۆز تەبىئىتىگە، مۇكەممەل ۋە توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈن، گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ دۇنيادا تېتىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتمايدىغان بولسا جازالىرىنىڭ

ھەممىسىنى ئاخىرەتتە تېتىيدۇ. ئەسلى جازاسىنى ئۇ يەردە تارتىدۇ. باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَصَابَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ

**"سىلەرگە (يەنى جىنلار ياكى ئىنسانلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار)."** (شۇرا، 30)

ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلغان قۇللىرىنىڭ جازاسىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئاخىرەتكە كېچىكتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللّهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَآبَّةٍ

**"ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن (چاپسان) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى."** (نەھل، 61)

گۇناھ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كەلگەن بىر قىسىم مۇسىبەتلەر بەلكى ئىنسانلار ئىسلاھ بولۇشى ئۈچۈن ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش ماھىيىتىدە.

ئاللاھ تائالانىڭ خالىس مۆمىنلەر ھەققىدىكى قانۇنى بىر ئاز پەرقلىقتۇر. چۈنكى مۆمىنلەرگە كەلگەن مۇسىبەت، قىيىنچىلىقلار، ئۇلارنىڭ قۇللۇقتىكى نوقسانلىق، گۇناھ ۋە خاتالىقلىرىغا كەفارەت بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

" ھېرىپ-چارچاش، ئۇزۇن سۈرگەن كېسەللىك، غەم-قايغۇ، قىيىنچىلىق ۋە ئاياغقا پاتقان تىكەنگە قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر نەرسىنى، ئاللاھ ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتىشكە ۋەسىلە قىلىدۇ." (بۇخارى، مەرزا، 1، 3؛ مۇسلىم، بىرر، 49)

ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تىرىشىپ ھېرىپ-چارچىغان كىشىلەرنىڭ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقى، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كەففارەت بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھالاك بولغان قەۋملەرنىڭ قىسسىسىنى، قىيامەتقىچە كېلىدىغان ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا بايان قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا مَا حَوْلَكُم مِّنَ الْقُرَى وَصَرَّفْنَا الْآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ

**"(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق."** (ئەھقاف، 27)

وَلَقَد تَّرَكْنَاهَا آيَةً فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ

**"ئۇنى (يەنى توپان بالاسىنى) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟"** (قەمەر، 15)

وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هُمْ أَشَدُّ مِنْهُم بَطْشًا فَنَقَّبُوا فِي الْبِلَادِ هَلْ مِن مَّحِيصٍ

إِنَّ فِي ذَلِكَ لَذِكْرَى لِمَن كَانَ لَهُ قَلْبٌ أَوْ أَلْقَى السَّمْعَ وَهُوَ شَهِيدٌ

**"بىز ئۇلاردىن (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرىدىن) ئىلگىرى ئۇلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (يەنى شۇ ئۈممەتلەر) ھەر قايسى جايلارنى كەزدى، (ئۇلارغا) ئۆلۈمدىن قاچىدىغان جاي تېپىلدىمۇ؟ [36]. بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار."** (قاف، 36 - 37)

أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ

**"ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا ئەما بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر ئەما بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي ئەمالىق كۆزنىڭ ئەمالىقى ئەمەس، دىلنىڭ ئەمالىقىدۇر، ئەما ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)."** (ھەج، 46)

قەلب، پۈتۈن ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن بىرلىكتە زېھىن ۋە ئەخلاقى سۈپەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ قۇبۇل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتتىكى ئىپادە، ئۆزىنىڭ جاھىللىقى ۋە ئىنكاردا چىڭ تۇرغانلىقى ئۇلارنى ھەقىقەتنى ئاڭلاش ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەرىكەت قىلىشتىن مەنئى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

رەببىمىز نەمرۇتنىڭ ئوتىنى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىمانى بىلەن بوستانلىققا ئايلاندۇردى، پىرئەۋىننىڭ سەلتەنىتىنى ھەزرىتى مۇسانىڭ ھاسىسى بىلەن ۋەيران قىلدى، بەيتۇللاھنى يىقىش ئۈچۈن كەلگەن ئەبرەھە قۇشۇنىنى قۇشلارغا چاينىتىپ مەككە ئەتراپىنى مازارلىققا ئايلاندۇرۋەتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئازغۇن قەۋملەرنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا "پەرىشتە، شامال، قورقۇ" غا ئوخشاش كۆرۈنمەس ئەسكەرلەر بىلەن ياردەم قىلىپ ئۇنىڭغا زەپەر ئۇپۇقلىرىنى ئاچقان كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسىدۇر.

ئاللاھنىڭ قەھرىگە ئۇچرىغان بۇ ماكانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئىلاھىي ئاپەتلەرنىڭ ئىزلىرى قىيامەتقىچە باقى قالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، "ۋىدا ھەججى" دە مىنا بىلەن مۇزدەلىپە ئارىسىدىكى مۇھەسسىر ۋادىسىدىن ئۆتكەن ۋاقتىتا تىز سۈرەتتە ئۆتتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن تىز يۈردىڭىز؟" دەپ سورىغان ۋاقتىتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن مۇنداق دېدى:

"بۇ يەردە ئاللاھ تائالا، ئەبرەھە قۇشۇنىنى قەھرى قىلدى. ئۇ قەھرى تەجەللىدىن بىر نەرسە كەلمەسلىكى ئۈچۈن تىز يۈردۈم!"

شۇڭا ھاجىلارمۇ بۇ ماكاندا تۇرمايدۇ.

تەبوك سەپىرىدە ساھابىلەر، سەمۇد قەۋمىنىڭ ھالاك بولغان يېرىدىن ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

"بۇ تاشتىن ئويۇلغان ئۆيلەرگە قايغۇرغان ھالدا كىرىڭلا! بۇ يەردىن ھېچ بىر نەرسە ئالماڭلار! چۈنكى بۇ يەردە ئازغۇن بىر قەۋمگە ئىلاھىي ئازاپ كەلدى."

ساھابىلەر:

"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، قاپلىرىمىزنى سۇ بىلەن تولدۇردۇق. ھەتتا بۇ سۇ بىلەن خېمىر يۇغۇردۇق!" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سۇيۇڭلارنى ۋە خېمىرلىرىڭلارنى تۆكۈڭلار!" دېدى. (بۇخارى، ئەنبىيا، 17)

ئىلاھىي ئازاپ تەجەللى قىلغان، ئىسيان ۋە گۇناھ بىلەن تولغان ماكانلاردا، مەنىۋى جەھەتتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئازاپنىڭ تەسىرىگە ئۇچۇرماسلىق

ئۇچۇن ئۇ ماكانلاردا تۇرماسلىق ۋە ئۇ يەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قالغاندا تىز سۈرەت بىلەن ئۆتۈش كېرەك.

كەبە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرى، مەسجىدلەر، سالىھ، سىددىقلار يەرلەشكەن ئۇرۇنلارمۇ ئىلاھىي پەيز بىلەن تولۇپ تاشقان ماكانلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە كۆڭلىمىزگە رەھمەت يامغۇرلىرى قويۇلىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخ بويىچە ئۇزۇلدۇرمەستىن، ئىنسانلارنى ئىمانسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن پەيغەمبەر ۋە كىتابلار نازىل بولدى. بۇ رەببىمىزنىڭ قۇللىرىغا بولغان لۇتپى كەرىمىدۇر. نەتىجىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەبەدى رەھبىرى بولغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلدى.

ئىسلام ئىنسانلارنى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىپ مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ، بۇ دۇنيادا ياشىغان ئۆمرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىنى خاتىرلىتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن مۆمىنلەر كېرەكسىز گەپ-سۆز، شان-شەرىپىنى چۇشۇرىدىغان ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىشى كېرەك. جاھىللاردىن يىراق تۇرۇپ، كېرەكسىز جېدەل-ماجىرالارنىڭ پىشىدىن ماڭماسلىقى، ئايىغى چىقمايدىغان باتىل پەلسەپەلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

ياز بولۇتىدەك كېلىپ كېتىدىغان دۇنيا ھاياتىنى، ئاخىرەت ئەندىشىسى بولمىغان ھالدا ياشاش، كېچىسىز كۇندۇزنىڭ داۋاملىشىشىنى قوبۇل قىلغاندەك ئەخمەقلىقتۇر. ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

"بەدەننى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇقلاندۇرۇپ تەرەققى قىلدۇرۇشقا كۆندۇرمە! چۇنكى ئۇ، ئاخىرىدا تۇپراققا بېرىلىدىغان بىر قۇربانلىقتۇر. سەن كۆڭلۇڭنى پەيز بۇلاقلىرىدىن تولدۇرۇشقا قارات. يۇقىرىغا يەتكۈزىدىغان ۋە شەرەپلەندۈرىدىغان نەرسە بۇنىڭدىن ئىبارەت.

بەدىنىڭگە گۆش ۋە ياغلىق نەرسىلەرنى ئاز بەر. چۇنكى بەدىنىنى غىزالاندۇرغان، نەپسانى ئارزۇلىرىغا چۇشۇپ رەسۋا بولىدۇ.

روھىڭغا مەنىۋى ئۇزۇق بەر. كامىل چۇشەنچە، سىلىق مۇئامىلە ۋە روھى ئۇزۇقلار ئاخىرىدا كېتىدىغان يەرگە كۇچ-قۇدرەت بىلەن كەتسۇن!"

**ئاللاھ ھەممىمىزنى، غەم-قايغۇلۇق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ساقلىسۇن. "نەئىيم جەننىتىگە" كىرىشنى نىسىپ قىلسۇن! ئامىن!**


مەدائىن
سەمۇد دىيارى
تەبۇك
مائان
ئەيلە
مەديەن
قىزىل دېڭىز
سىنا
مىسىر



# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

نەمرۇدنىڭ تەھدىتىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئوت يالقۇنىنى گۈلستانلىققا ئايلاندۇرغان

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىلنىڭ شەرقىدە دىجلە ۋە پىرات دەرياسى ئارىسىدىكى يەردە دۇنياغا كەلگەن. بىر رىۋايەتتە دادىسى سالىھ بىر مۆمىن بولغان تارۇختۇر. تارۇخنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى، تارۇخنىڭ قېرىندىشى بولغان ئازەر بىلەن ئۆيلەنگەن. بۇ سەۋەپتىن بۇتپەرەس بولغان ئازەر ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسىدۇر. باشقا بىر رىۋايەتتە تارۇخ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمىدۇر. بۇتپەرەس بولغاندىن كېيىن ئىسمى ئازەر بولغان. ئىمام سۇيۇتى رەھمەتۇللاھ ئەلەي ئىبنى ئابباستىن كەلگەن بىر رىۋايەتكە ئاساسەن، ئازەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئەمەس تاغىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەلدانى قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى **"خەلىلىم"** (دوستۇم) دەپ خىتاپ قىلغان. بۇ سەۋەپتىن **"خەلىلۇررەھمان"** دەپ زىكىر قىلىنىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئون سۇھۇف (ۋاراق) دەپ ئاتالغان كىتاب نازىل بولغان. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىشىچە بۇ سۇھۇفلار نەسىھەت ۋە ئىبرەتلىك تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

"سەلتەنەت بېرىلگەن، ئىمتىھان قىلىنغان ۋە ئالدانغان پادىشاھ! مەن سېنى دۇنيا يىغسۇن دەپ ئەۋەتمىدىم. مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى مەندىن قايتۇرسۇن، مەزلۇمنى ماڭا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر قالدۇرما دەپ ئەۋەتتىم. چۈنكى مەن مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى كاپىر بولسىمۇ رەت قىلمايمەن."

"ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ مەلۇم ۋاقىتلىرى بولۇشى كېرەك:
ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى رەببىگە دۇئا ۋە مۇناجاتقا،

بىر قىسمىنى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سەنئەت ۋە قۇدرىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا، بىر قىسمىنى ئۆتمۈشتە قىلغان ۋە كېلىچەكتە قىلىدىغانلىرى ھەققىدە ئۆزىنى ھېسابقا تارتىشقا، بىر قىسمىنى بولسا ھالالدىن تېپىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئايرىشى لازىمدۇر."

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر سۈپىتى **"ئەبۇل-ئەنبىيا"** (پەيغەمبەرلەر دادىسى)دۇر. ئوغۇللىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدۇر. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولسا بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرى كەلگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئان كەرىمدە يىگىرمە بەش سۈرىدە ئاتمىش توققۇز يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئۇنى ماختىغان تۈرلۈك سۈپەتلەر بار بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

**ئەۋۋاھ** (كۆپ ئاھ چەككەن، دۇئا قىلغان)

**ھەلىم** (ھەلىم ئىگىسى، يۇمشاق خۇيلۇق)

**مۇنىب** (ئاللاھقا كۆڭلىدىن يۈلەنگەن)

**ھەنىف** (شېرىك ۋە زالالەتتىن يىراق بولۇپ تەۋھىدگە چىڭ ئېسىلغان)

**قانىت** (ئاللاھقا قۇللۇق قىلغان) ۋە

**شاكىر** (كۆپ شۈكۈر قىلغان) دۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام رەخت ۋە كىيىم-كېچەك تىجارىتى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ھىجرەتتىن كېيىن دېھقانچىلىق قىلغان.

**نەمرۇد**

كەلدانى قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان نەمرۇد، باشتا ئادىل ۋە ئىنساپلىق بىر كىشى ئىدى. قەۋمى يۇلتۇز ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. كېيىن نەمرۇد سەلتەنىتى كۈچلەنگەنسىرى كىبىرلىنىپ، قەۋمگە ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىتىپ مۇنداق دېدى:

"مەنمۇ تەڭرى، ماڭىمۇ ئىبادەت قىلىڭلار!".

رىۋايەت قىلىنىشىچە نەمرۇد بىر كۈنى چۈشىدە ئاسماندا بىر نۇرنىڭ پاقىرىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قۇياش بىلەن ئاينىڭ نۇرىنى ئۆچۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. باشقا بىر رىۋايەتتە چۈشىدە بىر كىشىنىڭ كېلىپ تەختىدىن چۈشۈرۈپ يەرگە

تاشلىغانلىقنى كۆرگەن. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئەندىشە قىلىپ مۇنەججىملەرنى سارايغا چاقىرتىپ چۈشىنى بايان قىلغان. ئۇلار:

"يېڭى بىر دىن كېلىدۇ. ئۇ دىننى كەلتۈرگەن كىشى سېنىڭ تەختىڭنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىرلىك بول!" دېگەن.

بۇ سەۋەپتىن نەمرۇتنىڭ مەسلەھەتچىلىرى بۇ ئەھۋالغا قارشى توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن ئوغول بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ زاماندا دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلاردىن يۈز مىڭلارچىسى ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئىبراھىمغا ھامىلە ئىدى. تۇغۇشقا ئاز قالغان چاغدا يولدىشى ئازەرگە:

"سەن بۇتخانىغا بېرىپ مەن ئۈچۈن دۇئا قىل! ئەگەر ئوغول تۇغسام سېنىڭ يېنىڭغا ئېلىپ بارىمەن، سەن نەمرۇدقا كۆتۈرۈپ بارارسەن. ئۇ ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا سېنىڭ ئابرويۇڭمۇ ئۆسىدۇ." دېدى.

ئازەر بۇتخانىغا كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇغۇلدى. ئانىسى مەخپى ھالدا بىر غارغا يوشۇرۇپ قويدى. ئازەر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا بوۋاقنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بۇ سەۋەپتىن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى، ئازەر ئۆيدىن كەتكەندىن كېيىن بالىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئېمىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت تاپسىلا بېرىپ ئېمىتتى ۋە بۇ شەكىلدە ئۇزۇن زامان داۋاملاشتۇردى. بەزىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنى ئەمگەنلىكىنى كۆردى. چۈنكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ياغ، سۈت، ھەسەل ۋە خورما شىرنىلىرىنى ئېقتاتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋاقلىق دەۋرىنىڭ غاردا ئۆتكەنلىكى، غاردىن چىققاندا تەۋھىد ئەقىدىسىنى باشلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئايەتتە:

وَلَقَدْ آتَيْنَا إِبْرَاهِيمَ رُشْدَهُ مِن قَبْلُ

**"(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق."** (ئەنبىيا، 51) دەيدۇ.

رۇشد ياخشى ۋە توغرا يولنى تېپىش، توغرىنى خاتادىن ئايرىش، ھەق يولدا سەبىرچان بولۇش، توغرا يۆلىنىشتە مېڭىش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، ئۇ ھەر نەرسىنىڭ رەببىدۇر" دېگىنىدە ئاتا-ئانىسى نەمرۇتتىن قورققان ھالدا يىغلاپ ئۇنى ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەندىشىسى ئالدىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"مەن ئۇچۇن نەمرۇتتىن ئەندىشە قىلماڭلار. مېنى بوۋاقلىقىمدا ساقلىغان ئاللاھ چوڭ بولغان ۋاقتىمدىمۇ ساقلايدۇ." دېدى.

**رەببىم ئاللاھتۇر**

ئازەر بۇت ياساپ سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئازەرنىڭ باشقا ئوغۇللىرىمۇ بۇتلارنى ماختاپ ساتاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سېتىش ئۈچۈن ئازەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن بۇتلارنىڭ بويىنىغا يىپ باغلىغان ھالدا بازارغا ئېلىپ بېرىپ:

"پايدا زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان بۇ بۇتلارنى ئالىدىغان كىشى بارمۇ؟" دەپ مەسخىرە قىلغان ھالدا توۋلايتتى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن بۇت ئالمايتتى. ھاقارەت بولسۇن دەپ يەردە سۆرەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇتنىڭ بېشىنى سۇغا تىقىپ تۇرۇپ:

"ئۇسساپ كەتتىڭمۇ! ئۇسسىغان بولساڭ بىرئاز سۇ ئىچىۋال!" دەيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رۇشد سايىسىدا ھېچكىمنىڭ تەربىيىسى ئاستىغا كىرمەستىن نۇرغۇن ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىپ، تەۋھىد يولىنىڭ رەھبىرى بولدى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا باشلىغان رەببىنى تونۇش ۋە بۇنى قەۋمىگە تەبلىغ قىلىش ئالاھىدىلىگى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لا أُحِبُّ الآفِلِينَ  فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمْ يَهْدِنِي رَبِّي لأكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَآ أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ  إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

**"ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): "بۇ**

**مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر" دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، "مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن" دېدى [76]. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): "بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر" دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، "ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن" دېدى [77]. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): "بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر" دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: "ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا - جۇدامەن [78]. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن".** (ئەنئام، 76 - 79)

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ھەقىقەت ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنغان بىچارىلەرنىڭ، يولىنىڭ خاتا ۋە ئەقىدىسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر يۇلتۇزغا قاراپ: "بۇ مېنىڭ رەببىم بولامدۇ-ھە!" دەپ، ئەۋۋەل بىر يۇلتۇزنىڭ رەب بولۇشىنى يىراق كۆرۈپ، ئەتراپىدىكىلەرنى مەجازى شەكىلدە قامچىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇلتۇزلار غايىپ بولغاندا: "مەن غايىپ بولغانلارنى ياخشى كۆرمەيمەن" دەپ ئىلاھلىق ۋە قۇللۇقتا سۆيگۈنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساس ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا قارشىلىق غايىپ بولۇشنىڭ ئىلاھلىق دەلىلى بولماستىن بەلكى مەخلۇق ۋە يوق بولۇشنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، مۇنداق مەۋجۇداتلارنى ئىلاھ دەپ گۇمان قىلىشنىڭ نەتىجىسى قۇرۇق بىر سەپسەتە ئىكەنلىكى، رەببىنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان بىر ياراتقۇچى قۇدرەت ئىگىسى بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

باشقىچە ئېيتقاندا بۇ مىسال ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىدىن بىر قىسمى، ئىسلام يېتىپ بارالمىغان يەرلەردىكى ئىنسانلارنىڭمۇ ئازاپتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىش بىلەن مۇكەللەپ ئىكەنلىكى، لېكىن ئەمەل قىلىش جەھەتتە مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**تەۋھىدكە دەۋەت**

ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى ئىدراك قىلىش ئارقىلىق رەببىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋە ئۆزىگە ئىلاھىي تەرەپتىن ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بىر ئىلىم ئاتا قىلىنغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، دەۋەتنى دادىسى ئازەردىن باشلىدى. ئۇنىڭغا يۇمشاق ئۇسلۇب بىلەن مۇنداق دېدى:

إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ يَا أَبَتِ لِمَ تَعْبُدُ مَا لَا يَسْمَعُ وَلَا يُبْصِرُ وَلَا يُغْنِي عَنكَ شَيْئًا
يَا أَبَتِ إِنِّي قَدْ جَاءنِي مِنَ الْعِلْمِ مَا لَمْ يَأْتِكَ فَاتَّبِعْنِي أَهْدِكَ صِرَاطًا سَوِيًّا
يَا أَبَتِ لَا تَعْبُدِ الشَّيْطَانَ إِنَّ الشَّيْطَانَ كَانَ لِلرَّحْمَنِ عَصِيًّا يَا أَبَتِ إِنِّي
أَخَافُ أَن يَمَسَّكَ عَذَابٌ مِّنَ الرَّحْمَن فَتَكُونَ لِلشَّيْطَانِ وَلِيًّا

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: "ئى ئاتا نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن [42]. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن [43]. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى [44]. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن."** (مەريەم، 42 - 45)

ئازەر ئاچچىقلانغان ھالدا:

قَالَ أَرَاغِبٌ أَنتَ عَنْ آلِهَتِي يَا إِبْراهِيمُ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ لَأَرْجُمَنَّكَ وَاهْجُرْنِي مَلِيًّا

**"ئۇ (يەنى ئازەر ئېيتتى: "ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، يىراق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن."** (مەريەم، 46)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئازەرگە يەنە يۇمشاق بىر ئۇسلۇپ بىلەن جاۋاب بەردى:

قَالَ سَلَامٌ عَلَيْكَ سَأَسْتَغْفِرُ لَكَ رَبِّي إِنَّهُ كَانَ بِي حَفِيًّا

**"ئىبراھىم ئېيتتى: "ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر."** (مەريەم، 47)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. لېكىن دۇئاسى قوبۇل قىلىنمىدى. چۈنكى دادىسى ئاللاھ دۈشمىنى ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن دۇئا قىلىشتىن ۋاز كەچتى. چۈنكى كاپىرلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَن يَسْتَغْفِرُواْ لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُواْ أُوْلِي قُرْبَى مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ وَمَا كَانَ اسْتِغْفَارُ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ إِلاَّ عَن مَّوْعِدَةٍ وَعَدَهَا إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ أَنَّهُ عَدُوٌّ لِلّهِ تَبَرَّأَ مِنْهُ إِنَّ إِبْرَاهِيمَ لأَوَّاهٌ حَلِيمٌ

**"پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس [113]. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى."** (تەۋبە، 113 - 114)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، دادىسى، قەۋمى بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئۇلارنىڭ يولىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئەقلى دەلىللەر بىلەن تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلىشى، قۇرئان كەرىمدە قايتا ـ قايتا بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتلەردىن بىرسىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتمىغان دادىسى ۋە قەۋمى بىلەن مۇنداق سۆزلەشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ:

إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِ مَا هَذِهِ التَّمَاثِيلُ الَّتِي أَنتُمْ لَهَا عَاكِفُونَ قَالُوا وَجَدْنَا آبَاءنَا لَهَا عَابِدِينَ قَالَ لَقَدْ كُنتُمْ أَنتُمْ وَآبَاؤُكُمْ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ قَالُوا أَجِئْتَنَا بِالْحَقِّ أَمْ أَنتَ

مِنَ اللَّاعِبِينَ  قَالَ بَل رَّبُّكُمْ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الَّذِي فَطَرَهُنَّ
وَأَنَا عَلَى ذَلِكُم مِّنَ الشَّاهِدِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنستمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)" دېدى [52]. ئۇلار: "ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)" دېدى [53]. ئىبراھىم: "سىلەرمۇ، ئاتا - بوۋاڭلارمۇ (پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر" دېدى [54]. ئۇلار: "سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق دەۋاتامسەن؟" دېدى [55]. ئىبراھىم ئېيتتى: "ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن."** (ئەنبىيا، 52 - 56)

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى چېقىشى**

كەلدانى قەبىلىسى ھەر يىلدا بىر قېتىم يىغىلىپ بايرام قىلاتتى. ئازەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

"سەنمۇ بايرام قىلىش ئۈچۈن بىز بىلە بىللە كەل!" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يېرىم يولدا كېسەللىكىنى بانا قىلىپ، قايتىپ كېلىپ بۇتخانىغا باردى. بۇتخانا كۆمۈش، مىس، ياغاچتىن ياسالغان بۇتلار بىلەن تولغان ئىدى. بۇتلارنىڭ ئالدىدا بەرىكەتلىك بولۇش ئۈچۈن تاماقلارمۇ قويۇلغان ئىدى. ئەڭ چوڭ بىر بۇت بولسا  ئالتۇندىن ياسالغان بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇلغۇزۇلغانىدى. بۇ بۇتقا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كىيىملەر ۋە بېشىغا تاج كەيدۈرۈلگەن ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئەڭ چوڭ بۇتتىن باشقا بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى پالتا بىلەن چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن پالتىنى چوڭ بۇتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىدى. ئاقشام بولغاندا كەلدانى قەۋمى بايرام يېرىدىن بۇتخانىغا قايتقاندا ئۇ

يەردىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپ:

"بۇنى ئىبراھىمدىن باشقىسى قىلمايدۇ!" دېدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ سورىدى:

"بۇ ئىشنى سەن قىلدىڭمۇ؟"

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى:

"چوڭ بۇت ئۆزىدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىنىشنى خالىمايتتى. بۇ سەۋەپتىن باشقىلىرىغا ئاچچىغى بار ئىدى. ئاخىرىدا ھەممىسىنى پالتا بىلەن پارچىلاپ، پالتىنى بوينىغا ئاسقان بولۇشى مۇمكىن. خالىساڭلار، ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار! ئەھۋالنى سىلەرگە بايان قىلسۇن!"

بۇتپەرەس خەلق:

"بۇتلار سۆزلىيەلمەيدۇ!" دېدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئۇلارغا:

"بۇ ھالدا سىلەر بىلەن سۆزلىشەلمىگەن شۇ بىچارىلەر سىلەرنى قانداقمۇ ساقلىيالسۇن؟ تېخىچە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر! ئويلاپ كۆرۈڭلار" دېدى.

بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَرَاغَ إِلَى آلِهَتِهِمْ فَقَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ مَا لَكُمْ لَا تَنطِقُونَ فَرَاغَ عَلَيْهِمْ ضَرْبًا بِالْيَمِينِ

**"ئىبراھىم ئاستا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: "(مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن، بۇ تاماقتىن) يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟" دېدى [91-92]. ئاندىن ئۇلارغا يۈزلىنىپ ئوڭ قولى بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاشقا كىرىشتى.** (سافىفات، 91 - 93)

فَجَعَلَهُمْ جُذَاذًا إِلَّا كَبِيرًا لَّهُمْ لَعَلَّهُمْ إِلَيْهِ يَرْجِعُونَ قَالُوا مَن فَعَلَ هَذَا بِآلِهَتِنَا إِنَّهُ
لَمِنَ الظَّالِمِينَ قَالُوا سَمِعْنَا فَتًى يَذْكُرُهُمْ يُقَالُ لَهُ إِبْرَاهِيمُ قَالُوا فَأْتُوا بِهِ عَلَى أَعْيُنِ
النَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَشْهَدُونَ قَالُوا أَأَنتَ فَعَلْتَ هَذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ قَالَ بَلْ فَعَلَهُ
كَبِيرُهُمْ هَذَا فَاسْأَلُوهُمْ إِن كَانُوا يَنطِقُونَ فَرَجَعُوا إِلَى أَنفُسِهِمْ فَقَالُوا إِنَّكُمْ أَنتُمُ
الظَّالِمُونَ ثُمَّ نُكِسُوا عَلَى رُؤُوسِهِمْ لَقَدْ عَلِمْتَ مَا هَؤُلَاء يَنطِقُونَ قَالَ أَفَتَعْبُدُونَ

مِن دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكُمْ شَيْئًا وَلَا يَضُرُّكُمْ أُفٍّ لَّكُمْ وَلِمَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ

**"ئىبراھىم بۇتلارنى چىقىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى [58]. (ئۇلار بايرىمدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ) "بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن" دېدى [59]. (ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)" دېدى [60]. ئۇلار (يەنى نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): "ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن" دېدى) [61]. ئۇلار: "ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟" دېدى. [62] (ئىبراھىم: "(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!" دېدى [63]. ئۇلار بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ: "(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر" دېدى [64]. ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: "ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟" دېدى [65]. ئىبراھىم ئېيتتى: "سىلەر ئاللاھنى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر" [66]. سىلەرگە ۋە ئاللاھنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟".** (ئەنبىيا، 58 - 67)

بۇتپەرەس خەلق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن بۇتلارنى ئۇنىڭ چاققانلىقىنى بىلدى. بەدبەخ بۇتپەرەسلەر بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلالمىدى ۋە تاش پارچىلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ھەققە قايتىشنىڭ ئورنىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ئازاپ بىلەن جازالاشقا ھۆكۈم قىلدى.

قَالُوا حَرِّقُوهُ وَانصُرُوا آلِهَتَكُمْ إِن كُنتُمْ فَاعِلِينَ

**"ئۇلار ئېيتتى: "ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار."** (ئەنبىيا، 68)

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى**

بۇتپەرەسلەر بۇ ئەھۋالنى نەمرۇتقا ئېيتتى. نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يېنىغا چاقىرتتى.

نەمرۇتنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەۋۋەل ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا سەجدە قىلمىدى. نەمرۇد ھەيران قالغان ھالدا سەۋەبىنى سورىغاندا:

" سېنى ۋە مېنى ياراتقاندىن باشقىسىغا سەجدە قىلمايمەن!" دېدى.

نەمرۇد:

"سېنىڭ رەببىڭ كىم؟" دېگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"مېنىڭ رەببىم تىرىلدۈرگەن ۋە ئۆلتۈرگەن ئاللاھتۇر." دېدى.

نەمرۇد:

"مەنمۇ تىرىلدۈرۈپ، ئۆلتۈرەلەيمەن." دەپ زىنداندىن ئىككى كىشىنى چاقىرتىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بېرىپ:

"قارا مەنمۇ بۇ ئىشنى قىلالىدىم" دېدى.

لېكىن ئەقىلسىز نەمرۇد، تىرىلدۈرۈشنىڭ روھ بېرىش، ئۆلتۈرۈشنىڭ بولسا روھ ئېلىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

" مېنىڭ رەببىم قۇياشنى شەرقتىن چىقىرىدۇ، كۈچۈڭ يەتسە سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باق" دېدى. بۇ ھادىسە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَآجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رِبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ

**"پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىششكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): "مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ" دېدى. ئۇ: "مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن" دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم**

**قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): "ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن" دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ."** (بەقەرە، 258)

بۇ ئايەتتە نەمرۇدنىڭ تۇزكورلۇقى، ئازغۇنلىقى ۋە ئاللاھ تائالاغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. ئىمام بەيزاۋى، بەر يۈزىدە تۇنجى ئىلاھلىق داۋاسى قىلغان ئەخمەقنىڭ نەمرۇد ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە بېرىلگەن مال-دۇنيا ئالدىدا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمرۇت بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە ئىككى خىل رىۋايەت بار.

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈش ئۈچۈن نەمرۇدنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى.

2. بىر يىل قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، نەمرۇد خەلقىغە ئۇزۇقلۇق تارقاتتى. ئۇزۇقلۇق بەرگەن ھەر بىر كىشىدىن: "رەببىڭ كىم؟" دەپ سورىدى. نۆۋەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەلگەندە، ئۇ:

"مېنىڭ رەببىم ھايات بېرىپ، بەرگەن ھاياتنى قايتا ئالغان ئۇلۇغ زاتتۇر" دېدى.

نەمرۇد بۇ سۆزگە قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇزۇقلۇق بەرمەستىن بەلكى ئۇنى قانداق جازالاش ھەققىدە ۋەزىرلىرىگە مەسلەھەت سالدى. ئارىدىن بەدبەخ بىرسى چىقىپ:

"ئۇنى بۆيۈك بىر ئوت بىلەب كۆيدۈرەيلى!" دېدى.

بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ تەييارلىقلار باشلىندى. بىر ئاي ئوتۇن توشۇلدى. جاھىل ۋە ئەخمەق خەلق:

"بۇ ئادەم بىزنىڭ بۇتلىرىمىزغا قارشى چىقتى!" دەپ ئوتۇن توشۇشقا سەپەرۋەر بولدى. تاغدەك ئوتۇن يىغىلىپ، يېقىلغان ئوتنىڭ يالقۇنى يوقىرىغا ئۆرلەپ، قىززىقلىقىدىن قۇشلارمۇ يېنىدىن ئۆتەلمىدى.

پۈتۈن تەييارلىقلار تۈگىگەندىن كېيىن خەلق ئوتنىڭ بېشىغا يىغىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۇت-قوللىرى زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا ئۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندى. لېكىن بۈيۈك بىر پەيغەمبەر **"خەلىل"** بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا بولغان بولسىمۇ تولۇق تەسلىمىيەت ۋە تەۋەككۇل ئىچىدە ئىدى. كۆڭلىدە قىلچە قورقۇ ۋە ئەندىشە يوقتى.

نەمرۇت ۋە جامائىتى، ئۇنى ئوتقا قانداق تاشلاشنى مۇزاكىرە قىلدى. نەتىجىدە ئۇنى مەنجەنەق بىلەن ئېتىشقا قارار بەردى.

ئاسمان-زېمىندىكى پەرىشتىلەر ھەيرانلىق بىلەن:

"ئامان يا رەببى! سېنى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلىنىۋاتىدۇ! ئۇ سېنى بىر سېكىنۇت بولسىمۇ ئۇنۇتمىغان بىر پەيغەمبەردۇر! ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمىز ئۈچۈن بىزگە رۇخسەت قىلغىن!" دەپ يالۋۇردى.

ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن بىر پەرىشتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى:

"شامال مېنىڭ ئەمرىمگە بېرىلدى. خالىساڭ ئوتنىڭ تىرىۋېرىگىنى چىقىرىۋېتەي!" دېدى.

باشقا بىر پەرىشتە كېلىپ:

"سۇلار مېنىڭ ئەمرىمگە بېرىلدى. خالىساڭ ئوتنى دەرھال ئۆچۈرۈۋېتەي!" دېدى.

باشقا بىر پەرىشتە كېلىپ:

"تۇپراق مېنىڭ ئەمرىمگە بېرىلدى. خالىساڭ ئوتنى يەرگە پاتۇرۇۋېتەي!" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا، بۇ پەرىشتىلەرگە:

**" دوست بىلەن دوستىنىڭ ئارىسىغا كىرمەڭلار! رەببىم نېمىنى خالىسا مەن ئۇنىڭغا رازى! قۇتۇلدۇرسا بۇ ئۇنىڭ مەرھەمىتىدۇر. ئەگەر كۆيدۈرسە مېنىڭ نوقسانلىقىمدىندۇر. ئىنشائاللاھ سەبىرى قىلغۇچىلاردىن بولىمەن!"**دەپ جاۋاب بەردى.

مەنجەنەققە قويۇپ ئوتقا تاشلىنىش ئالدىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ

**"ئاللاھ بىزگە كۇپايىدۇر، ئۇ نىمىدېگەن گۈزەل ھامى"** دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئوتقا تاشلىغان ۋاقىتتا ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ سۆزنى "مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى يىغىلدى، ئۆزەڭلا بىر ئامالىنى قىلىڭلار" دېيىلگەندە سۆزلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى كۈچەيدى ۋە ھەممەيلەن: **"ئاللاھ بىزگە كۇپايىدۇر، ئۇ نىمىدېگەن گۈزەل كىپىلدۇر"** دەپ ئاللاھ بولغان تەسلىمىيىتىنى نامايەن قىلدى. (بۇخارى، تەپسىر، 3 \ 13)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلىنىش ئالدىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

"بىر ئارزۇيۇڭ بارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"ھەئە، بىر تەلىۋىم بار، ئەمما سەندىن ئەمەس" جاۋابىنى بەردى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھەيرانلىق بىلەن: "نېمە ئۈچۈن ئوتتىن قۇتۇلۇشنى خالىمايسەن؟" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

**"ئەھۋالىمنى ئۇ (ئاللاھ) بىلىپ تۇرىدۇ! ئوت كىمنىڭ ئەمرى بىلەن كۆيىدۇ؟ كۆيدۈرۈش كىمنىڭ ئىشى؟"** دەپ جاۋاب بەردى. شائىر بۇ جاۋابنى "ئاگاھ بولغانچە ئەھۋالغا، ھاجەت قالمايدۇ سوئالغا!"دەپ مىسرالارغا تىزدى. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەردىنمۇ بىھاجەت بولغان ھالدا پۈتۈن تەلىۋىنى ئاللاھ تائالاغا قويغانلىقىدىن رازى بولدى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَإِبْرَاهِيمَ الَّذِي وَفَّى

**"ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى."** (نەجم، 37) **ئايىتى** بىلەن ماختىدى.

يەنە ئاللاھ تائالا ئۇنى:

إِذْ قَالَ لَهُ رَبُّهُ أَسْلِمْ قَالَ أَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: "(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن" دېدى. ئۇ: "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم" دېدى."** (بەقەرە، 131) ئايىتى بىلەن تەقدىرلىدى.

**ئوتنىڭ گۈلستانلىققا ئايلىنىشى**

ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ بۇ تەسلىمىيتى ۋە پەقەتلا ئالاھقا تەۋەككۇل قىلغانلىقىدىن، ئۇ تېخى ئوتنىڭ ئىچىگە چۈشمەستىن ئاللاھ تائالا ئوتقا ئەمىر قىلدى:

قُلْنَا يَا نَارُ كُونِي بَرْدًا وَسَلَامًا عَلَى إِبْرَاهِيمَ

**"بىز ئوتقا: "ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن" دېدۇق."** (ئەنبىيا، 69)

بۇ ئەمىر بىلەن بىرلىكتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشكەن يېرى دەرھال بىر گۈلستانلىققا ئايلاندى. ئۇ يەردە بىر تاتلىق بۇلاق ئېقىشقا باشلىدى. بىر رىۋايەتتە، جەننەتتىن بىر كۆينەك چۈشۈرۈلۈپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەيدۈرۈلدى. بۇ كۆينەك كېيىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭدىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا كەلدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرى ئەما بولغاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن ۋە كۆزىنىڭ ساقىيىشىغا ۋەسىلە بولغان كۆينەك بۇ كۆينەك ئىدى.

رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، ئوتقا: **"ئى ئوت! ئىبراھىمگە سەرىن ۋە سالامەت بول!"** ئەمرى كەلگەندە، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئوتلار مەلۇم بىر ۋاقىت سەرىن ھالغا كەلدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن نەمرۇد ھەيرانلىقتىن ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا:

"ئى ئىبراھىم! كۆردۈمكى سېنىڭ ئىلاھىڭ شۇنداق ئۇلۇغ ۋە سېنى زىيان-زەخمەتلەردىن قۇتۇلدۇرغىدەك كۈچ-قۇدرەتلىك ئىكەن. ئى ئىبراھىم! سېنىڭ رەببىڭ نېمىدېگەن گۈزەل بىر رەبدۇر! سېنىڭ ئىلاھىڭغا تۆت مىڭ كالا قۇربانلىق قىلىمەن!" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ:

"سەن ئازغۇنلىقىڭدىن قايتىپ تەۋھىدكە كەلمەي تۇرۇپ، قىلغان قۇربانلىقىڭنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوقتۇر!" دېدى.

لېكىن نەمرۇد:

"مال-مۈلكۈم ۋە سەلتەنەتىمنى پىدا قىلالمايمەن! لېكىن يەنىلا قۇربانلىق قىلىمەن!" دېدى.

نەمرۇت ھەقىقەتەن تۆت مىڭ كالا قۇربانلىق قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارشى ھەرىكەت قىلىشتىن ۋاز كەچتى. لېكىن باشلىق بولۇش سەۋداسى، كىبىر ۋە جاھىللىقىدىن ئىمان ئېيتماي بەدبەختلەردىن بولدى. بىر قىسىم بۇتپەرەسلەر بۇ ئۇچۇق مۆجىزە ئالدىدا ئىمان ئېيتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن نەمرۇدنىڭ ئوتىدىن سالامەت قۇتۇلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىمان ئېيتمىغانلارغا ئىلاھىي ئازاپنى خاتىرلاتتى:

وَقَالَ إِنَّمَا اتَّخَذْتُم مِّن دُونِ اللَّهِ أَوْثَانًا مَّوَدَّةَ بَيْنِكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ثُمَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُ بَعْضُكُم بِبَعْضٍ وَيَلْعَنُ بَعْضُكُم بَعْضًا وَمَأْوَاكُمُ النَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّاصِرِينَ

**"ئىبراھىم ئېيتتى: "بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇقتا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ"** (ئەنكەبۇت، 25)

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى**

ئوتقا تاشلىنىپ ئۇنىڭدىن ساق چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاللاھ تائالا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ راھەت ئىبادەت قىلىشى بولۇپمۇ نەمرۇد ۋە كەلدانى قەبىلىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىلاھىي ئازاپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەر قەۋمىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىشقا قارار قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ:

قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَاء مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاء أَبَدًا حَتَّى

تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَا أَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللَّهِ مِن شَيْءٍ رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ

**"ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: "ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ" دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان "ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن" دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر ئېيتتى) "پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر."** (مۇمتەھىنە، 4)

ئاللاھ تائالا بۇ ئارقىلىق خەلىلى (دوستى)نى ۋە مۆمىنلەرنى سالامەتكە چىقاردى. ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

فَآمَنَ لَهُ لُوطٌ وَقَالَ إِنِّي مُهَاجِرٌ إِلَى رَبِّي إِنَّهُ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

**"لۇت ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتتى[3]. ئىبراھىم ئېيتتى: "مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ ئەمر قىلغان جايغا ھىجرەت قىلىپ بارىمەن). ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر".** (ئەنكەبۇت، 26)

وَنَجَّيْنَاهُ وَلُوطًا إِلَى الْأَرْضِ الَّتِي بَارَكْنَا فِيهَا لِلْعَالَمِينَ

**"بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى بىز ئەھلى جاھان ئۈچۈن بەرىكەتلىك زېمىنغا كۆچۈردۇق."** (ئەنبىيا، 71)

لۇت ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇققىنىنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇرۇن كۆپۈر

3. لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان.

ئىچىدە بولۇپ كېيىن ئىمان ئېيتقان دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى تەسسىقلىغان كىشىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىندۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىلغا، ئۇ يەردىن لۇت، ساۋەر ۋە بىر مۆمىن جامائەتنى بىلەن بىرلىكتە ئۇرپانىڭ جەنۇبىدىكى هارران يېزىسىغا ھىجرەت قىلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇققاننىڭ باللىرى، سارە تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن ئۆيلەندى. ھەزرىتى سارە ئەخلاقلىق بىر ئايال بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن سادىق ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېيىن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئايالى سارە بىلەن بىرلىكتە شامغا، ئۇ يەردىن مىسىرغا باردى. لۇت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان ھالدا سەدۇمغا كۆچتى. (سەدۇم لۇت كۆلى جايلاشقان يەر بولۇپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئايەتتە **"مۇئتەفىكە"** دېيىلگەن.)

مىسىرنى پىرئەۋىن ئائىلىسى ئىدارە قىلاتتى. بۇلار زالىم ۋە كىبىرلىك كىشىلەر ئىدى. چېگىردىن چەتئەللىك ۋە گۈزەل بىر ئايال كىرگەندە دەرھال پىرئەۋنگە خەۋەر قىلاتتى. ئۇ ئايالنىڭ يېنىدىكى يولدىشى بولسا ئۆلتۈرۈلەتتى، ئەگەر بىر تۇققىنى بولسا ئۇنىڭدىن سورايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يېنىدا سارە ئانىمىز بولغان بولسىمۇ، چېگىردىن ئۆتىشى بىلەن سارايغا خەۋەر بېرىلدى. ھۆسنى جامالى گۈزەل بولغان بىر ئايالنىڭ مىسىرغا كىرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ھەزرىتى سارەنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. ئۇ بولسا "دىنيي قېرىنداش" مەنىسىدە "قېرىندىشىم" دېدى. بۇ سەۋەپتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چېقىلمىدى. سارەنى ئېلىپ سارايغا ئەكەلدى. بۇ ھەقتە بۇخارىدە دېيىلگەن بىر ھەدىس مۇنداق دەيدۇ:

"سارە سارايغا كىرگەندە دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا تۇردى. نامىزىنى تۈگۈتۈپ ئاللاھ تائالاغا مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

"ئى رەببىم! مەن ساڭا ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ئىمان ئېيتقان، ئىپپىتىمنى يولدىشىمدىن باشقىسىغا قارشى جانى-دىل بىلەن ساقلىغان بىر قۇلۇڭ بولغان بولسام شۇ كاپىرنى ماڭا يېقىنلاشتۇرما!" (بۇخارى، بۇيۇ، 100)

پىرئەۋىن سارەنىڭ يېنىغا يېقىنلىششىنى خالىدى، لېكىن تۇيۇقسىز نەپسى تۇتۇلۇپ پالەچ بولدى. چۈنكى ئاللاھ سارەنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىدى.

پىرئەۋىن قورققىنىدىن ئۇنى قويۇپ بەردى. جارىيەسى ھاجەرنى ھەدىيە قىلىپ قوشۇپ بەردى. بۇنىڭغا ھەيران قالغان ئەتراپىدىكىلەرگە:

"بۇ ئايال بىر جىندۇر. مەن بىلەن بىر ئاز قالسا ھالاك بولاتتىم. يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاجەرنى بەردىم!" دېدى.

ئاللاھ تائالا بىز قۇللىرىدىن سالىھ ئەمەللىرىمىز ئارقىلىق ئۆزىگە يېتىپ بېرىشىمىزنى ۋە ئۆزىدىن سەبىرچانلىق بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىشىمىزنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ

**"ئى مۆمىنلەر! سەبىر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار."**

(بەقەرە، 153)

چۈنكى ھەزرىتى سارەمۇ ناماز ۋە سەبىر بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلغان ئىلتىجاسىنىڭ نەتىجىسىدە قۇتۇلدى.

پىرئەۋنىنىڭ قىزى ھۇريا، ھەزرىتى سارەنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن بولۇپ بىر مىقدار ئالتۇن-كۈمۈش ھەدىيە قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇلارنى كۆرۈپ:

"بۇلارنى كۆتۈرۈپ بېرىپ قايتۇرۇپ بەرگىن، بۇلارنىڭ بىزگە لازىمى يوق" دېدى. سارە ئۇلارنى ئېلىپ بېرىپ قايتۇرۇپ بەردى. ھۇريا ئەھۋالنى دادىسىغا ئېيتىپ بەرگەندە پىرئەۋىن ھەيران قالغان ھالدا:

"شۈبھىسىزكى، بۇلار ئۇستۈن ۋە شەرەپلىك قەۋىمدۇر. ئەسلى ۋە نەسلى ساپ بىر قەۋىمدۇر." دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە ۋە ھاجەر بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن پەلەستىنگە قايتىپ، سەب دەپ ئاتالغان ئادەمزاتسىز بىر يەرگە كېلىپ يەرلەشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر قۇدۇق قازدى، ئۇ يەردىن سۈپ-سۈزۈك سۇ چىقتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەيدىغان ئۇزۇقى تۈگىگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن يېنىدا پۇلى بولمىغانلىقى ئېسىگە

كېلىپ قايتىپ كەلدى. سارە ۋە ھاجەر ئۈمىدسىزلەنمىسۇن دەپ خالتىسنى قۇم-شېغىل بىلەن تولدۇرغان ھالدا كەلدى. ھېرىپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن خالتىسنى قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

سارە ھاجەرگە:

"خالتىنى ئاچ!" دېدى.

خالتىدىكى قۇم بۇغدايغا ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇغداينى ئېزىپ ئۇن قىلىپ نان ياقتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ بۇنىڭغا ھەيران قالغان ھالدا رەببىگە شۈكۈر قىلدى.

ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن سەب رايۇنىنىڭ بەرىكىتى كۆپىيىپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى موللاشتى. كېلىپ كەتكەنلەر بۇ يەرگە يەرلىشىپ كۆپىيىشكە باشلىدى. نەتىجىدە تۈزكورلۇق قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كولىغان قۇدۇقنىڭ سۈيىدىن ئۇنىڭغا بېرىشنى خالىمىدى. خەلىلۇللاھ بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى. بىر پەيغەمبەر كۆڭلىنىڭ بۇ شەكىلدە يېرىم بولۇشى تۈپەيلىدىن قۇدۇق سۈيى توختاپ، سۇسىزلىق يۈز بەردى. بىچارە غاپىللار بۇ ئەھۋالدىن پۇشايمان قىلدى. غەپلىتى ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزۈر تىلەپ، ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سۇ يېڭىدىن چىقتى.

**نەمرۇت ۋە كەلدانى قەبىلىسىنىڭ ھالاك بولۇشى**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىلغا ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن كىبىرلىكىدىن ئىمان ئېيتمىغان كەلدانى قەۋمى ئۈستىگە توز-تومان شەكلىدە پاشىلار تۈپى باستۇرۇپ كېلىپ بۇتپەرەسلەرنىڭ قېنىنى شورىدى. ئۇ بەدبەخلەر قۇرۇغان ئىنسانلار ھالىگە كېلىپ ھالاك بولدى. بىر پاشا نەمرۇتنىڭ بۇرنىغا كىرىپ ئۇ يەردىن مىڭىسىغا ئۆتتى. ھاكاۋۇر نەمرۇت ئاغرىققا چىدىماي توقماق بىلەن بىشىغا ئۇرغۇزدى. نەتىجىدە تىزلىك بىلەن ئۇرۇلغان بىر توقماق بىلەن بېشى پارچىلاندى.

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

وَأَرَادُوا بِهِ كَيْدًا فَجَعَلْنَاهُمُ الأَخْسَرِينَ

**"ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق."** (ئەنبىيا، 70)

دۇنيا سەلتەنىتى، تەكەببۇرلۇقى يۈزىدىن نەمرۇت ۋە بەدبەخ قەۋىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولغان ھالدا قىنى پاشىلار تەرىپىدىن شۇرىلىپ قۇرۇق ئىنسانلار ھالىگە كېلىپ قالدى.

**قۇشلارنىڭ تىرىلىشى**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: "ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىشىڭدىكى قۇدرەت تەجەللىيىڭنى دۇنيا كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن!" دەپ ئىلتىجا قىلدى.

بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَى قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن قَالَ بَلَى وَلَكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِي قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ الطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ اجْعَلْ عَلَى كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ادْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا وَاعْلَمْ أَنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: "پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن" دېدى. ئاللاھ: "(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟" دېدى. ئىبراھىم: "ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)" دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: "قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ". بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (بەقەرە، 260)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆلگەن بىر جانلىق يېڭىدىن قانداق تىرىلدىغاندۇ دەپ، خىيال قىلىپ بۇنى ئۆزىگە كۆرستىشنى رەببىدىن تىلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئايەتتە دېيىلگىنىدەك ماددى بىر مىسال بىلەن جاۋاب بېرىپ، تىرىلىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلىمىدى. چۈنكى ئىنسان ئەقلى، يېڭىدىن تىرىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئايەتلەردە دېيىلگىنىدەك پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن بىرەر مۆجىزىدۇر. مۇھىم

بولغىنى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنى مۇتلەق سۈرەتتە تىرىلدۈرۈپ ھېسابقا تارتىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىمان ئېيتىشتۇر.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر نەرسىگە كۈچى يەتكەن ئاللاھ تائالا، ئۆزى خالىغان شەكىلدە تىرىلدۈرۈپ ھايات بەرگەنگە ئوخشاش بۇنى قۇللىرىنىڭ قولى ئارقىلىقمۇ يارىتىشى مۇمكىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بۇ ۋەقە بۇنىڭغا ئۆرنەك بولالايدۇ. شۈبھىسىز:

رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ

**"مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ"**. (بەقەرە، 258) دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام **"ئى رەببىم!"** دېگىنىدە: "ھايات بېرىشكە ۋە ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يەتكەن رەببىم" دېگەن بولىدۇ، **"ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىسەن؟"** دېيىشى بولسا بىر قاراشتا، "سېنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىشىڭنى بىلىمەن، پەقەت بۇنى قانداق قىلغىنىڭنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، سېنىڭ تىرىلدۈرۈشۈڭ ئەجىبا مېنىڭ ۋاستەم ئارقىلىق مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمىدۇ؟ ماڭ بۇنى كۆرسىتىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن." دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ **"ئىبراھىم، سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟"** دەپ ئاگاھلاندۇرغىنىدا ھەزرىتى ئىبراھىم: "ئۇنداق ئەمەس رەببىم! ئەكسىچە ئىمانىم كامىلدۇر، سەن خالىغان زامان ھاياتنى ماڭا مەندە كۆرسەتكىنىڭدەك، تىرىلدۈرۈشنىمۇ كۆرسىتەلەيسەن، پەقەت كۆڭلۈمنىڭ راھەت تېپىشى ئۈچۈن، ئۇ ئىماننىڭ بەرگەن شەۋقى بىلەن قەلبىمگە چۈشكەن ئۈمىد ۋە ھاياجاننى پەسەيتىش ئىماندىن يەقىينى (كەسكىن) بىلىمگە، ئۇ ئارقىلىق مۇشاھىدىگە (كۆرۈشكە) ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن." دېدى ۋە ئەسلى مەخسەتنىڭ ھەر تۈرلۈك نوقسانلىقلاردىن پاكلانغان بىر قەلبكە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ شەكىلدە "مەقامى-ھۇللەت" (چىن كۆڭۈلدىن ھەققى مۇھەببەت ۋە دوسلۇق ماقامىغا) ئېرىشىپ مەڭگۈلۈك خەلىلۇللاھ (ئاللاھنىڭ دوستى) بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەقلىنىڭ تۈنجى ۋەزىپىسى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتۇر. ئەقىل ھەر ئەھۋالدا بىر ئاساس، بىر باشلانغۇچ نوقتىسى ۋە تايانغۇچى ئىزدەيدۇ. ئۇنى ھەقنىڭ ئىززىتىگە تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ ساغلام قولپىغا ئېسىلىش ۋە ھېكمىتىگە بويسۇنۇش كېرەك.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىشىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە رىۋايەت بار. سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ رىۋايىتىدە ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى "خەلىلى" (دوست) قىلغانلىقىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام خوشخەۋەر قىلىپ كەلگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"بۇنىڭ ئالامىتى نېمە؟" دەپ سورىغىنىدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

"ئاللاھ تائالا سېنىڭ دۇئايىڭنى قوبۇل قىلىدۇ. سېنىڭ دۇئايىڭ بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىسەن، ماڭا كۆرسەتكىن!" دەپ دۇئا قىلدى. تەپسىر ھازىرىندە بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

"ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەريا بويىدا بىر ئۆلۈك ھايۋان كۆردى. ئۇنى دەريا ئىچىدە ئىكەن سۇ ھايۋانلىرى يەۋاتقىنىدا بىر سۇ دولقىنى ئۇ ھايۋاننى قىرغاققا ئاتقان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى يېيىشكە باشلىدى. خەلىلۇللاھ بۇ ئەھۋالدا بۇ پارچىلانغان پارچىلارنىڭ قانداق بىر يەرگە كېلىپ جەملىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھادىسە مەيدانغا كەلدى.

ئەبۇ سۇئۇد ئەپەندىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

نەمرۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

"روھلارنى بېرىش ئارقىلىق تىرىلدۈرۈش ۋە روھلارنى ئېلىش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈشنى كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟" دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى، شۇ زامان بۇ ئىبرەتلىك ۋەقە كۆرسىتىلدى.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر دانىدىن توز، قاغا، كەپتەر، خوراز ئېلىپ، تۆتىلىسىنى بوغوزلاپ پارچىلىغان ھالدا بىر-بىرى بىلەن ئارىلاشتۇردى. كېيىن تۆت پارچا ھالدا ئىگىزلىكتىن تۆت ئايرىم يەرگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە چاقىردى. ئۇلار دەرھال ئۆز ھالىتىگە قايتقان ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ئۇبەي ئىبنى ھەلەپ سېسىپ كەتكەن بىر سۆڭەكنى ئېلىپ قولىدا ئۇۋۇغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ:

"سېنىڭ ئاللاھىڭ بۇ سېسىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ھەئە، ئاللاھ سېنى تىرىلدۈرۈپ جەھەننەمگە تاشلايدۇ!" دېدى. (قۇرتۇبى، ئەل جامى، 15، 58؛ۋاھىدى، س، 379)

كەيىندىن شۇ ئايەت نازىل بولدى:

أَوَلَمْ يَرَ الْإِنسَانُ أَنَّا خَلَقْنَاهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ
وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي
أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ

**"ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى [77]. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: "چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟" دېدى [78]. ئېيتقىنكى، "ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر"** (ياسىن، 77،79)

مۇپەسسىر بەيزاۋىنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ تۆت قۇشنىڭ تاللىنىش ھېكمىتى مۇنداق:

"مال-دۇنيا كەيپى ساپاسىغا قارىتا مۇھەببەتنى ئازايتىش ۋە نەپسىنىڭ شەھۋىتىنى قىرىپ تاشلاشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ، توز قۇشىنى تاللىغان. شىددەتلىك ھۇجۇم، باستۇرۇش ۋە ھاياجانغا سەۋەپ بولغا غەزەپ قۇۋۋىتىنى تىزگىنلەشكە ئىشارەت قىلىپ ئۆزىدە غەزەپ سۈپىتى غالىپ بولغان خورازنى تاللىغان. ھەسەتخور ۋە كىشىلىكى بولمىغان ناچار سۈپەتلەردىن يىراق تۇرۇشنىڭ كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلىپ قاغىنى تاللىغان. نەپسىنىڭ ھاۋا-ھەۋەسلىرىنى يۇقۇتۇشقا ئىشارەت قىلىپ كەپتەرنى تاللىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىسسىدە ئەبەدى ھايات سۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان بىر كىشىنىڭ، نەپسى ئارزۇلىرىنى تەرىبلەپ، توغرا يولغا يۈزلەندۈرۈشى ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان يوللاردا قوللىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجەر ئانىمىز بىلەن ئۆيلىنىشى**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارە ئانىمىزدىن بالىسى بولمىدى، يېشىمۇ چوڭىيىپ قالدى. سارە ئانىمىز جارىيەسى بولغان ھاجەرنى ئازات قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆيلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىل دۇنياغا كەلدى ۋە نۇرى مۇھەممەدى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا كۆچتى. سارە ئانىمىز بۇ نۇرنى ئۆزىدىن كۆچىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ھاجەرنى باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھاجەر ئانىمىز ۋە ئوغلى ھەزرىتى ئىسمائىلنى ئادىمىزات بولمىغان مەككىگە ئېلىپ كەلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. مەككىنىڭ جايلاشقان يېرىگە كەلگەندە:

"ئى ئىبراھىم! ئائىلەڭنى بۇ يەرگە يەرلەشتۈرگىن!" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"بۇ يەر زىرائەت ۋە ھايۋانچىلىق قىلىشقىمۇ يارىمايدۇ" دېگىنىدە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

"ھەئە، لېكىن بۇ يەردىن سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ نەسلىدىن ئۇممى بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ ۋە " ئەل ـ كەلىمەتۇل ئۇليا (ئەڭ ئۇلۇغ سۆز بولغان) "تەۋھىد" ئۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ" دېدى. (ئىبنى سەئد، 1، 164)

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتى مۇنداق:

"ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىز ۋە ئېمىتىۋاتقان بالىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە ئېتىلىپ چىقىدىغان "زەمزەم" قۇدۇقىنىڭ يېنىدا بىر قورۇق دەرەخنىڭ ئاستىدا، يېنىغا بىر سىۋەت خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ بىلەن قويۇپ كەتتى. ھاجەر ئانىمىز ئارقىسىدىن تووۋلاپ:

"بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ كېتىشىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەنمۇ؟" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"ھەئە!" دەپ جاۋاب بەردى.

ھاجەر ئانىمىز تەسلىمىيەت ۋە تەۋەككۇل بىلەن:

" ئۇنداق بولسا رەببىم بىزنى ساقلايدۇ!" دەپ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتتى.

ھاجەر ئانىمىز ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كۆزدىن غائىپ بولغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

رَّبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ الصَّلاَةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِّنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُم مِّنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ

**"پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمىنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن."** (ئىبراھىم، 37) (بۇخارى، ئەنبىيا، 9)

وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ اجْعَلْ هَذَا بَلَدًا آمِنًا وَارْزُقْ أَهْلَهُ
مِنَ الثَّمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُم بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُ
قَلِيلاً ثُمَّ أَضْطَرُّهُ إِلَى عَذَابِ النَّارِ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: "پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تېنىچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن" دېدى. ئاللاھ: "كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن" دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!"** (بەقەرە، 126)

ئاللاھ تائالا ئىنكار قىلغانلار ئۈچۈنمۇ دۇنيادا ئۇلارنى رىزىقلاندۇرۇپ دۇنيا نېمەتلىرىدىن خالىغانچە پايدىلىنىش ئىمكانى بېرىدۇ. شۇ ھالدا دۇنيا نېمەتلىرىگە ئېرىشىش، دىندارلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ ئۇ مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلەرگىمۇ بېرىلىدۇ. دۇنيا نېمەتلىرى بىر ئىمتىھاندۇر. ياخشى-يامان بولۇشى نەتىجىسىگە باغلىقتۇر. مال-دۇنياسى ۋە قابىلىيىتى ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا ۋەسىلە بولسا ئۇ زامان بۇ ئىككى دۇنيا سائادىتىدۇر. لېكىن ئازغۇنلۇق ۋە يامانلىققا سەۋەپ بولسا، ئەبەدى ھاياتنى ۋەيران قىلىپ، پالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. بۇ دۇئا ۋەسىلىسى بىلەن، ھەج ۋە ئۆمرە قىلغان مۆمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرى بۇ شەھەرگە مۇھەببەت بىلەن تولۇپ، روھى جەھەتتىنمۇ ھوزۇر ئالماقتا. بۇ ساپ شەھەر بەرىكەتلىك بولۇپ خورما ۋە باشقا مېۋىلەر بىلەن تولۇپ تېشىۋاتىدۇ.

بولۇپمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسى ئۇ يەردىن **"زەم-زەم"** سۈيىنىڭ چىقىشىغا ۋەسىلە بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەن بىر تولۇم سۈيى تۈگىدى. ھاجەر ئانىمىز ساپا ۋە مەرۋە ئېگىزلىكى ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈردى. بۇ ئىككى ئېگىزلىك ئارىسى تۆت يۈز مېتىر كېلىدۇ. ھاجەر ئانىمىز بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ بىر تەرەپتىن ھەزرىتى ئىسمائىلغا قارىدى. ئۇ يەردە ئىنسان ئەمەس ئۇچار قۇشمۇ يوقتى. ھېچ بىر يەردە ھاياتلىقنىڭ ئىزلىرى كۆرۈلمىدى. ھاجەر ئانىمىز مەرۋە ئېگىزلىكى ئۈستىدە ئىكەن:

" ئورنىڭدا جىم تۇرۇپ، ياخشى ئاڭلا!" دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىدى. بۇ جىبرىئىلنىڭ ئاۋازى ئىدى. ھاجەر ئانىمىز دەرھال ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ:

**"سىلەر ھەر نەرسىگە قادىر بولغان ئاللاھقا ئامانەت! قانداق قىلارمىز دەپ ئەندىشە قىلماڭلار! شۇ يەر بەيتۇللاھنىڭ ئورنى. ئۇ ئۆيىنى شۇ بوۋاق بىلەن دادىسى بىلەن بىرلىكتە بىنا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئۆينىڭ ئىگىسىنى ئۆزى ساقلايدۇ!"** دېدى.

ھاجەر ئانىمىز بۇ خىتاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ئىنتايىن خوش بولغان ھالدا رەببىگە شۈكۈر قىلدى. سۇنىڭ تۆكەپ كېتىشىدىن قورقۇپ، قۇم بىلەن ئەتراپىنى ئېتىپ كۆلچەك قىلدى. سۇغا **"توختا، توختا"** مەنىسىدە بولغان **"زەم، زەم"** دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەرگە رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر ئۇ زەمزەمنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ ئەتراپىنى ئەتمىگەن بولسا ئىدى، ھەقىقەتەن زەمزەم داۋاملىق ئاققان بولاتتى." (بۇخارى، ئەنبىيا، 9)

تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەتنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئېتىلىپ چىققان بۇ سۇ، قىيامەتكىچىلىك ئۈممەتكە شىپا بولۇپ ئاقىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاجەر ئانىمىز، تەسلىمىيەتنىڭ نەتىجىسىدە بۈيۈك بەرىكەتكە ئېرىشتى. بۇ بەرىكەتنىڭ باشقا بىر كۆرۈنىشى ھاجەر ئانىمىزنىڭ "ساپا ۋە مەرۋە " ئارىسىدىكى يۈگۈرۈش (سەئيى) نىڭ قىيامەتقىچىلىق قىلىنىدىغان پۈتۈن ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرى ئۈچۈن بىر پىرىنسىپ بولغان ھالدا داۋاملىشىشىدۇر.

ئانا بالا ئىككىسى قۇرغاق ۋە ھېچكىم بولمىغان بۇ يەردە ھايات كەچۈردى. ئۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان جۇرھۇم قەبىلىسى، بىر قۇشنىڭ داۋاملىق بىر تەرەپكە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن ئۇچقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ يەردە بىر ھاياتلىقنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىشىپ ئۇ يەرگە ئىككى كىشى ئەۋەتتى. ئۇلار زەمزەم سۈيىنى كۆرۈپ، ھاجەر ئانىمىزدىن:

"بۇ يەرگە يەرلەشسەك بولامدۇ؟" دەپ، سورىدى.

ھاجەر ئانىمىز " سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋالماسلىق" شەرتى بىلەن رۇخسەت بەردى. شۇنداق قىلىپ مەككىگە تۇنجى يەرلەشكەن قەبىلە جۇرھۇم قەبىلىسى بولدى.

**قۇربان ئىمتىھانى**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىلدىن شامغا قاراپ يولغا چىققاندا:

وَقَالَ إِنِّي ذَاهِبٌ إِلَى رَبِّي سَيَهْدِينِ رَبِّ هَبْ لِي مِنَ الصَّالِحِينَ

**"ئىبراھىم ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرىغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ [99]. پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن."** (ساففات، 99 - 100)

بۇ يەردە قەلپتىن يەنى ئىچ ئالەمدىن ئەڭ ئۇلۇغ دوستتا توغرا بىر ۋۇسلات سەپىرىنىڭ ئىشارىتى بار. ئايەتنىڭ داۋامىدا ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ خوشخەۋىرى ۋە قۇربانلىق قىلىنىش ۋەقەسى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَام حَلِيم فَلَمَّا بَلَغ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَام أَنِّي
أَذْبَحُكَ فَانظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِن شَاء اللَّهُ مِنَ
الصَّابِرِينَ فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا
كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْبَلَاء الْمُبِينُ وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ وَتَرَكْنَا

عَلَيْهِ فِي الْآخِرِينَ سَلَامٌ عَلَى إِبْرَاهِيمَ كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ
إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُؤْمِنِينَ

**"بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق [101]. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: "ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟" دېدى. ئۇ ئېيتتى: "ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەبىر قىلغۇچى تاپىسەن" [102]. ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى [103]. بىز ئۇنىڭغا: "ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)" دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [104-105]. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر [106]. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق [107]. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق [108]. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! [109]. بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [110]. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر."** (سافقات، 100 - 111)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىز بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككەدە قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، سارە ئانىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكەن ئىدى. بەزىدە ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى. بىر قېتىم مەككىدە بىر چۈش كۆرگەن. چۈشىدە ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىۋاتاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشنى شەيتانىمىدۇر ياكى رەببانىمىدۇر دەپ شۈبھىلىنىپ قالدى. لېكىن ئەينى چۈش ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. بۇ كۈنلەر ھەج مەۋسىمىنىڭ تەۋرىيە ئەرەپە، ۋە قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى.

بىر رىۋايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"ئاللاھ ماڭا بىر ئوغۇل بەرسە ئۇنى قۇربانلىق قىلىمەن" دېگەن. بۇ سۆزى سەۋەبىدىن ئىمتىھان قىلىندى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام رەببىدىن كەلگەن ئىلاھىي ئەمرگە ئاساسەن ھاجەر ئانىمىزغا ئوغلى ئىسمائىلنى يۇيۇشنى، گۈزەل خۇشپۇراقلار چېچىشنى ئېيتىپ، ئۇنى بىر دوستىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئىسمائىلغا يېنىغا بىر يىپ ۋە بىر پىچاق ئېلىۋېلىشنى تاپىلىغان ھالدا:

"ئوغلۇم! ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمەن!" دېدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئەراپاتتا ھاجىلارنىڭ تۇرىدىغان يېرىگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئەسنادا شەيتان ئىنسان شەكلىدە ھاجەر ئانىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ئىبراھىم ئوغلۇڭنى نەگە ئېلىپ ماڭدى، بىلەمسەن؟" دېدى.

ئۇ:

"دوستىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى.

شەيتان:

"ئۇنداق ئەمەس، بوغوزلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى" دېدى.

ھاجەر ئانىمىز:

"ئۇ ئوغلىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ" دەپ قارشىلىق بەردى.

شەيتان داۋاملاشتۇرۇپ:

"ئاللاھ ئەمر قىلغانلىقى ئۈچۈن بوغوزلايدىكەن" دېگىنىدە، ھاجەر ئانىمىز:

**"ئەگەر ئاللاھ تائالا ئەمرەتكەن بولسا گۈزەلدۇر. تەۋەككۇل قىلىمىز"** دېدى.

ھاجەر ئانىمىز ئالدانمىغاندىن كېيىن شەيتان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭغىمۇ:

"داداڭ سېنى نەگە ئېلىپ بارىدۇ، بىلەمسەن؟" دەپ سورىدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

"دوستىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن" دېدى.

شەيتان:

"ئۇنداق ئەمەس، سېنى بوغوزلاش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى. رەببىنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق ئەمر قىلغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتىدۇ" دېدى.

ھەزرىتى ئىسمائىل جاۋابەن:

"ئۇ ئەمر قىلغان بولسا، خۇشاللىق بىلەن ئورۇندايمىز" دەپ، شەيتاننى تاش ئېتىپ قوغلىدى.

شەيتان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئالدىيالمىغاندىن كېيىن بۇ قېتىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قايتتى.

"ئى ئىبراھىم! ئوغلۇڭنى نەگە ئېلىپ كىتىۋاتىسەن؟ شەيتان سېنى چۈشۈڭدە ئالداپتۇ! ئۇ چۈش شەيتانىدۇر" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"شەيتان دېگەن ئۆزەڭ! دەرھال يېنىمىزدىن يىراقلاش!" دېدى. قولىغا يەتتە تال تاش ئېلىپ، ئۈچ ئايرىم يەردە شەيتانغا ئاتتى. ھاجىلارنىڭ شەيتانغا تاش ئېتىشى شۇنىڭدىن ئىتىبارەن باشلاندى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيىتىنىڭ بىر نىشانىسى بولغان ھالدا ئۈممىتىگە نەمۇنە بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مىنادىن ئەراپات تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئاسماندىكى پۈتۈن پەرىشتىلەر ھەيران قالغان ھالدا بىر ـ بىرلىرىگە:

"سۇبھانەللاھ! بىر پەيغەمبەر بىر پەيغەمبەرنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ!" دېيىشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلدى:

" ئوغلۇم! چۈشۈمدە سېنى قۇربانلىق قىلىش بىلەن ئەمىر قىلىندىم" دېدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

دادا، بۇنى ساڭا ئاللاھ ئەمىر قىلدىمۇ؟" دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"شۇنداق" دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

"دادا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ ئۇنى ئادا قىلغىن! ئاللاھ خالىسا مەن سەبىرى قىلىمەن!" دەپ جىنىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دادىسىنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن:

**"ئى دادا! نەمرۇت سېنى ئوتقا ئاتقاندا سەن سەبىر قىلغان ئىدىڭ. ئاللاھ سەندىن رازى بولدى. مەنمۇ قۇربانلىق قىلىنىشىمغا رازى بولىمەن. ئاللاھ خالىسا بۇنىڭ ئۈچۈن سەبرى قىلىمەن. سەندىن ئايرىلىپ رەببىمگە؛ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ئايرىلىپ جەننەتكە ئېرىشىمەن! مېنىڭ قايغۇم ئۆز قۇلۇڭ بىلەن قۇربانلىق قىلغان ئوغلۇڭ ئۈچۈن ئەۋلات ئاچچىقىنى بىر ئۆمۈر**

**ئۇنىتالماسلىقىڭدۇر. ئى دادا! كاشكى، بىر ئاز بۇرۇن دېگەن بولساڭ، ئانام بىلەن ۋىدالىشۋالغان بولاتتىم!"** دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"ئوغلۇم، ئاناڭنىڭ ئېتىراز قىلىشىدىن ئەنسىرىدىم!" دېدى.

ئۇ ۋاقىت ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تېخى 7 ياكى 15 ياشلاردا ئىدى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە:

"ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاسمان ۋە زېمىننى كۆرسەتكەن چاغدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا قارشى ئىسيان قىلىۋاتقان بىرسىنى كۆردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى ھالاك قىلدى. باشقا بىر ئاسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەددۇئا قىلدى. ئۇمۇ ھالاك بولدى. يەنە بىر ئىسيانكارنى كۆرۈپ ئۇنىڭمۇ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ئۇمۇ ھالاك بولدى. بۇ شەكىلدە بىرقانچە كىشى ھالاك بولدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيى قىلدى:

"ئى ئىبراھىم! سەن مۇتلەق دۇئاسى قوبۇل بولغان بىر زاتتۇرسەن! قۇللىرىمنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىلمىغىن! چۈنكى ئۇلارنىڭ مېنىڭ يېنىمدا ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىگى بار:

1. "ئىنسان بەلكى قىلغان خاتالىغى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى مۇمكىن، مەنمۇ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشىم مۇمكىن.

2. ياكى ئۇنىڭ نەسلىدىن مېنى زىكىر قىلىدىغان بىر ئەۋلات كېلىشى مۇمكىن.

3. ياكى قىيامەت كۈنى ئۇنى خالىسام مەغپىرەت قىلىشىم ياكى جازالىشىم مۇمكىن."

بايان قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا ئەمىر قىلىشىنىڭ بىر سەۋەبى، يۇقىرىدىكى ۋەقەلىكتە ئېيتىلغاندەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسى قۇللارغا بولغان مەرھەمىتىنىڭ ئاز بولۇشىدۇر.

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق زىكىر قىلىنىدۇ:

وَكَذَٰلِكَ نُرِي إِبْرَاهِيمَ مَلَكُوتَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ الْمُوقِنِينَ

**"ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق."** (ئەنئام، 75)

بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەر كېچە ئاسمانغا چىقىرىلدى. بىر كېچە ئاسمانغا چىقىرىلغاندا، يامان ئەمەل قىلغان بىر گۇناھكارنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

"ئى رەببىم! بۇ ئادەم سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭدىن يەيدۇ ۋە سېنىڭ زېمىنىڭدا يۈرۈيدۇ، شۇنداق تۇرۇپ، يەنە سېنىڭ ئەمرىڭنى قىلمايدۇ، ئۇنى ھالاك قىلغىن" دېدى.

ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ھالاك قىلدى. باشقا بىر گۇناھكارنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ ھالاك قىلىشنى، خالىغاندا شۇنداق نىدا قىلىنىدۇ:

"ئى ئىبراھىم! قۇللىرىمنى ھالاك قىلىشتىن ۋاز كەچ! ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ، سىلىقراق مۇئامىلە قىل! چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ئىسيانلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمەن، ئەمما ھالاك قىلمايۋاتىمەن!"

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەرگە چۈشكەندە قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان چۈش ئۆزىگە كۆرسىتىلدى. ئەۋلادىنىڭ بۈيۈك تەسلىمىيەت ئىچىدە:

"نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، ئۇنى بىجا كەلتۈر" دېگىنىدىن كېيىن خەلىلۇللاھ ئوغلىنى بوغوزلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى ۋە قولىغا پىچاقنى ئېلىپ مۇنداق دېدى:

"ئى رەببىم! بۇ مېنىڭ ئوغلۇمدۇر. قەلبىمنىڭ مېۋىسىدۇر ۋە ماڭا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملىكىدۇر."

بۇ ئەسنادا مۇنداق بىر نىدا كەلدى:

**"سەن مېنىڭ قۇلۇمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىغان كېچىنى ئەسلىدىڭمۇ؟ سەن ئوغلۇڭغا شەپقەتلىك بولغىنىڭدەك، مەنمۇ قۇللىرىم ئۈچۈن شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ سەن مەندىن قۇلۇمنىڭ ھالاك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان ئىدىڭ. مەنمۇ ھازىر سەندىن ئوغلۇڭنى قۇربانلىق قىلىشىڭنى خالايمەن!"** (رامازان ئوغلۇ، م.سامى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، س، 44-46)

ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن قۇربانلىق بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

"ئى شەپقەتلىك دادا! بىر قانچە تەلىۋىم بار:
1. قولۇم ۋە ئاياقلىرىمنى چىڭ باغلا، جان ئاغرىقىدا ۋاقىراپ، بىر نوقسانلىق قىلىپ سالماي.
2. كىيىمىڭنىڭ پېشىنى يىغىۋال، ئۇستۇڭگە قېنىم چاچرىمىسۇن.
3. جان ئاسان چىقىش ۋە سېنىڭ قىينالماسلىقىڭ ئۈچۈن پىچىقىڭ ئۆتكۈر بولسۇن.
4. پىچاق سالغاندا يۈزۈمگە قارىما! بەلكى دادىلىق شەپقىتى كېلىپ مەرھەمەت كۆرسىتىپ، چىدىيالماي ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كېچىكتۈرۈپ قويىسەن.
5. كۆڭلىكەمنى ئانامغا ئېلىپ بار! تەسەللى تاپسۇن! ئۇنىڭغا؛ "ئوغلۇڭ شاپائەتچى بولغان هالدا ئاللاھنىڭ هۇزۇرىغا كەتتى." دەرسەن.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆزىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ كۆپ يىغلىدى ۋە:
"ئوغلۇم! سەن ماڭا ئاللاھنىڭ ئەمر قىلغان بۇ ئىشىدا ياخشى ياردەمچى بولدۇڭ!" دەپ قوللىرىنى ئېچىپ:
**"ئى رەببىم ماڭا بۇ ئەھۋالىم ئۈچۈن سەبىر ئاتا قىلغىن، ياشانغانلىقىم سەۋەبى بىلەن ماڭا رەھمەت قىل!"** دەپ دۇئا قىلدى.
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامۇ:
**"ئى رەببىم! بۇ ئىشتا ماڭا سەبىر ۋە بەرداشلىق بەرگىن!"** دەپ، دۇئا قىلدى.
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىر ئازدىن كېيىن:
"دادا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى. پەرىشتىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتىدۇ: " ئى رەببىم سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن بىر پەيغەمبەر بىر پەيغەمبەرنى بوغوزلاش ئالدىدا... سەن ئۇلارغا مەرھەمەت قىل!" دەپ دۇئا قىلىۋاتىدۇ" دېدى.
ئارقىسىدىن:
**"دادا، مۇھەببەتنىڭ شەرتى ئەمرنى كېچىكتۈرمەسلىكىڭدۇر! بۇيرۇقنى ئىجرا قىل"** دەپ دادىسىغا غەيرەت بەردى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى يەرگە ياتقۇزۇپ:

**"ئى ئوغلۇم! قىيامەتكە قەدەر ساق ۋەدا بولسۇن! قايتا كۆرۈشۈش قىيامەتتە"** دەپ پىچاقنى قۇۋۋەت بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بوغۇزىغا ئۇردى. ئۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:

**"يېتىش، پىچاقنى دۈم قىل!"** دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال سىدرەدىن كېلىپ پىچاقنى دۈم قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە پىچاقنى قۇۋۋەت بىلەن ئۇردى، پىچاق يەنە ئۆتمىدى.

ئاللاھ تائالا:

**"ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن كۆرگەن چۈشىنى تەستىقلىدى ۋە ساداقەت كۆرسەتتى"** دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلاھىي ئەمىر بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتتا جەننەتتىن بىر قوچقار چۈشۈرۈپ تەكبىر ئېيتتى:

**"ئاللاھۇ ئەكبەر**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ تەكبىرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتتى:

**"لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر**

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ:

**"ئاللاھۇ ئەكبەر ۋەلىللاھىل ھەمدۇ**

دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەراپات كۈنى ناماز بومداتتىن باشلاپ ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ناماز ئەسىرگىچىلىك داۋاملاشقان "تەشرىق تەكبىرى" تاماملاندى.

ئاتا ـ بالا شۈكۈر قىلغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. ھاجەر ئانىمىز بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قايتا سارە ئانىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇتقا تاشلىنىپ نەپسىدىن، قۇربانلىق ئەمرى بىلەن ئەۋلادىدىن ئىمتىھان قىلىندى، تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت ئۇنى ھەر ئىككى ئىمتىھاندىن ئۆتەشكە سەۋەبچى بولدى. نۆۋەت مال دۇنيادىن ئىمتىھان بېرىشكە كەلدى. بىر رىۋايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىسى بولۇپ، بۇ ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كۆپلىگەن ئىتلىرى بار ئىدى. دۇنياغا رام بولغانلارغا ھاقارەت بولسۇن دەپ ئىتلىرىنىڭ بوينىغا ئالتۇندىن تاسما تاقايتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىنسان سۈرىتىدە كەلدى:

"بۇ چارۋىلار كىمنىڭ؟" دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
"رەببىمنىڭ، مەن بولسام ئامانەتچىسى!" دېدى.
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:
"ماڭا ساتامسەن؟" دېدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
"رەببىمنى بىر قېتىم زىكىر قىلغىن، ئۈچتە بىرىنى، ئۈچ قېتىم زىكىر قىلغىن ھەممىسنى ساڭا بىرەي!" دېدى.
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:
**"سۇببۇھۇن قۇددۇسۇن راببۇنا ۋە رەببۇل مەلائىكەتى ۋەررۇە**
دېدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
" ئال، ھەممىسى سېنىڭ، ئېلىپ كەت" دېدى.
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:
"مەن بولسام پەرىشتە، ئالالمايمەن!" دېدى.
بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
**سەن پەرىشتە بولساڭ، مەن ئاللاھنىڭ "خەلىلى" (دوستى) بەرگىنىمنى قايتۇرۇپ ئالالمايمەن!"** دېدى.

نەتىجىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چارۋىلىرىنى ساتتى. كەڭ بىر يەر ئېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ۋەقىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەقىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلاندى.

ئاللاھنىڭ خەلىلى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئۈچۈن پۈتۈن مال-مۈلكىنى پىدا قىلىپ مېلى بىلەن ئىمتىھان قىلىنىپ" ھەقىقى دوست" (خەلىل) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىندۇ:

وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى."**
(بەقەرە، 124)

**ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، رەببىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ساداقەت كۆرسىتىپ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ مۇكاپاتلىنىش ھالدا يەنە بىر ئوغول ئاتا قىلدى. ئايەتتە بۇ ئىلاھىي ئېھسان مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَبَشَّرْنَاهُ بِإِسْحَقَ نَبِيًّا مِّنَ الصَّالِحِينَ وَبَارَكْنَا عَلَيْهِ وَعَلَى إِسْحَقَ
وَمِن ذُرِّيَّتِهِمَا مُحْسِنٌ وَظَالِمٌ لِّنَفْسِهِ مُبِينٌ

**"ئۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر بولىدىغان ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق [112]. ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا (دىنىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ) بەرىكەتلىرىنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ، (گۇناھ ۋە كۇفرى بىلەن) ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ."** (سافغات، 112 - 113)

ئۇ زامان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 120 ياشتا، سارە ئانىمىز 90 ياكى 99 ياشلاردا ئىدى.

ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بىر توپ پەرىشتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىش خوشخەۋىرىنى بېرىپ ئۇنى خۇرسەن قىلدى، ئۇ يەردىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەتتى. پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىنسان سۈرىتىدە كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا موزاي گۆشى ئەكەلدى. لېكىن ئۇلار بۇ گۆشتىن يېمىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشخەۋىرىنى بېرىشتىن بۇرۇن بىر ئاز ئەندىشە قىلغان ھالدا:

"ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن بىر ۋەقە بولدىمۇ؟ ياكى مېنىڭ قەۋمىمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنمىدۇ؟" دەپ ئەندىشە قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ ھەقىقى پەرىشتە بولۇپ بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تەكرار ھالدا:

" تاماق يېمەمسىلەر؟" دېگىنىدە، ئۇلار:

بىز ھەقسىز يېمەيمىز!" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام باشتا "بىسمىللاھ" ئاخىرىدا " ئەلھەمدۇ لىللاھ" دېدى. پەرىشتىلەر:

**"ھەقىقى خەلىل"، ئاللاھنىڭ دوستى!"** دېيىشتى.

كەيندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

"ئەندىشە قىلما ئىبراھىم، بىز بۇ يەردىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بېرىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىمىز" دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كېلىش ۋە تاماق يېمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئېنىقلاندى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەندىشىسى يۇقالغاندىن كېيىن پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشخەۋىرى بېرىلدى.

بۇ سۆزلەرنى سارە ئانىمىز پەردە ئارقىسىدىن ئاڭلاپ تۇراتتى. سارە ئانىمىز ئۈستۈن بىر ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ھايالىق بىر ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. يولدىشىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن بۇ خوشخەۋەردىن ھەيران قالدى. پەرىشتىلەر بولسا:

"سەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە تەقدىرىگە ھەيران قىلىۋاتامسەن؟" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ خوشخەۋەردىن خۇرسەن بولۇپ، لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن مۆمىنلەرنىڭ مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئازاپىنىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلماقچى بولغىنىدا، پەرىشتىلەر بۇ ۋاقىتتا دۇئانىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى، بۇ ئازابىنىڭ يالغۇز كاپىرلارغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَقَدْ جَاءتْ رُسُلُنَا إِبْرَاهِيمَ بِالْبُشْرَى قَالُواْ سَلاَمًا قَالَ سَلاَمٌ

فَمَا لَبِثَ أَن جَاء بِعِجْلٍ حَنِيذٍ

**"شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: "ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز" دېدى. ئىبراھىم : "سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن" دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى."** (ھۇد، 69)

(ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، كەلگەنلەر جىبرىئىل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن پەرىشتىلەر ئىدى. بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ مىكائىل ۋە ئىسراپىل ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.)

فَلَمَّا رَأَى أَيْدِيَهُمْ لاَ تَصِلُ إِلَيْهِ نَكِرَهُمْ وَأَوْجَسَ مِنْهُمْ خِيفَةً قَالُواْ لاَ تَخَفْ إِنَّا أُرْسِلْنَا إِلَى قَوْمِ لُوطٍ وَامْرَأَتُهُ قَآئِمَةٌ فَضَحِكَتْ فَبَشَّرْنَاهَا بِإِسْحَقَ وَمِن وَرَاء إِسْحَقَ يَعْقُوبَ قَالَتْ يَا وَيْلَتَى أَأَلِدُ وَأَنَاْ عَجُوزٌ وَهَذَا بَعْلِي شَيْخًا إِنَّ هَذَا لَشَيْءٌ عَجِيبٌ قَالُواْ أَتَعْجَبِينَ مِنْ أَمْرِ اللّهِ رَحْمَتُ اللّهِ وَبَرَكَاتُهُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الْبَيْتِ إِنَّهُ حَمِيدٌ مَّجِيدٌ فَلَمَّا ذَهَبَ عَنْ إِبْرَاهِيمَ الرَّوْعُ وَجَاءتْهُ الْبُشْرَى يُجَادِلُنَا فِي قَوْمِ لُوطٍ

**"ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خوش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: "قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق" دېدى [70]. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق [71]. ئۇ (يەنى سارە): "ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!" دېدى [72]. ئۇلار: "ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسىلەر؟ ئاللاھ نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر" دېدى [73]. ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى."** (ھۇد، 70-74)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنكارچىلارغا كېلىدىغان ئومۇمى پالاكەت ۋە ئازابنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئازاپنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇردى.

إِنَّ إِبْرَاهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّاهٌ مُّنِيبٌ

**"ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر."** (ھۇد، 75)

بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ مۇھىم سۈپىتى زىكىر قىلىندى:

**ھەلىيم:** كۆپ سەبىرى قىلىش ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىلەردىن دەرھال ئىنتىقام ئالماي سەبىر ۋە بەرداشلىق كۆرسىتىشتۇر.

**ئەۋۋاھ:** ئاھۇ-پەريادى كۆپ بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ يامان ئەھۋالى ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىگە ئەپسۇسلىنىشتۇر.

**مۇنىب:** ئاللاھقا قەلبى بىلەن يۆنەلگەنلىكىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا مۇراجات قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا تاييىناتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇرۇن ئاسمانغا چىقىرىلغاندا ئاسلەرگە قىلغان ھالاك دۇئاسى تۈپەيلىدىن ۋاقى بولغان ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش نەتىجىسىدە قەلبى قۇللارغا بولغان مۇھەببەت بىلەن تولغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن لۇت قەۋمىگە كەلمەكچى بولغان ئىلاھىي ئازاپنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. پەقەت لۇت قەۋمى ئىلاھىي رەھمەتكە پۈتۈنلەي ئارقىسىنى قىلدى ۋە شۇ دەرىجىدە ئازدىكى ئازاپنىڭ كېلىشى تەقدىر قىلىندى. چۈنكى ئۇلار ئازاپنىڭ كېلىشىنى قەتتىلىك بىلەن ئارزۇ قىلىشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇلدىن كېلىشچە ئەسكىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ھەتتا ساپ ئىنسانلارنى ئارىسىدا كۆرۈشنى خالىماي: "ساپ ئىنسانلار ئارىمىزدىن چىقسۇن" دېگەن ئىدى. بۇ سەۋەپتىن:

يَا إِبْرَاهِيمُ أَعْرِضْ عَنْ هَذَا إِنَّهُ قَدْ جَاء أَمْرُ رَبِّكَ وَإِنَّهُمْ آتِيهِمْ عَذَابٌ غَيْرُ مَرْدُودٍ

**"(پەرىشتىلەر ئېيتتى) "ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىششنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ."** (ھۇد، 76)

بۇ ھەقىقەت زارىيات سۈرىسىنىڭ 24 - 30 - ئايەتلىرىدە ئەھمىيەتكە ئاساسەن ئوخشمايدىغان بىر ئۇسلۇبتا بايان قىلىنىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايرىم بىر سۈپىتى مۇساپىرپەرۋەرلىكى ئىدى. كىلىپ كەتكەن كىشىلەرنى يەپ-ئىچكۈزەتتى. بۇ سەۋەپتىن لەقىمى "ئەبۇل-ئەدياپ، مۇساپىرلەر ئاتىسى"دۇر.

ئۇ مۇساپىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، كۆپ ئىكرام قىلىدىغان، سېخى ۋە شەرەپلىك بىر پەيغەمبەر ئىدى. ھەتتا مۇساپىر كەلمىگەن كۈنلىرى، يولغا چىقىپ مۇساپىر ئىزدەپ يولدىن ئۆتكەن مۇساپىرلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلاتتى.

مۇساپىرپەرۋەرلىك، پەيغەمبەر سۈپىتىدۇر. يىمەك ۋە ئىچمەكتە نورمال بولۇشقا دىققەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە مۇساپىرگە ئىكرام ۋە مۇساپىرلىكتە يېيىلگەن يېمەكتە ئىسراپ يوقتۇر. پەقەت ئىكرام دەۋەتنىڭ دۇنياۋى ۋە نەپسانى مەنپەئەت چۈشەنچىسىدىن يىراق، "لىللاھ، ئاللاھ ئۈچۈن" بولۇشى زۆرۈردۇر.

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىشى**

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بولغان بىر قىز بىلەن ئۆيلەندى. ھەممەيلەن تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈپ ئىززەت كۆردى. ئۇلاردىن ئەرەپچە ئۆگەندى. ئانىسى ھاجەر ئانىمىز توقسان توققۇز يېشىدا ۋاپات بولدى. كەبىنىڭ يېنىغا "ھىجر" مەۋقىگە دەپنە قىلىندى.

ھەدىس شەرىپتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام توي قىلغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى، لېكىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆيدە يوق ئىدى. خانىمىدىن سۆرىدى. خانىمى:

"رىزىق تېپىش ئۈچۈن سىرىتقا چىقىپ كەتتى." دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"تۇرمۇش ئەھۋالىڭىز قانداق؟" دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ خانىمى:

"قاتتىقچىلىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە، ئەھۋالىمىز ئىنتايىن ناچار" دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"يولدىشىڭىز قايتىپ كەلگەندە مەندىن سالام ئېيتىڭ، ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ئالماشتۇرىۋەتسۇن!" دېدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگەندە، ئۆينىڭ ئىچىدە ھېس قىلغان گۈزەل خۇش پۇرىقىدىن دادىسىنىڭ كىلىپ كەتكەنلىكىنى پەرق ئەتكەن ھالدا:

"ئۆيگە بىرسى كەلدىمۇ؟ دەپ سورىدى. خانىمى:

"ھەئە، ياشانغان بىر زات كەلدى. مەندىن سېنى سوردى، جاۋاب بەردىم. تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى سۆرىدى. مەن قاتتىقچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتا ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتىم." دېدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

ۋەسىيەت قىلىپ بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئۇ:

"ساڭا سالام ئېيتىپ قويىشىمنى ۋە "ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ئالماشتۇرسۇن" دىيىشىمنى تەنبىھ قىلدى."دېدى.

بۇ سۆزلەردىن نېمە دىمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام خانىمىغا:

" ئۇ كەلگەن ياشانغان زات مېنىڭ دادام بولىدۇ. ماڭا سەندىن ئايرىلىشىمنى ئەمر قىپتۇ. سەن ئەمدى ئۆيەڭگە قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ!" دېگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. جۇرھۇم قەبىلىسىدىن باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ خالىغان بىر مۇددەتتىن كېيىن كەلگىنىدە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆيدە يوق ئىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭى توي قىلغان خانىمىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى سورىدى. خانىمى:

"رىزىق تېپىش ئۈچۈن سىرتتا چىقىپ كەتكەنلىكىنى" ئېيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ئەھۋالىڭىز قانداق؟ تۇرمۇش ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟" دەپ سوردى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خانىمى:

" ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز بەخىت سائادەت ۋە مولچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتىمىز." دەپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

"نېمە يەپ نېمە ئىچىسىلەر" دەپ سورىدى.

ئايال:

"گۆش يەپ، سۇ ئىچىمىز" دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

" ئى رەببىم! بۇلارنىڭ گۆش ۋە سۇلىرىنى مۇبارەك قىلغىن! رىزقىنى بەرىكەتلىك قىل!" دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خانىمىغا:

"يولدىشىڭغا مەندىن سالام ئېيتقىن، ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى مەھكەم تۇتسۇن!؟ دېدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، يەنە ئۆيدىكى خۇشپۇراقتىن دادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، خانىمىغا:

"ئۆيگە كەلگەن بولدىمۇ؟" دەپ سورىدى. خانىمى:

ھەئە، نۇر يۈزلۈك بىر ياشانغان زات كەلدى" دەپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

"سىزنى سورىدى. مەن "رىزىق تېپىش ئۈچۈن سىرىتقا چىقىپ كەتتى" دېدىم. "تۇرمۇشىڭىز قانداق؟" دەپ سورىدى. مەن "بەخىت سائادەت ئىچىدە" دەپ جاۋاب بەردىم دېدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

"ساڭا بىر نەرسە ۋەسىيەت قىلدىمۇ؟" دەپ سورىدى. خانىمى:

"ھەئە ئۇ مۆھتەرەم زات، ساڭا سالام ئېيتىشىمنى ۋە ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى مەھكەم تۇتسۇن!" دەپ ئەمىر قىلدى" دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

"ئۇ بولسا مېنىڭ دادامدۇر. سەن بولساڭ ئۆيىمىزنىڭ شەرەپلىك بوسۇغىسىدۇسەن. دادام سېنى خوش تۇتۇشىمنى ۋە ياخشى ئۆتىشىمنى ئەمىر قىلىپتۇ" دېدى. (بۇخارى، ئەنبىيا، 9)

بۇ قىسسىدىن شۇنى كۆرۋالغىلى بولىدىكى، شۈكۈر نېمەتنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە داۋاملىشىشىغا ۋەسىلە بولىدۇ. نېمەتلەرنى ئاز كۆرۈپ شىكايەت قىلىش بولسا، نانكۆرلۈكتۇر. نەتىجىسى نېمەتنىڭ ئازىيىشى، مەھرۇم قېلىش ۋە زىيان تارتىشتۇر.

### كەبىنىڭ بىنا قىلىنىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر قانچە يىلدىن كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇچاقلىشىپ دىدار كۆرۈشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا:

" رەببىمىزنىڭ ئەمرى بار. بىر ئۆي بىنا قىلىمىز، سەن ماڭا ياردەم قىلىسەن!" دېدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تاش توشىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆينىڭ تېمىنى قوپاردى. ماقامى ئىبراھىمدىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياق ئىزى بولغان مەرمەر تاش بولسا كەبىنىڭ تېمىنىڭ ئېگىزلىشى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شوتا بولۇپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كەبىنىڭ تېمىنى ئېگىزلەتتى.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: "پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن."**

(بەقەرە، 127)

كەبىنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋا جەننەتتىن چىقىرىلغاندا يەر يۈزىدە ئەراپاتتا بىر-بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. جەنۇپ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەبىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ كۆرۈشۈشنىڭ شۈكرى ئۈچۈن رەببىگە ئىبادەت قىلىشنى خالاپ، جەننەتتە ئىكەن ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىپ ئىبادەت قىلغان نۇردىن بولغان تۈرۈكنى تەكرار بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئۇ نۇردىن بولغان تۈرۈك ئۇ يەردە تەجەللى بولدى (ئوتتۇرىغا چىقتى). ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلدى. بۇ نۇر تۈۋرۈكى شىت ئەلەيھىسسالام زامانىدا يوقاپ كېتىپ، ئورنىغا بىر قارا تاش قالدى. شىت ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئورنىغا تاشتىن ئۇنىڭغا ئوخشاش تۆت بۇلۇڭلۇق بىر ئۆي بىنا قىلدى ۋە ئۇ قارا تاشنى بىنانىڭ بىر بولۇڭىغا يەرلەشتۈردى. بۈگۈنكى **ھەجرى ئەسۋەت** دەپ بىلىنگەن قارا تاش ئۇ تاشتۇر. كېيىن نۇھ توپانىدا بۇ بىنا ئۆزۈن زامان قۇم ئاستىدا بېسىلىپ قالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كەبىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالى بىلەن بىرلىكتە ئۇ يەرگە يەرلەشتى. كېيىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كەبىنىڭ ئورنىنى كولاپ

ھەزرىتى شىت تەرىپىدىن ياسالغان بىنانىڭ ئىزنى تاپتى ۋە ئۇنىڭ ئۇلىنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن مەۋجۇت بولغان كەبىنى بىنا قىلدى. ئايەتتە:"بەيتۇللانىڭ ئاساسىنى ئىگىزلەتتى" جۈملىسى، بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىشىغا بىر ئالامەت بولسۇن دەپ ھەجرى-ئەسۋەتنى كەبىنىڭ بىر بولۇڭىغا يەرلەشتۈردى. رىۋايەتلەردە بۇ قارا تاش جەننەتتىن چىققاندا ئاق بولۇپ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭ قارداپ كىتىشىگە سەۋەپ بولغان. (ئىبنى ھەنبەل، 1، 307)

جاھىلىييە ۋە ئىسلام دەۋرىدە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ئوت كېتىش ۋەقەلىرى ئۇنىڭ تېخىمۇ قارداپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى.

كەبىنىڭ بىناسى تاماملانغاندا ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلدى:

رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ

**"پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن [128]. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن" دېدى."** (بەقەرە، 128-129)

ئايەتتە ئۆتكەن دۇئا بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

"مەن ئاتام ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى، قېرىندىشىم ئىسانىڭ خوشخەۋىرى ۋە ئانام ئامىنىنىڭ كۆرگەن چۈشى بولىمەن." دېگەن. (ئەھمەت ئىبنى ھەنبەل، 5، 262؛ ھاكىم، ئەل مۇستەدرەك، 11، 453)

ئىككى جاھان قۇياشى كائىناتنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك نەسلى مۇنۇلاردۇر:

1. **مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام،**
2. **ئابدۇللاھ،**
3. **ئابدۇلمۇتتەلىب، (شەيبەتۇل-ھەمدۇ** دەپمۇ خىتاپ قىلىنىدۇ)
4. **ھاشىم،**
5. **ئابدۇمەناپ، (ئەسلى ئىسمى مۇغىرەدۇر)**
6. **كۇسەي، (زەيىد دەپمۇ ئاتىلىدۇ)**
7. **ھاكىم، (كىلاب)**
8. **مۇررە،**
9. **كەئب،**
10. **لۇئەيي،**
11. **غالىب،**
12. **فىھر، (قۇرەيش)**
13. **مالىك،**
14. **نادىر،**
15. **كىنانە،**
16. **ھۇزەيمە،**
17. **مۇدرىكە،**
18. **ئىلياس،**
19. **مۇدار،**
20. **نىزار**
21. **مائاد،**
22. **ئادنان**

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ پاك نەسلى، ئادنانغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئادنان بولسا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن. پەقەت بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى زامان ئېنىق ئەمەس.

خۇلاسىلىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشى بولۇپمۇ كائىناتنىڭ پەخرى، مەۋجۇدىيەت نۇرى بولغان مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەشرىپ قىلىشى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەر

تارىخىدىكى مۇستەسنا ۋە مۇھىم ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كەبە ۋە ھەج پرىنسىپلىرى بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان روھانى خاتىرلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان. بولۇپمۇ مىليۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر كۈن بەش ۋاقىت نامازلىرىدىكى تەھىيياتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلىغان دۇرۇتىنى زىكىر قىلىدۇ.

ئەبۇ مۇھەممەد كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭغا:

" ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ساڭا قانداق سالام بېرىدىغانلىقىمىزنى ئۆگەندۇق، پەقەت ساڭا قانداق سالاۋات كەلتۈرىمىز؟" دەپ سورىدۇق. ئۇ بولسا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئاللاھۇممە سەللى ۋە بارىك دۇئاسىنى: "ئى رەببىم! (ئىبراھىمغا ۋە ئائىلىسىگە) رەھمەت قىلغىنىڭغا ئوخشاش، مۇھەممەدكە ۋە ئائىلىسىگە سالات (رەھمەت) قىلغىن. ھەقىقەتەن ماختىنىشقا لايىق ۋە ئۇلۇغسەن، "ئى رەببىم (ئىبراھىمغا ۋە ئائىلىسىگە) خەيىر ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك مۇھەممەدكە ۋە ئائىلىسىگە خەيىر ۋە بەرىكەت ئېھسان قىلغىن. ھەقىقەتەن ماختىنىشقا لايىق ۋە ئۇلۇغسەن! دەڭلار" دېگەن ئىدى.

## ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەججى ۋە ئىنسانلارنى ھەج قىلىشقا دەۋەت قىلىشى

كەبىنىڭ بىناسى تاماملانغاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ھەزرىتى ئىبراھىمغا:

"ئۇنى تاۋاپ قىلغىن!" دېدى. ئاتا-بالا ئىككىسى ھەر بىر قېتىمقى تاۋاپتا ھەجرى ئەسۋەتكە سالام بېرىش ئارقىلىق بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلدى. ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەجنىڭ باشقا شەرتلىرىنى ئادا قىلدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلارنى ھەج قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا:

"ئى ئىنسانلار، رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار!" دەپ چاقىرغان ھالدا ئاڭلاتقىن" دەپ بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

ئاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا:

" ئى رەببىم! مېنىڭ ئاۋازىم پۈتۈن ئىنسانلارغا قانداق يېتىپ بارىدۇ؟" دەپ سورىدى.

ئاللاھ تائالا:

"سەن چاقىرغىن! بۇنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش مېنىڭ ئىشىمدۇر" دېدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ

**"كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئۇرۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئۇرۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ."** (ھەج، 27)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى مەككىگە كىلىپ ھەج قىلاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىن بولغان ئۈممەتلىرىمۇ مەككىگە كىلىپ ھەج قىلدى. ئۈممىتى ھالاك بولغان پەيغەمبەرلەر مەككىگە كېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ يەردە تائەت ۋە ئىبادەت قىلدى. بۇ شەكىلدە ھەج قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ توقسان توققۇزىنىڭ ماقامى ئىبراھىم بىلەن زەمزەم ئارلىقىدىكى يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى، يەتمىش پەيغەمبەرنىڭ بولسا مىنادىكى مەسجىددە ناماز ئوقۇغانلىق رىۋايىتى بار.

### ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا ۋە يالۋۇرىشى

قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ دۇئاسى نەقىل قىلىنغان پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ ھەر ۋەسىلە بىلەن ئۇلۇغ رەببىگە كۆڭۈلدىن دۇئا قىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانلاردىن باشقا ئۇنىڭ مۇنۇ دۇئالىرىمۇ بار:

رَبَّنَا إِنَّكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِي وَمَا نُعْلِنُ وَمَا يَخْفَى عَلَى اللّهِ مِن شَيْءٍ فَي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاء

**"پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس."** (ئىبراھىم، 38)

الْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى الْكِبَرِ إِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ الدُّعَاء

**"جىمى ھەمدۇسانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر! پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر)"** (ئىبراھىم، 39)

رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلاَةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاء

**"پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن."** (ئىبراھىم. 40)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇئەرا سۈرىسىدە چىن كۆڭلىدىن يېلىنىپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ وَاغْفِرْ لِأَبِي إِنَّهُ كَانَ مِنَ الضَّالِّينَ وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ

**"پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن [83]. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن [84]. مېنى نازۇ-نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن [85]. ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى [86]. ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن [87]. ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ."** (شۇئەرا، 83 - 89)

قەلبى سەلىم كىشى، مېلىنى خەيرلىك يوللارغا سەرپ قىلىپ، ئەۋلادىغا ھەق يولنى كۆرسىتىپ، قەلبىنى مال ۋە ئەۋلاتلىرىنىڭ پىتنىسىدىن، دىنىي

ھەققىدە جاھىل قالمىغان، ناچار ئەخلاقتىن ۋە ھەر تۈرلۈك يامان سۈپەتلەردىن يىراق قالغان كىشىدۇر.

ئەبۇل قاسىم ئەل ھاكىمنىڭ دېيىشىچە، قەلبى سەلىمنىڭ ئۈچ ئالامىتى بار::

1. ھېچكىمگە ئەزىيەت بەرمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدۇ،
2. ھېچكىمدىن ئەزىيەت چەكمەيدۇ،
3. بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلغاندا، ئۇ كىشىدىن بىر نەرسە ئۈمىد قىلمايدۇ.

چۈنكى ئىنسان ھېچكىمگە ئەزىيەت بەرمىگەندە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ۋەرا (يۈكسەك تەقۋا دەرىجىسى) تەقۋالىق بىلەن، ھېچكىمدىن ئەزىيەت چەكمىگىنىدە ۋاپا بىلەن، قىلغان ياخشىلىقىدىن مۇكاپات ئۈمىد قىلمىغىنىدا ئىخلاس بىلەن بارىدۇ.

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرى**

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيي قىلدى:

**"ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ دوستۇم، مەنمۇ سېنىڭ دوستۇڭ. شۇنىڭغا دىقەت قىلغىن، قەلبىڭگە مۇتتالى (ۋاقىپ خەۋەردار) بولغىنىمدا ئۇنى مەندىن باشقىسىدا تاپماي. ئۇنداق بولمىغاندا مۇھەببىتىمنى ئۈزىمەن. چۈنكى مەن مۇھەببىتىم ئۈچۈن شۇنداق بىرسىنى تاللىدىمكى، ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشنى خالىغان بولساممۇ يەنە قەلبى مەندىن باشقىسىغا ئىلتىپات قىلمايدۇ ۋە مەندىن باشقىسى بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. ئۇ مەن ئۈچۈن مۇنداق قىلىدىكەن مەنمۇ ئۇنىڭ قەلبىگە مۇھەببىتىمنى قويىمەن. ئۇنىڭغا قىلغان ئېھسانلىرىمنى داۋاملاشتۇرىمەن. ھەتتا ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىن قىلىمەن."**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن نەسىھەت تەلەپ قىلغانلارغا مۇنداق دېدى::

"ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭلاردا سىلەر ئاخىرەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار. ئۇلار تاشقى كۆرۈنىشىنى زىننەتلەش بىلەن مەشغۇل بولسا سىلەر قەلبىڭلارنىڭ زىننىتى بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار. ئۇلار باغ، باغچە ۋە سارايلارنىڭ مىمارى بىلەن مەشغۇل بولسا سىلەر قەبرىلەرنىڭ مىمارى بىلەن مەشغۇل بۇلۇڭلار. ئىنسانلار بىر-بىرلىرىنىڭ ئەيىپلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئەيىپلىرى بىلەن مەشغۇل بۇلۇڭلار."

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شانى شۇنداق ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەركى، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تەسسىق قىلمىغان مىللەت ئازدۇر. ئەرەپ مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ ئەۋلادى ۋە مەنسۇپلىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىش بىلەن ئۇستۇنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇشرىكلەر بىلەن بىللە يەھۇدى، خرىستىئان ۋە مۇسۇلمانلارمۇ ھۆرمەتلىدى. خەلقئالەمنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ئۇنىڭ پەزىلەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋىسىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەدەر ھېچ بىر پەيغەمبەرگە نىسىپ بولمىدى. قۇرئان غەيرى مۇسلىملەرنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئىلگىرى سۈرگەن پىكرىگە قارشى مۇنداق دەيدۇ:

مَا كَانَ إِبْرَاهِيمُ يَهُودِيًّا وَلاَ نَصْرَانِيًّا وَلَكِن كَانَ حَنِيفًا مُّسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ إِنَّ أَوْلَى النَّاسِ بِإِبْرَاهِيمَ لَلَّذِينَ اتَّبَعُوهُ وَهَذَا النَّبِيُّ وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَاللّهُ وَلِيُّ الْمُؤْمِنِينَ

**"ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى [67]. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر."** (ئال ئىمران، 67-68)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئادەم كېلىپ: "ئى خەيرۇل بەرىييە، ئى يارىتىلىشى ئەڭ گۈزەل بولغان زات" دەپ خىتاپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

"بۇ سۈپەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىدۇر." (مۇسلىم، فەزائىل، 150)

ئیبراهیم ئەلەیهیسسالام





# ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

قۇرئان كەرىمدە ئىسمى زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەردىن بىرىدۇر. ئۇ "ئاللاھنىڭ قۇربانى" دېگەن مەنىدە كەلگەن "زەبىھۇللا" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام يەمەندىن كەلگەن جۇرھۇم قەبىلىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئىسمىنىڭ مەنىسى "ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان" دېگەن بولۇپ، ئىبرانىچە تەلەپپۇزى ئىسمۇيەل ئىدى. ئەرەبلەر ئىسمائىل دەپ ئاتىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ باللىرى بىلەن چوڭ بولۇپ، ئۇلاردىن ئوق ئېتىشنى ئۆگەندى. يىگىتلىك يېشىغا كەلگەن چاغدا ئىنتايىن ئۇستا بىر نىشانچى بولۇپ نىشاننى دەل جايىغا تەككۈزەتتى. ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر جامائەت، ئوق ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

" ئى ئىسمائىل ئوغۇللىرى! ئوق ئېتىڭلار! سىلەرنىڭ ئاتاڭلارمۇ ماھىر ئوقچى ئىدى." (بۇخارى، ئەنبىيا، 9)

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كەبە ۋە ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇردى. تۇنجى قېتىم كەبىنىڭ ئۈستىگە يوپۇق ياپتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بەردى. ئۇنى مەككە ۋە ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان جۇرھۇم ۋە ئەمالىقە خەلقى بىلەن يەمەن قەبىلىسىگە، مەئرىب ۋە ھەزرىمەۋت تەرەپلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەللىك يىل ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بەزىلىرى ئىمان ئېيتىپ، بەزىلىرى ئىمان ئېيتمىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام سەبىر ۋە تاقەت بىلەن ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَإِسْمَاعِيلَ وَإِدْرِيسَ وَذَا الْكِفْلِ كُلٌّ مِّنَ الصَّابِرِينَ

**"ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفللارنىڭ (قىسسىسىنى باياق قىلغىن). (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى سەبىرلىك ئىدى (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى)."** (ئەنبىيا، 85)

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋەدىسىگە سادىق، ناماز، زاكاتنى ئادا قىلغان ۋە رەببىنىڭ دەرگاھىدا رازىلىققا ئېرىشكەن بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلىرى باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا
وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا

**"(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى [54]. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى."** (مەريەم، 54 - 55)

**مۆجىزىلىرى**

1. تىكەنلىك يەرنى ياپ ـ يېشىللىققا ئايلاندۇرۇش،
2. قۇرىلىماس قويلاردىن ئۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن سۈت چىقىشى،
3. قويلارنىڭ يۇڭلىرىنىڭ يىپەككە ئوخشاش بولۇشى،
4. دۇئا قىلىشى بىلەن يېنىدىكى قۇملارنىڭ ئۇنغا ئايلىنىشى،
5. زەمزەم سۈيىنىڭ ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن چىقىشى ۋە قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىشى

فارىق سۈپىتى: سەبىر، ھەلىم ۋە تەسلىمىيەتتۇر.

**ئەلەيىسسالام...**

N


ئىسھاق ئەلەيھىسسالام

## نەسلىدىن بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرى كەلگەن
## ئىسھاق ئەلەيھىسسالام

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارەدىن بولغان ئوغلىدۇر. تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان سۈپىتى مۇنداق:

"ئۇزۇن بويلۇق، قارا كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۈزەل يۈزلۈك، سۆزى راۋان، چاچ ـ ساقاللىرى ئاپ ـ ئاق ئىدى. سۈرەت ۋە شەكلى، دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايتتى.

قۇرئان كەرىمدە ئىسھاق ئەلەيھىسسالام مۇنداق مەدھىيلەنگەن:

وَاذْكُرْ عِبَادَنَا إبْرَاهِيمَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ أُوْلِي الْأَيْدِي وَالْأَبْصَارِ إِنَّا أَخْلَصْنَاهُم بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى الدَّارِ وَإِنَّهُمْ عِندَنَا لَمِنَ الْمُصْطَفَيْنَ الْأَخْيَارِ

**"ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن [45]. ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىمي كىشىلەر قىلدۇق [46]. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر."** (ساد، 45-47)

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شام ۋە پەلەستىن خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى تاللانغان ۋە خەيرلىك بىر ئىنسان قىلدى. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَبَشَّرْنَاهُ بِإِسْحَقَ نَبِيًّا مِّنَ الصَّالِحِينَ وَبَارَكْنَا عَلَيْهِ وَعَلَى إِسْحَقَ وَمِن ذُرِّيَّتِهِمَا مُحْسِنٌ وَظَالِمٌ لِّنَفْسِهِ مُبِينٌ

**"ئۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر بولىدىغان ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق [112]. ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا (دىنىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ) بەرىكەتلىرىنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ، (گۇناھ ۋە كۇفرى بىلەن) ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ."** (سافىفات، 112-113)

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ياشانغان چېغىدا، كۆزلىرى ئاجىزلاپ ئەما بولۇپ قالدى. ياقۇپ ۋە ئىيستىن ئىبارەت ئىككى قوشكېزەك ئوغلى دۇنياغا كەلدى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى ئوغلىغا ئايرىم دۇئا قىلدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا نەسلىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشىگە، ئىيسقا بولسا ئەۋلاتلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇنىڭ نەسلىدىن پادىشاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ كېلىشىگە دۇئا قىلدى.

**ئوخشىمىغان رىۋايەتلەردە دېيىلگەن مۆجىزىلىرى**

قەۋمى ئۇنىڭغا:

"ھايۋانلار سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىمان ئېيتمىسا، بىزمۇ ساڭا ئىمان ئېيتمايمىز!" دېگەندە:

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارغا:

" ھايۋانلار! مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئېيتىڭلار!" دېدى.

تۆگە: **"سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!"** دېدى.

كىيىك: **"سەن خەلىلۇللاھنىڭ ئوغلى!"** دېدى.

ئۆچكە: **"سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭ ئىمان ئېيتمىغان جەھەننەمگە كىرىدۇ!"** دېدى.

يەنە قۇددۇستا دىنىنى تەبلىغ قىلغاندا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامغا:

" ئەگەر شۇ تاغنى ھەرىكەتلەندۈرسەڭ، ساڭا ئىمان ئېيتىمىز!" دېگەن.

تاغ شىددەت بىلەن تىترىگەن ۋە قۇددۇس خەلقى ئىمان ئېيتقان. قەۋمىگە تەبلىغ قىلىۋاتقاندا، بىرىسى بىرقانچە كالىنىڭ تىرىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ھالدا:

"بۇلارنى تىرىلدۈرگىن!" دېدى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام تىرىلەرنىڭ ئىچىگە قۇم تولدۇرۇپ دۇئا قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىلدى.

باشقا بىر مۆجىزىسى، قولى بىلەن سىلىغان قوي قوزىلايتتى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام رىۋايەتلەردە يۈز ئاتمىشقا كىرگەن بولۇپ، بۈگۈنكى پەلەستىندىكى قۇددۇسنىڭ ئەتراپىدا ۋاپات بولغان دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. (ئىبنى ئەسىر، ئەل كامىل، 1، 127)

**ئەلەيھىسسالام!.**

## تەۋەككۇل، تەسلىمىيەت ۋە ھەج

تەۋەككۇل، تەسلىمىيەت، ھەج زىكرى قىلىنغاندا ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. چۈنكى ھەج، ئۇلارنىڭ ئىخلاسى نەتىجىسىدە قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان سالىھ ئەمەلدۇر.

تەۋەككۇل لۇغەتتە " بەرداشلىق بېرىش، ئىشەنچ، ۋەكىل تۇتۇش ۋە ۋەكىلگە ئىشىنىش" دېمەكتۇر. تەسەۋۋۇپتا بولسا كۆڭلى ئاللاھ بىلەن تولغان بىرسىنىڭ يالغۇز ئۇنىڭغا ئىشىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولىدىكى ھاسىسىنى سورىدى ۋە "ئۇنى قولۇڭدىن ئات!" دەپ ئەمر قىلدى. چۈنكى ھاسا، ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان تەۋەككۇلىگە سايا چۈشۈرۈۋاتاتتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَعلَى اللّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ

**"مۆمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)."** (ئىبراھىم، 11؛ تەۋبە، 51)

وَعَلَى اللّهِ فَتَوَكَّلُواْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**"... ئەگەر (ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار" دېدى."** (مائىدە، 23)

ھەدىس شەرىپتە:

"ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقى تەۋەككۇل قىلالىساڭلار، سەھەردە قۇساقلىرى ئاچ ھالدا چىقىپ، ئاخشاملىرى توق قايتقان قۇشلار رىزىقلانغاندەك رىزىقلىنىسىلەر!" دېيىلگەن. (تىرمىزى، زۇھد، 33؛ ئىبنى ماجە، زۇھد، 14)

تەۋەككۇل، تەدبىرنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ قۇدرەت تەجەللىسىگە سېغىنىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَشَاوِرْهُمْ فِي الأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ

**"...ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ."** (ئال ئىمران، 159)

سەۋەپلەرنىڭ مۇسەببىبى ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ خالىغان ۋاقىتتا تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ سىرتىدا ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدۇ.

چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن، ئايالى ھاۋۋانى بولسا ئۇنىڭ بەدىنىدىن ياراتتى.

كۆپىنچە قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىز شەكىلدە ھەزرىتى مەريەمدىن مەيدانغا كەلتۈردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى نەمرۇتنىڭ ئوتىدا كۆيۈشتىن ساقلاپ، ئوتقا بىۋاستە: **"ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە سالامەت بول!"** ئەمرىنى بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ھاسا بىر قېتىم ئۇرۇش بىلەن دېڭىزدىن قارشى تەرەپكە ئۆتىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ، ئۇنى ۋە قەۋمىنى مۆجىزىلىك ھالدا پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇردى.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى يۈز يىل ئۇيقۇ ھالىتىدە ئۆلتۈردى. بۇ ئۇزۇن بىر مۇددەت ئىچىدە يېنىدىكى تامىقىنى بۇزماستىن ئۆز پېتى ساقلىدى، ئۆلگەن ئىشىكىنى سۆڭەكلىرىگە گۆش قوندۇرۇش ئارقىلىق تىرىلدۈردى.

ئەسھابۇلكەھفنى ئۈچ يۈز يىل سۇسىز ۋە ئوزۇقسىز ھالەتتە ئۇيقۇدا ياشاتتى..

ئۇ جانلىقنى ياراتقان ئالاھ تائالا خالىغىنىنى سۇ ئۈستىدە ماڭدۇرىدۇ، خالىغىنىنى ھاۋادا قاناتسىز ئۇچۇرىدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى يوق قىلىپ، قەلبى بىر كۆز ھالىگە كەلتۈرۈپ باشتىكى كۆز بىلەن كۆرەلمىگەن ئالەمنى قەلب كۆزى بىلەن تاماشا قىلدۇرىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئوتنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرمىگەنلىكىنى ئۆرنەك ئالغان ھالدا بىر كىشىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئوخششىنى چۈشىنىشى ھەددىنى بىلمەسلىكتۇر. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىقتۇر.

ھەزرىتى مەۋلانا بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

"ئاللاھ يولىدا ئوتقا كىرىش بار. لېكىن ئوتقا كىرىشتىن بۇرۇن، سەندە ئىبراھىمنىڭ سۈپىتى بارمۇ يوق، ئۇنى كۆزدىن كەچۈر! چۈنكى ئوت سېنى ئەمەس، ئىبراھىملارنى تونۇيدۇ ۋە ئۇلارنى كۆيدۈرمەيدۇ!"

خۇلاسىلىغاندا، بىر كىشىنىڭ كامالەت ئىگىسى ۋە ماقامى ئالى زاتلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرىشى ئۇرۇنسىز ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتتۇر. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تەدبىرلىك بولۇپ، ئىمكانىيەت ئىچىدە چارە ئىزدەش، نەتىجىسى ھەققىدە تەۋەككۇل قىلىپ ئاللاھقا سىغىنىشتۇر. چۈنكى تەدبىرسىز تەۋەككۇلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن.

بىر بەدەۋى:

"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! تۆگەمنى چۆلدە قويۇپ بېرىپ تەۋەككۇل قىلدىم!" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

"تۆگىنى باغلا، ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋەككۇل قىل!" دېدى. (تىرمىزى، قىيامەت، 60)

خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ، بىر سەپەر ئەسناسىدا ئىسلام قوشۇنىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان يەرگە كىرىشىنى خالىمىدى. قوشۇننىڭ قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە بىن جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى خەلىپە! ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قېچىۋاتامسەن؟" دېدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

**"ياق، بىز ئاللاھنىڭ بىر تەقدىرىدىن باشقا بىر تەقدىرىگە سىغىنىۋاتىمىز!"** دەپ جاۋاب بەردى.

ھەدىس شەرىپتە:

"ساق كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېسەللەرنى يۇلاتماڭلار!" (بۇخارى، تىب، 53؛ مۇسلىم، سەلام، 104) دېيىش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللەردىن قوغدىنىشقا چاقىردى.

مۆمىنلەرنىڭ ھەر ئىككى دۇنيادا ياردەمچىسى ئاللاھتۇر. كىم ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر. شەخسى ۋە ئىجتىمائى بەخت سائادەت ئۇنىڭغا قايتىشتا، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشتا.

تەسلىمىيەت: لۇغەتتە بويۇن ئېگىش، باشقا كەلگەن ھادىسىلەرنى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلىش ۋە سەلامەتكە چىقىش دېگەنلىكتۇر. تەسلىمىيەت قەلبنىڭ بىر پەزىلى بولۇپ، ئاللاھ تەرىپىدىن خەۋەر بېرىلگەن خۇسۇسىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەك-شۈبھىلەردىن، ئىلاھىي ئەمىرلەرگە قارشى نەپسانى ئارزۇلاردىن، ئىخلاس

بىلەن چىقىشالمىغان تەلەپلەردىن، ئىلاھىي تەقدىر ۋە شەرئىي شەرىپكە ئېتىراز ئىللىتىدىن قۇتۇلۇش دېمەكتۇر.

تەسلىمىيەت ھالى، پەقەت خاتىرجەملىك دەرىجىسىدىكى بىر ئىشەنچ تۈيغۇسى سايىسىدا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. بۇ ئىشەنچ قىلىنغان جانلىقنىڭ ھەر تەرەپتىن ئۆزىگە ئىشىنەلەيدىغان بىر سۈپەتتە بولۇشى لازىم. شۇڭا تەسلىمىيەتنى يالغۇز ئاللاھقا قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال:

- پۈتۈن كۈچ-قۇدرەتنىڭ پەقەتلا ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكىگە،
- ئۇنىڭ رۇخستى بولماي تۇرۇپ ھېچ بىر جانلىقنىڭ پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا،
- ھەر نەرسىنىڭ پانى بولۇپ، ئۇنىڭ باقى بولغانلىقىغا،
- ھەر نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچ بىر نەرسىگە موھتاج ئەمەسلىكىگە،
- ئۇنىڭ ھېچ بىر ئوخشىشىنىڭ يوقلىقىغا قەلبتىن ئىمان ئېيتىش ۋە بۇ ئىمانىنى مەمنۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش كېرەك.

بۇ سەۋەپتىن قۇلنىڭ ئاللاھقا بولغان تەسلىمىيتى، ئاللاھ ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىمانىغا نىسبەتەن بولىدۇ. تەسلىمىيەت قۇللۇقنىڭ ئۆزىنى شەكىللەندۈرىشى جەھەتتىن قەلبىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئەڭ مۇھىم يۆنىلىشىدۇر. بۇ يۆلۈنۈش ئىمان بىلەن باشلايدۇ. مەئرىپەتۇللاھ ئاشقانسىرى ئۇمۇ ئېشىشقا داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا بولغان تەسلىمىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مىساللىرىدىن بىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەكس ئەتتۈردى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر نەرسە يوق ئىدى. لېكىن پەرىشتىلەر:

"ئى رەببىم! ئىبراھىمنىڭ جىنى، ئەۋلادى ۋە مېلى بار! ساڭا قانداق "خەلىل" (دوست) بولالايدۇ؟" دېگەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئۈچ يەردە ئۇنىڭ ئېتىرازسىز تەسلىمىيتىنى پەرىشتىلەرگە كۆرسەتتى. بۇ ئىمتىھانلار ۋە نەتىجىلىرى قىيامەتكىچە ئۈممەتكە مىسال بولىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلىنىدىغان ۋاقىتتا پەرىشتىلەر ياردەمگە كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ:

" سىلەرگە ئېھتىياجىم يوق! ئوتقا كۆيۈش كۈچىنى كىم بەرگەن؟" دېدى ۋە **"ئاللاھ گۈزەل ۋەكىلدۇر!"** دېيىش ئارقىلىق رەببىگە سىغىندى.

ئۇنىڭ بۇ تەسلىمىيىتىگە مۇكاپات بولغان ئوتقا:

**"ئى ئوت! ئىبراھىمگە قارىتا سالقىن ۋە سالامەت بول!"** دېيىلدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىر تەسلىمىيەت ھالىتىدە بىرسى قۇربانلىق قىلىشقا يەنە بىرسى قۇربانلىق بولۇشقا كېتىپ بارغاندا، رەببىگە بولغان يېقىنلىقىنى بۇزۇشقا تىرىشقان شەيتاننى بىرلىكتە تاش بىلەن قوغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسلىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىدا ئىكەن ئىلاھىي رەھمەت بىلەن جەننەتتىن قوچقار چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېلىمۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم زىكىر قىلىشى بىلەن قىممىتى قالماي:

"ئال، بۇلار سېنىڭ بولسۇن!" دېدى.

رۇۋەيم رەھمەتۇللاھ ئەلەي تەسەۋۋۇپنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

**"تەسەۋۋۇپ، نەپسنى ئىلاھىي ئىرادىگە تەسلىم قىلىشتۇر..."**

قۇللۇق تەسلىمىيەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ، قۇلىنىڭ ئۆزىدىن باشقىسىغا قۇل بولۇشنى خالىمايدۇ، ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىن قۇتۇلىشنى خالايدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ

**"پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى."** (بەنى ئىسرائىل، 23)

أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِن بَعْدِ اللَّهِ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ

**"(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالماسىلەر؟."** (جاسىيە، 23)

تەسلىمىيەت مۇھەببەتكە تايانغان ئىتائەت ئىشىدۇر. بۇ ئىتائەت ۋە تەسلىمىيەتنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا جېنى، مېلى، ئەۋلادى ئاللاھ يولىدا بىر توسقۇنلۇق بولمىدى. ھەج ئىبادىتىمۇ ئۇنىڭ رەببىگە بولغان

تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيىتىنىڭ قامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان ئەڭ گۈزەل سىمۋولى بولدى.

چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى قەلبىگە تەرجىمانلىق قىلغان ھالدا داۋاملىق:

أَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ

**"ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم" دېدى."** (بەقەرە، 131)

دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ھەج، ئاللاھقا مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان قۇللۇقنىڭ سىرىتقى كۆرۈنىشىدۇر. ئىنسانى سۈپەتلەردىن سۈيۈنۈپ تەسلىمىيەت ۋە تەۋەككۇل تۇيغۇلىرى بىلەن ئىلاھىي مەغپىرەت ئىقلىمىغا كىرىشتۇر. ھەج ئاستى ۋە ئۈستىگە بىر پارچا رەخ بىلەن باش ۋە ئايىغى كىيىمسىز، قۇلنىڭ پۈتۈن دۇنيا مەرتىبىلىرىدىن ئايرىلىشى، بۇ ئارقىلىق رەببىگە كۆڭۈلدىن سىغىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان تەسلىمىيەت ھالىدۇر.

ئىھرامدا بىر ئوت-چۆپنىمۇ يۇلۇشقا بولمايدۇ، بىرتال قىلمۇ چۈشۈرۈلمەيدۇ ۋە بىر جانلىق ئۆۋلانمايدۇ. بۇ ئىبادەت جەريانىدا يامان سۆز-ھەرىكەتلەر، بۇزۇقچىلىق ۋە جېدەل-ماجرا چەكلىنىدۇ. پەقەتلا ياراتقۇچىنىڭ خاتىرى ئۈچۈن يارىتىلغانلارغا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە نەزاكەت بار.

شۇنىڭدەك ھەج ئىبادىتى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، گۇناھلارنىڭ تۆكۈلىشى، پەقەت ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش، تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت بىلەن قىلىنغان بىر ئىبادەت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**رەببىمىز بىزگە تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت ئىچىدە بىر ئۆمۈر نېسىپ قىلسۇن! يەككە-يېگانە سىغىناغىمىز پەقەت زاتى ئىلاھىيمىز بولسۇن! چىن كۆڭۈل بىلەن ھەج قىلىشىمىزنى ئاللاھ ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن!**


ئەرەب قولتۇقى
شىمال
غەرب
شەرق
جەنۇب
قەرۇس
ئۇر
دىجلە
بابىل
ئۇر يولى
نىنەۋا
مۇسۇل
فىرات
ھەرران
ئۇرفا
ھەلەپ
دەمەشىق
ئامان
تىرابولى
قۇددۇس
ئەلخەلىل
ئەيلە
مەديەن
قىزىل دېڭىز
سىنا
ئاق دېڭىز
مىسىر



# لۇت ئەلەيھىسسالام

ئەخلاقسىزلىقتا ھەددىدىن ئاشقان سەدۇم خەلقىنى ھىدايەتكە چاقىرغان

## لۇت ئەلەيھىسسالام

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھارۇننىڭ ئوغلىدۇر. ئىسمى قۇرئان كەرىمدە يىگىرمە يەتتە يەردە زىكىر قىلىندۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ يولىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلىش شەرپىگە ئېرىشكەن، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يولىدا ۋە شەرىئىتىدە، ئىبادەت ئەھلى، سېخى، سەبىرچان، تەقۋا، مۇساپىرپەرۋەر بىر زات ئىدى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلُوطًا آتَيْنَاهُ حُكْمًا وَعِلْمًا وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْقَرْيَةِ الَّتِي كَانَت تَّعْمَلُ الْخَبَائِثَ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمَ سَوْءٍ فَاسِقِينَ وَأَدْخَلْنَاهُ فِي رَحْمَتِنَا إِنَّهُ مِنَ الصَّالِحِينَ

**"لۇتقا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق (لۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت قىلغان ئىدى)، ئۇنىڭ (ئائىلىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق، ھەقىقەتەن ئۇلار يامان پاسىق قەۋم ئىدى [74]. بىز ئۇنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى."** (ئەنبىيا، 74-75)

لۇت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى سەدۇمدا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

### سەدۇم خەلقى

سەدۇملۇقلار ئازغۇن ۋە ئەخلاقسىز بىر قەۋم ئىدى. بۇ قەۋم ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەر تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىقلارنى قىلدى. ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغانلارنى باستۇرۇپ:

**" ساپ كىشىلەر ئارىمىزدىن چىقسۇن!"** دەيتتى.

بۇ قەۋمدە ئىپپەت، شەرمى ـ ھايا ئۇنۇتۇلۇپ، ھايۋانلار تۈپىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر پەسكەشلىك باش كۆتۈردى ۋە قۇرئان كەرىمدە **ئېيتىلغان " بەلھۇم ئەدەل: ھايۋاندىنمۇ بەتەر"** بىر سەۋىيەگە كەلدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام بەدبەخ بىر قەۋمنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. كېچە ـ كۈندۈز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. قۇرئان ئۇنىڭ بۇ غەيرىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ لُوطٌ أَلَا تَتَّقُونَ  إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ * فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ  أَتَأْتُونَ الذُّكْرَانَ مِنَ الْعَالَمِينَ  وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُم بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت ئېيتتى: "سىلەر (ئاللاھتىن) قورقماسىلەر؟ [161] مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن [162]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [163]. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن [164]. سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر."** (شۇئەرا، 161 - 166)

سەدۇم خەلقى لۇت ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقاردى. دەۋىتىگە قۇلاق سالمىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلدى:

قَالَ لِقَوْمِهِ أَتَأْتُونَ الْفَاحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّن الْعَالَمِينَوَل

**"لۇتنى (ئەھلى سەدۇمغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىپلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەنىدى: "سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قابىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى. "** (ئەئراف، 80)

يامان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى:

وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِ إِلاَّ أَن قَالُواْ أَخْرِجُوهُم مِّن قَرْيَتِكُمْ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ

**"لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: "لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر" دېيىشتىن ئىبارەت بولدى."** (ئەئراف، 82)

ساپ ياشاش، شەرمى ھايا ۋە ئىپپەت بىلەن ياشاش ئۇلار ئۈچۈن جىنايەت ئىدى. ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئۇزۇقلىرى پاسكىنا بولغانلىقى ئۈچۈن پاكىز ساپ ئىنسانلاردىن بىئارام بولاتتى:

قَالُوا لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَا لُوطُ لَتَكُونَنَّ مِنَ الْمُخْرَجِينَ

**"ئۇلار ئېيتتى: "ئى لۇت! ئەگەر (دەۋىتىڭدىن) قايتمىساڭ، چوقۇم سۈرگۈن قىلىنىسەن."**(شۇئەرا، 167) دەپ تەھدىت قىلدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابىنى خاتىرلاتتى:

وَلَقَدْ أَنذَرَهُم بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْا بِالنُّذُرِ

**"شۈبھىسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى."** (قەمەر، 36)

لۇت قەۋمى بېشىغا كېلىدىغان ھالاكەتنىڭ دەھشىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلاھىي تەھدىتكە پىسەنت قىلمىدى. پەسكەشلىك بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

ائْتِنَا بِعَذَابِ اللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ

**"ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن"**. (ئەنكەبۇت، 29) دېدى. پەسكەشلىكىدىن ۋاز كەچمىدى.

**قورقۇنچلۇق ئاۋاز**

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئاستىدا، بىر رىۋايەتتە 40 يىل تەبلىغ قىلدى. لېكىن قەۋمىنىڭ زۇلمى ۋە ئەخلاقسىزلىقى چىدىغۇسىز ھالغا كەلدى. سەدۇم خەلقى ئىلاھىي ئازابنىڭ تەھدىدىگە پىسەنت قىلماي، بەلكى ئۇ ئازاپنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىش بىلەن بىرلىكتە قاتتىق ئازاپنىڭ كېلىشىگە

لايىق بولغان ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ پەرىشان ۋەزىيەتتە رەببىگە سىغىنىدى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم قەلەپ قىلدى. ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان ھالدا:

رَبِّ نَجِّنِي وَأَهْلِي مِمَّا يَعْمَلُونَ

**"پەرۋەردىگارىم! قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن) مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن"** (شۇئەرا، 169)

قَالَ رَبِّ انصُرْنِي عَلَى الْقَوْمِ الْمُفْسِدِينَ

**"لۇت: "پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ماڭا ياردەم بەرگىن، ئۇلار بۇزغۇنچى ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزىلىشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ، ئۇلار گۇمراھلىقتا، بۇزۇقچىلىقتا چۆمۈپ كەتكەن)" دېدى."** (ئەنكەبۇت، 30)

ئۇزۇن يىللار قەۋمىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ھىدايىتى ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىككى قىزى ۋە ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئايالىمۇ ئازغۇن قەۋمى بىلەن بىر سەپتە تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇئا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئاخىرقى چارە ئىدى. ئاللاھ تائالا لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى. پەرىشتىلەر چىرايلىق يىگىت سۈرىتىدە كەلدى. بۇ ئەھۋالدا ئازغۇن قەۋمىنىڭ ئوخشاش جىنسلىقتىن مەيدانغا كەلگەن يامان نىيىتىنى ئويغۇتۇپ، ئۇلارغا باسقۇنچىلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَمَّا جَاءتْ رُسُلُنَا لُوطًا سِيءَ بِهِمْ وَضَاقَ بِهِمْ ذَرْعًا وَقَالَ هَذَا يَوْمٌ عَصِيبٌ

**"بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: "بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر" دېدى. "** (ھۇد، 77)

لۇت ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرنىڭ چىرايلىق يىگىت سۈرىتىدە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئىنسان دەپ ئويلاپ قەۋمىنىڭ ئۇلارغا باسقۇنچىلۇق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. چۈنكى ئەئراف سۈرىسىنىڭ 80 ۋە 81- ئايەتلىرىدە دېيىلىشىچە

لۇت ئەلەيھسسالامنىڭ ئىنكارچى قەۋمى ئارىسىدا بەچچىۋازلىق قىلىش كەڭ تارقالغان ئىدى.

وَجَاءهُ قَوْمُهُ يُهْرَعُونَ إِلَيْهِ وَمِن قَبْلُ كَانُواْ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ قَالَ يَا قَوْمِ هَؤُلاء بَنَاتِي
هُنَّ أَطْهَرُ لَكُمْ فَاتَّقُواْ اللّهَ وَلاَ تُخْزُونِ فِي ضَيْفِي أَلَيْسَ مِنكُمْ رَجُلٌ رَّشِيدٌ

**"لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتەت قىلاتتى). لۇت ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم[4] سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟"**. (ھۇد، 78)

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ دېيىشىچە لۇت ئەلەيھسسالامنىڭ خەلقىگە توي قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان قىزلاردىن مەقسەت، ئۆزىنىڭ قىزى ئەمەس بەلكى قەۋمىنىڭ قىزلىرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ پەقەت ئىككى قىزى بار ئىدى. ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنىڭ چوڭى ۋە مەنىۋى ئاتىسى بولۇپ سانالغانلىقى ئۈچۈن، لۇت ئەلەيھسسالام: "بۇلار بولسا مېنىڭ قىزلىرىمدۇر." دېگەن. لېكىن كۆزلىرى ئايلانغان سەدۇملۇقلار:

قَالُواْ لَقَدْ عَلِمْتَ مَا لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنْ حَقٍّ وَإِنَّكَ لَتَعْلَمُ مَا نُرِيدُ
قَالَ لَوْ أَنَّ لِي بِكُمْ قُوَّةً أَوْ آوِي إِلَى رُكْنٍ شَدِيدٍ

**"ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: "قىزلىرىڭغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن" [79]. لۇت ئېيتتى: "كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم)"**. (ھۇد، 79-80)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام لۇت ئەلەيھسسالامنىڭ قەۋمىگە قىلغان بۇ سۆز ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن مۇنداق بىر ئىزاھات بەردى:

4 قەۋمىدىكى ئاياللارنى دېمەكچى، چۈنكى پەيغەمبەر دېگەن ئۈممىتىنىڭ ئاتىسى ئورنىدا بولىدۇ.

"ئاللاھ لۇت ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن. ئۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر يەرگە (رەببىگە) سىغىنغان ئىدى. ئاللاھ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، ئۇلارغا ياردەمچى بولىدىغان يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلار ئېھسان قىلدى." (ئىبنى ھىببان، 14، 86)

قَالُواْ يَا لُوطُ إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَن يَصِلُواْ إِلَيْكَ فَأَسْرِ بِأَهْلِكَ بِقِطْعٍ مِّنَ اللَّيْلِ وَلاَ يَلْتَفِتْ مِنكُمْ أَحَدٌ إِلاَّ امْرَأَتَكَ إِنَّهُ مُصِيبُهَا مَا أَصَابَهُمْ إِنَّ مَوْعِدَهُمُ الصُّبْحُ أَلَيْسَ الصُّبْحُ بِقَرِيبٍ

**"ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): "ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (يەنى ئايالىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟" دېدى."** (ھۇد، 81)

بۇ ئازغۇن گورۇھ ئاخىرقى بىر قېتىم لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە يۈرگەن بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى قارىغۇ بولدى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەت مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَقَدْ رَاوَدُوهُ عَن ضَيْفِهِ فَطَمَسْنَا أَعْيُنَهُمْ فَذُوقُوا عَذَابِي وَنُذُرِ

**"ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قارىغۇ قىلىۋەتتۇق، (ئۇلارغا) "ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار" (دېدۇق)."** (قەمەر، 37)

قازى بەيزاۋى ۋە فەھرىددىن رازىنىڭ بايان قىلىشىچە پەرىشتىلەردىن بىرسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىدى. بىرقانچە كىشى ئىشىكنى چېقىپ ئىچىگە كىرگەن چاغدا بىر ھەرىكەت بىلەن ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىنى قارىغۇ قىلىۋەتتى.

ئۇلار ھۇدۇقۇپ كەتكىنىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە، ئىشكنى تاپالمىغاندا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قوللىرىدىن تۇتقان ھالدا سىرتقا چىقىرۋەتتى.

فَلَمَّا جَاء أَمْرُنَا جَعَلْنَا عَالِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهَا حِجَارَةً مِّن سِجِّيلٍ مَّنضُودٍ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَ وَمَا هِيَ مِنَ الظَّالِمِينَ بِبَعِيدٍ

**"بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق [82]. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس."** (ھۇد، 82 - 83)

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئىلاھىي ئازاپنىڭ كېلىشى ۋە ھالاك بولۇشى ھىجر سۈرىسىنىڭ 57 - 58 - ئايەتلىرىدە بايان قىلىنىدۇ .

قۇرئان كەرىمدە بۇ قەۋم ياشىغان يەرلەر ئاستىن-ئۈستىن بولغان مەنىدە **"ئەل-مۇئتەفىكە"** دەپ بايان قىلىنىدۇ.

لۇت قەۋمى بەچچىۋازلىققا ئوخشاش يىرگىنىشلىك گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەۋۋەل قورقۇنۇشلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاتتى، كېيىن يەرلىرىنى ئاستىن ئۈستىن قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە تاش ياغدۇردى. بىر مىللەتنىڭ يوقۇلۇپ، تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچۈرۈلۈشى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بىر پالاكەت بولماس!

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كېيىن كېلىدىغان ئىنسانلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلغانلىقىنى مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَاتٍ لِّلْمُتَوَسِّمِينَ وَإِنَّهَا لَبِسَبِيلٍ مُّقِيمٍ * إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ

**"ئۇنىڭدا (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابتا) كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [75]. ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا [76]. بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار."** (ھىجر، 75 - 77)

ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ 35 - ئايىتىدە بۇ ئەخلاقسىز قەۋمنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەينىدىن كەلگەن ئۈممەتلەرگە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن بىر قىسىم ئالامەتلەر قويۇپ قويغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

وَلَقَد تَّرَكْنَا مِنْهَا آيَةً بَيِّنَةً لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ

**"چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئىبرەت قىلىپ) ئۇنىڭدىن (يەنى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزلىرىدىن) روشەن نىشانىنى ھەقىقەتەن قالدۇردۇق."**
(ئەنكەبۇت، 35)

بۇ نىشانە ھالاك قىلىنغان قەۋمنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر، خاراپ بولغان يۇرتلارنىڭ خارابىلىكلىرى، ئاسماندىن ياغدۇرۇلغان تاشلار ۋە قاپقارا ئاققان دەريا شەكلىدە تەپسىر قىلىنغان.

فەھرىددىن رازى لۇت قەۋمنى بايان قىلغان ئايەتلەرنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىگە خىتاپ قىلىپ نازىل قىلىنغانلىقىنى خاتىرلىتىپ، **"ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا."** دېگەن ئايەتتىن يولغا چىقىپ؛ " مەككىلىكلەر تىجارەت ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شامغا باراتتى. شام يولى لۇت كۆلىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىن ئۆتەتتى. بۇ سەۋەپتىن لۇت قەۋمىنىڭ خارابىسىنى بۇ يەردە ئىزدەش كېرەك" دەپ ئىزاھات بەرگەن.

**لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ۋە ئەۋلاتلىرى**

لۇت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ، ۋەزىپىسىنى باشلىغاندا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋەپات ئىسىملىك بىر ئايالى بار ئىدى. بۇ ئايالى 20 يىلدىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن لۇت ئەلەيھىسسالام ۋاھىلە ئىسىملىك سەدۇملۇق بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالدى. لېكىن ۋاھىلە مۇناپىق بىر ئايال ئىدى. قەۋمىنىڭ ئىمانسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرى ئالدىدا ھەرىكەتسىز ئىدى. ھەتتا قەۋمنى لۇت ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەخپى قوللايتتى.

بىر ئاخشىمى قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر چىرايلىق يىگىتلەر سۈرىتىدە ئۆيىگە كەلدى. ۋاھىلە بۇنى دەرھال بېرىپ قەۋمگە خەۋەر قىلىپ، لۇت ئەلەيھىسسالامغا خىيانەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ قەۋمى بىلەن بىللە ھالاك بولدى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مۆمىن قىزى بولۇپ، لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇش ئەسناسىدا ئاتىسى ۋە ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەر بىلەن بىللە سەدۇمدىن چىقىپ ئىلاھىي ئازاپتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار ئاتىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى قىزنى ئۆزىنىڭ قەۋمىدىن

بولغان ئىككى مۆمىن بىلەن نىكاھلاپ قويىدى. ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىنى بەرىكەتلەندۈردى. مەديەن خەلقى ئۇلاردىن مەيدانغا كەلدى.

**لۇت قەۋمىدە مەيدانغا كەلگەن يامانلىقلار ۋە ھالاك بولۇش سەۋەپلىرى**

1. بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش،

2. بەچچىۋازلىق (ئەركەكلەرنىڭ بىر-بىرلىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى).

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسى شەرىپتە مۇنداق دەيدۇ: "لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان قەبىھ ئىشلىرىنى قىلغانلارنى كۆرسەڭلار ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېڭلار!". (تىرمىزى، ھۇدۇد، 24\1456؛ ئەبۇ داۋۇد، ھۇدۇد، 28 \ 4462)

ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم: "لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشنى (بەچچىۋازلىقنى) قىلغان مەلئۇندۇر (لەنەتلەنگەن)" دېگەن. (تىرمىزى، ھۇدۇد، 24\1456)

مالىك بىن دىنار مۇنداق دەيدۇ:

"ئۆتمۈشتىكى ئۇممەتلەرنىڭ ھېچ بىرى بەچچىۋازلىق قىلمىدى. پەقەت بۇ قەبىھ ئىش لۇت قەۋمى ئارىسىدا كۆرۈلدى. بۇ ئىشنى ئۇلارغا شەيتان ئۆگەتتى. ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىگە زىت بولغان بۇ ئىشنى قىلغاندا ئىلاھىي ئازاپقا دۇچار بولدى.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا شەھۋەتنى نەسلىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن بەردى. ئۇنى بىرىلىش غايىسى ۋە ھېكمىتىنىڭ سىرتىدا قوللىنىپ غاپىللەرچە ھەرىكەت قىلىش، ئىنساننىڭ جاھالەت ۋە ئازغۇنلىقىدۇر. بۇ ئىنسانلىق شان-شەرەپ ۋە كىملىكىنى ئاياق ئاستىغا ئېلىپ ھايۋانلاردىنمۇ بەتەر پەسكەشلىككە چۈشۈرۈشتۇر."

3. بەچچىۋازلىق بىلەن ئۆلتۈرۈش.

لۇت قەۋمىنىڭ ئازغۇنلىرى،بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى خالىغان زامان ئۇنى بەچچىۋازلىققا بۇيرۇپ، بۇ شەكىلدە قىينىغاندىن كېيىن ئۆلتۈرەتتى.

4. سەدۇملۇقلار ئېپپەتسىزلىكنى ئاشكارا ئېلىپ باراتتى. ئېپپەتلىك كىشلەرنى ئەيىپلەيتتى. شۇنچىلىك پەسكەش ھالغا كەلگەن بولۇپ، يەل چىقىرىشنىمۇ ئاشكارا ھالدا كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرى قىلاتتى.

لۇت قەۋمى قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ، ئېپپەتلىك ھالدا ياشاپ ئۆزلىرىگە نەسىھەت قىلغانلارنى خالىمايتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

**" ئى لۇت! بۇ سۆز ۋە نەسىھەتلىرىڭدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولساڭ يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىلىسەن!"** دەيتتى.

5. يول توسۇش، شېغىل تاشلارنى يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئۈستىگە ئېتىش. ئۇلار يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېنىغا شېخىل تاشلاردىن ئېلىپ، ناتونۇش بىرى ئۆتسە ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى.

6. سۇخەنچىلىك (سۆز توشۇش)

7. بىخىللىق.

ھەسەن بەسرىدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەپلىرىنى سانىغاندىن كېيىن ھەدىسنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېگەن:

"مېنىڭ ئۈممىتىم بۇ ھەقسىزلىقلارغا شۇنى قوشۇپ قىلاركى، بۇ ئاياللارنىڭ ئاياللار بىلەن بولغان جىنسى مۇناسىۋىتىدۇر." (ئوخشاش جىنسلىق)..."(سۇيۇتى، ئەل جامىئۇسسەغىر، 11، 51)

ئاللاھ تائالا لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئىبرەت ئېلىشنى ئەمر قىلىپ، ھالاك بولغان قەۋملەرنىڭ خارابىسىنى، ئىنسانلىق تارىخى ئۈچۈن ئىبرەت قىلىپ قالدۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

لۇت كۆلىدىن كۆرۈلۈپ تۇرغان "ئۈپ-ئوچۇق بەلگىلەر" ئاجايىپ ھەيران قالارلىقتۇر. لۇت كۆلىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن ئۇ تۇپراقلارنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىمۇ دىققەت تارتىدۇ. كۆل ئاق دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا. كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىمۇ تۆت يۈز مېتىردۇر. يەنى ئاق دېڭىزنىڭ يۈزىدىن سەككىز يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا. لۇت كۆلى ئەتراپىنىڭ سىرتىدا دۇنيانىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ چوڭقۇر يېرى بولسا پەقەت يۈز مېتىردۇر. ئۇ يەرنىڭ قۇرۇلىشىمۇ لۇت قەۋمىنىڭ پەسكەشلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

رۇم سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتىدە بۇ رايونغا ئىشارەت قىلىنىپ **" ئەدنەل ئەرز: يەر يۈزىنىڭ ئەڭ پەس يېرى"** ئىپادىسى قوللىنىلغان. بۇ ئىپادە بىلەن ئەرەپلەرنىڭ ياشىغان رايونلىرىنىڭ يېقىنلىقىدىن يولغا چىقىپ **" ئەڭ يېقىن يەر"** دەپ مەنە بېرىلگەن بولسىمۇ كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنىسى "يەر شارىنىڭ ئەڭ پەس يېرى" شەكلىدە. چۈنكى دەۋرىنىڭ تەرەققى قىلغان تېخنىك ئىمكانلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ پەس يېرى ئېنىقلانغاندا، ئۇنىڭ ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغان لۇت كۆلىنىڭ ئەتراپى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا

ئوخشاش گېئولوگىيىلىك بىر ھەقىقەتنىڭ، قۇرئان نازىل بولغان دەۋرنىڭ ئىنسانلىرى تەرىپىدىن بايقىلىشى مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ كەلامى ئىكەنلىكىنىڭ يېقىن زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان ئىلمى دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

لۇت كۆلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى تۇز نىسبىتىنىڭ يۇزدە ئوتتۇز بولۇشىدۇر. بۇ سەۋەپتىن كۆلدە بىلىق ۋە ئۆسۈملۈك ياشىمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن كۆل "بەھرۇل مەييىت" (ئۆلۈك دېڭىز) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ لەنەتلىك ماكاندا ھايۋانلارنىڭمۇ ياشىماسلىقى ئايرىم بىر ئىبرەت. قارا رەڭگىدە بولغان كۆل يىرگىنىشلىك پۇراق چاچىدۇ. بۇ كۆل ئەتراپىدا قىلىنغان گۇناھلارنى بۇ مەنزىرىلەر بىلەن ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بۇ مەلئۇن قەۋم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1800 - يىللاردا يۈز بەرگەن. ھالاكەت مەيدانىغا كەلگەن سەدۇم ۋە گوموره رايونلىرىدا ئۇ زاماندىن قالغان تۈزنىڭ كۆپلىكى سەۋەبى بىلەن كونسېرۋا ھالىتىدە قالغان ياغاچلار تېپىلغان. شەھەر خارابىلىقى بولسا ئىلاھىي ئازاپنىڭ تەسىرى بىلەن يەرنىڭ ئاستىغا پاتقان.

سەدوم-گوموره كەنتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىلاھىي ئىنتىقام بىلەن "پومپەئى پاجىئەسى" بىر-بىرىگە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**پومپەئى خەلقىنىڭ ھالاك بولۇشى**

پومپەئى رىم ئىمپېراتۇرلىقىنىڭ نەسىل بۇزۇقلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان ئىتالىيەدە. پومپەئى شەھرىمۇ لۇت قەۋمىگە ئوخشاش بەچچىۋازلىق سەۋەبىدىن چۆكۈپ كەتكەن.

تارىخى ماتېرىياللاردا شەھەرنىڭ يوق بولۇشىدىن بۇرۇنقى ھالىنى تەسۋىرلەپ، شەھەر خەلقىنىڭ ئەدەپسىزلىك ۋە بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت ئەخلاقسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان دەپ يېزىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن 70 يىل كېيىن ۋەزۇۋ يانار تېغىنىڭ تۇيۇقسىز پارتىلىشى بىلەن ئوت يالقۇنلىرى كەنتنى خەرىتىدىن ئۆچۈرگەن، ئىلاھىي ئازاپتىن ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالالمىغان. بەدبەخلەر ئاشكارا بىر ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىكەن، تاشتەك بولۇپ قالغان. بۇ ھادىسە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈزبەرگەن. پۈتۈن ئەخلاقسىزلار بۇ ئىلاھىي ئازاپتىن قېچىپ

قۇتۇلالمىغان. خارابىسى كۆنىمىزگە قەدەر بوزۇلماي، ئىنسانىيەتكە ئىبرەت ئۈچۈن ساقلىنىپ قالغان.

قۇرئان كەرىم بۇنىڭغا ئوخشاش تۇيۇقسىز ھالاك بولۇش ۋەقەلىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:

إِن كَانَتْ إِلاَّ صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ خَامِدُونَ

**"پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار قېتىپ قالدى."** (ياسىن، 29)

پومپەئى خەلقىمۇ بۇ شەكىلدە ھالاك قىلىنغان. 1900 يىلدىن كېيىن كۆنىمىزگە قەدەر كەلگەن ئۇ تاشقا ئايلانغان بەدبەخ ئىنسانلارنىڭ مەنزىرىلىرى، تارىخنىڭ ئىبرەت مەنزىرلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هَلْ تُحِسُّ مِنْهُم مِّنْ أَحَدٍ أَوْ تَسْمَعُ لَهُمْ رِكْزًا

**"ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)."** (مەريەم، 98)

تارىخنىڭ ئىبرەت بىلەن تولغان سەھىپىلىرى، بىر مىللەتلەر قەبرىستانلىقىدۇر. ئىمانسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە زۇلۇم مىللەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ بىردىن بىر سەۋەبىدۇر. ئىمانسىز ۋە زالىم قەۋملەرنىڭ "سەكراتى-مەۋت"گە ئاجايىپ بىر ئىلاھىي ئىنتىقام تەجەللىسىدۇر. ئارىدىن ئۇزۇن ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ بۈگۈن پومپەئى، ئەخلاقسىز ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىبرەت مەنزىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىن ھايۋانلاشقان ئىنسان شەكلىگە بېزەنگەن!..

بۇ ئىبرەت تەجەللىلىرى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرەلمىگەن، ھادىسەلەرنى نەپسانى تۇيغۇ بىلەن تاماشا قىلغان ئىدراكسىزلار ئۈچۈن ئاددى بىر ھەيكەلدىن ئىبارەت.

يەرنىڭ ئاستىغا پېتىپ كەتكەن ئازغۇن، ئىپپەتسىز، ھاياسىز بەدبەخلەرنىڭ ماكانى سەدۇم-گومورەنى ۋە دۇنيانى ئۆزىگە دائىم بەخت-سائادەت بەخش قىلغان بىر تەخت دەپ ئويلىغان، نەپسىنى بۇتلاشتۇرغان ئاد، سەمۇد

قەۋمىنىڭ ئۇ تاش-ئويمىلىق ھەشەمەتلىك ئاۋان سارايلىرى بۈگۈن پەقەت مۆشۈكياپىلاقلارنى خوش قىلىۋاتىدۇ.

# N

## گۈزەل ئەخلاقى ۋە نەسلىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى

ئەخلاق ۋە شەرەپ ئۆزىنكى قىلىپ يارىتىلغان ئىنساننىڭ ئاساسلىق قىممىتى، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ۋە رەببىنىڭ ئەزىمىتىنى ئىدراك قىلىپ سىرلىرىدىن نېسۋىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلار، غايىسىز ۋە مەخسەتسىز ھالدا ئۆزلىگىدىن پەيدا بولۇپ قالغان جانلىقلار ئەمەستۇر. بولاردىن ئىنسانمۇ سەۋەپسىز ۋە تەسەددىبى ھالدا بىكاردىن-بىكارغا يەپ، ئىچسۇن دەپ يارىتىلمىغان. ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدا ئىلاھىي بىر مەخسەت بار. رەببىنىڭ جامالى ۋە كامالى سۈپەتلىرى ئىنساندا تەجەللى بولغان ھالدا ئىنسان رەببىگە خەلىل (دوست) بولىدۇ.

باشقا جانلىقلار بولسا ئىنساننى ياشتىش ئۈچۈندۇر. ئىنسان "خەلىپە" قىلىندى. خەلىپە بولۇش پىداكار ئىنسانلارغا بەخشىتىلگەن بىر ۋاكالەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ۋاكالەتنى جايىدا قوللانغانلارنىڭ كۆرگەن كۆزى، ئاڭلىغان قولىقى بولىدۇ. بۇ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش بىلەن مۇمكىندۇر. بۇ ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئۈستىنىنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ

**"ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ [34]. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەبىرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ."** (فۇسسىلەت، 34-35)

قۇرئان ئىنسانلارنى ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى نوقتىسىغا ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئىبادەت ۋە زىكىرلەر گۈزەل ئەخلاق بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ. ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەي ئۆزىنىڭ غەيۋەتىنى قىلغانلارغا يامانلىق بىلەن

قارشىلىق بەرمەستىن ئەكسىچە ھەدىيە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقان.

ئىلاھىي گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە جەم قىلىپ دۇنياغا كەلگەن ئىنسانغا، ھايات ئىمتىھانلىرىنى بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت ۋە جۈزئى ئەركىنلىك بېرىلگەن. ئىنسان نەپسىدە يۇشۇرۇن ساقلانغان پاسىقلىق ۋە روھانىيىتىدىكى تەقۋالىق مەيىللىرى ئەركىن قويۇپ بېرىلگەن.

يامان خۇيلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەخسەت بولسا بىر ئىمتىھان ئۈچۈندۇر. قۇرئان كەرىمدە:

وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا  فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا  وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا

**"روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى [7-8]، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ [9]. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ."** (شەمس، 7-10)

دېمەككى، ئىنساننى ئىنسان قىلغان نەرسە، گۈزەل خۇيلار بىلەن زىننەتلىنىشىدۇر. ئىنسانلىقتىن چىقارغان نەرسە بولسا يامان خۇيلارنىڭ يېپىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا ياراتقان بۇ دۇنيادا، ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدە ياشاپ، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە قارشى چىقىش ئاقىۋىتى قورقۇنۇشلۇق بىر ھالاكەتتۇر. ئىمان ۋە ئەخلاق نىزامىغا كىرمىگەنلەر، زالىملار ئىلاھىي ئىنتىقامغا دۇچار بولىدۇ.

ئىنسانچە ياشاشنىڭ يەككە ـ يېگانە يولى **دىن** ۋە **ئەخلاق** بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئەخلاق ئۆرنىكى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا

**"سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر. "** (ئەھزاب، 21)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"مېنى رەببىم تەربىيە قىلدى ۋە تەربىيەمنى ناھايىتى گۈزەل قىلدى." (سۇيۇتى، جامىئۇسسەغىر، 1، 12) دېيىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى گۈزەل ئەخلاقنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئىنساننىڭ سىررى پەيغەمبەر ئەخلاقى بىلەن يېشىلىشىدۇ. ئۇنىڭدا قانچىلىك فانى بولسا، ئىلاھىي سىرلارمۇ شۇ قەدەر ئايان بولىدۇ.

**رەببىمىز ھەممىمىزنى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئەخلاق ۋە سائادەت بايرىقى ئاستىغا يىغسۇن!**

**ئامىن!..**

**نەسلىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى**

نەسىل، شەرەپ، شەرمى-ھايا، ئائىلە ئىلاھىي بىر نېمەت بولغان ھايات ھەققىنىڭ تەبىئى نەتىجىسىدۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پۈتۈن شەرىئەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئائىلە قانۇنىنىڭ سالامەتى ئۈچۈن نىكاھ مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. چۈنكى نەسلىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى نىكاھ مۇئەسسەسىنىڭ مۇستەھكەملىكى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئائىلە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ تەربىيە قىلىنمىغان، نىكاھنىڭ سىرتىدا قالغان نەسىللەر، تۇرمۇشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ سائادىتىنى يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلايدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن خېيىم-خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. نىكاھنىڭ سائادىتىنى پاھىشىلىكنىڭ نىجىسلىقىغا ئالماشتۇرۇشتىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق ۋە جاھىللىق يوقتۇر!

پاك بىر نەسىل يېتىشتۈرۈش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىسى ۋە سائادىتىدۇر. ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىدە ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن:

"ھېچبىر ئاتا-ئانا ئەۋلادىغا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ خەيرلىك بىر مىراس قالدۇرمايدۇ." (تىرمىزى، بىرر، 33)

ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىدە تارتىلغان جاپا-مۇشەققەت گۇناھلار ئۈچۈن كەپپارەت بولىدۇ.

ئاللاھ ئىبادەتخانا قىلىپ ياراتقان بۇ دۇنيادا، قۇللۇق مەنزىرلىرىنى، مەنىۋى قىممىتىنى، ئىنسانلىق شەرىپىنى يوقاتقان مىللەتلەرنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىن

قانداق ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئالەمگە ئىبرەت قىلىپ بايان قىلغان قۇرئان كەرىم، ئىنسانلارغا ئىرشات يولىنى كۆرسىتىپ، ئەبەدى سائادەتكە چاقىرىدۇ.

**رەببىمىز ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ رىزاسى يولىدا قوللىنىشنى نەسىپ قىلسۇن!..**

**ئامىن!**

N


تابەرىييە
ناسىرا
بېيرۇت
ئاق دېڭىز
نەبلۇس
يافا
ئاممان
ئەرىخا
قۇددۇس
سەدوم
ئەيلە (ئەقەبە)
قىزىل دېڭىز
شىمال
غەرب
شەرق
جەنۇب

..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................
..........................................................................................................................